
www.bilnur.com

ئابدۇۋەلى ئەلى

# ئاپاق خوجا

(2)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.bilnur.com

ەسئۇل مۇھەررىرى: جىلىل مۇھەممەت
ۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
ەسئۇل كوررېكتورى: ھەبىبۇللا ئىلى

www.bilnur.com

www.bilnur.com

www.bilnur.com

| 借者 | 借期 | 还期 |
| --- | --- | --- |
| ~~[illegible]~~ | ~~2006.9.28~~ | |
| | [illegible] 12.13. | |

| 还期 | 还期 |
| --- | --- |
| | |

www.bilnur.com



www.bilnur.com

ئابدۇۋەلى ئەلى

# ئاپاق خوجا

(تارىخي رومان)

(2)

中央民族学院
少数民族语言文学二系
资料室

少数民族语言文学文献信息资料中心
S0018565

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.bilnur.com

www.bilnur.com

## سەككىزىنچى باب

# بۇ يولدا شاھ مەشرەپمۇ ماڭغان

ئۇرغىلى بولماس خوجىنى،
تىللىغىلى بولماس خوجىنى.
مۇسۇلماننى خار قىلغان،
خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى.

— ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى

**مىلادى** 1683 - يىلى (توڭگۇز يىلى) 8- ئاينىڭ 6- كۈنى. ئۇلار بۇ قىزنى ئېلىپ كېلىشكەندە تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغانىدى. ئۇلار ئاپاق خوجىنىڭ قەشقەردىكى ئوردىسى ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ قولىدىكى ئۆلجىسىنى نۆكەرلىرىگە تۇتقۇزدى - دە، ئوردىنىڭ قويما دەرۋازىسىنى گۈمبۈرلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. كۈنگىرىنىڭ ئۈگەكلىرى ئارىسىدىن جىيەكچىنىڭ بېشى كۆرۈندى ۋە:

— كىم بۇ بىمەھەل كېلىپ، خان خوجامنى بىزەۋتە قىلغان؟ — دەپ قەھرلىك ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— بىز، موللا باقى بىلەن موللا ساقى، تېز ئىشىكنى ئاچ، كىشىلەر ئويغانماستا ئوردىغا كىرىۋېلىشىمىز كېرەك!

www.bilnur.com

بۇ موللا باقى بىلەن موللا ساقى ئاپاق خوجا نەدە بولسا ھەممىشە ئۇنىڭ ئەتراپىدا، بولۇپمۇ كېچىلىرى ئۇنىڭ يېنىدا تەييار تۇراتتى. ئەمما، ئۇلا ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ كۆز ـ قۇلىقىدىن ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرۇشنىمۇ بىلەتتى. بۇ ئىككىسى ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇق ۋە خۇنخورلۇقنىڭ جانلىق مىسالى بولغاچقا، كىشىلەر: «موللا باقى بىلەن موللا ساقىنىڭ يەتتە ئاتىسى جاللات، يەتتە ئانىسى يالماۋۇز» دەپ تەرىپلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ۋەھىمىلىك ئىسمىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر ئادەم تىترىمەي قالمايتتى. ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ بارلىق سىرلىق، قانلىق ئىشلىرىنى شۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق بەجا كەلتۈرەتتى. شۇئەيب خوجىنىمۇ شۇ ئىككىسىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرگەنىدى.

جىيەكچى ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يان ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇلارنى ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن يەنە ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى.

تاڭ ئاتتى، يۇلتۇزلار شاھى ئاسماننىڭ يېشىل رەڭلىك سەھراسىدا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىلكىدى. سۇبھى ئۇۋچىسى ئاتلىنىپ چىقىپ، ئۇپۇق ئەتراپىغا قىزىل كامىنىنى سۇردى. شەرق تەرەپتە شەپەق قىزى قىزىرىپ جۇلالىنىپ، ئۆز جامالى بىلەن بېقىش قىلدى. پەلەك يولۇۋسى — قۇياش شەپەق جاڭگىلى ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، جاھاننى بويسۇندۇرۇش ئۇچۇن جەۋلانبازلىق قىلدى. كائىنات كۈيچىسى قۇشلار چىمەنزارلىق ئىچىنى نەغمە ـ ناۋا بىلەن توشقۇزۇپ، پۇتكۇل ئالەمگە ئۆز ساداسىنى ياڭراتتى. باغۇ ـ بوستان نەزمىچىلىرى ئىستىراھەت ياستۇقىغا باش قويۇپ، پاراغەت ئىچىدە بەزمە تۈزۈشتى. نەرگىس گۈلى كۆزەتچى، سابا ئەلچىسى بۇلبۇل قىزىل گۈل پىراقىدا مەستخۇش بولۇپ يىقىلدى...

ئاپاق خوجىنىڭ ھەرىمىنىڭ ئالدىدىكى باغۇ ئىرەمنىڭ

www.bilnur.com

دەرۋازىسى ئۈستىگە ئورنىتىلغان ھەيۋەتلىك قۇببە ئاستىدا ھەرەمگە كىرىدىغان ياسىداق چوڭ ئىشىك نەقىشلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ھەرەمنىڭ چوڭ ئىشىكىگە ئۈچ قاتار قىزىل مىستىن ئالتۇن تاسمىلار قېقىلغان، ئىشىك ئالدىدا چىرايلىق بىر ئايۋانچە بار ئىدى. ئېرەم باغدا سېرىق ياغدەك قايناپ پىشقان سايۋا، قىر قىزلىرىنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشقان مۇناقى ئۈزۈملەر كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك سەر خىل ئىدى. مەرمەر تاش يېيىتىلغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر تۈپتە نەچچە خىل مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەر ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. دەرەخ شاخلىرىدا چۇرۇقلىشىپ سايرىشىۋاتقان تۇرلۇك - تۈمەن قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، گۈلدىن - گۈلگە ئۇچۇپ قونۇپ يۈرگەن رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر كىشىگە خۇددى جەننەتۇل رىزۋانغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئەتىگەندە باغنىڭ ھاۋاسى تازا سالقىن بولۇپ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئېرەم باغقا ئەش شاپتۇل، يارما شاپتۇل، توغاچ، جىنەستە، گىلاس، ئۈرۈك، ئالۇچا، ياڭاق، پىستە، بادام، ئەينۇلا، ئىشقىلىپ دۇنيادىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرىدىن دېگۈدەك تاللاپ ئۆز قاتارى بىلەن تىكىلگەنىدى. باغدا يەنە گۈلزارلىق بىنا قىلىنغان بولۇپ، بارلىق گۈللەرنىڭ ھەممىسى خىلى - خىلى بىلەن، تۈر - تۈرى بىلەن ئۆستۈرۈلگەنىدى. بۇ گۈللەر ئۆزىنىڭ چېچەكلىرىگە مەستخۇش بولۇشۇپ، مەيىن سەھەر شامىلىدا گىرەلىشىپ سۆيۈشۈپ تۇراتتى. ئىشچان باغۋەننىڭ تۈجۈپىلەپ ئەجىر قىلىشى ئارقىسىدا گوياكى قول بىلەن تىزىلغان گۈلدەستىلەردەك ئېرەم باغقا گۈزەللىك بېغىشلايتتى.

موللا باقى بىلەن موللا ساقى ھېلىقى قىزنى يېتىلەپ ئۇدۇل

www.bilnur.com

ئاپاق خوجىنىڭ شاھىنشىنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار گۈلزارلىق ئوتتۇرىسىدىكى سۈزۈك كۆل بويىغا يېتىپ كەلگەندە، ئىرەم باغىنىڭ باغۋىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ بىر ياش يىگىت ئىدى.

— ھە، سوپىلىرىم، يول بولسۇن! كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى موللا باقى بىلەن موللا ساقىدىن.

مۇرشىدتىن① ئەپقېچىپ كەلگەن ئولجا، خان خوجامغا سۇنىدىغان تارتۇقىمىز بۇ، — دەپ كۆرەڭلىگەن ھالدا جاۋاب بەردى موللا باقى. ئاندىن ھېلىقى قىزنىڭ بېشىنى ئوراپ قويغان پوتىنى يېشىۋەتتى ۋە باغۋەن يىگىتنىڭ قولىغا:

— قانداق، يارامدۇ؟ — دەپ شىۋىرلىدى.

— نېمە قىلاتتىڭلار بۇ بىچارە قىزنى ئەپقېچىپ كېلىپ؟ ئاتا - ئانىسى ئۇچۇن بۇنىڭدىن دەھشەتلىك قايغۇ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— ئەسلىدە بىزمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئەمما بۇ قىز ئەسلىدە خان خوجامنىڭ ھەرەمخانىسىنى بېزەيدىغان ھۆسن نازۇك ئىكەن ئەمەسمۇ؟

باغۋەن يىگىت قىزغا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى قىزنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. قىز دەرھال ئۇيىلىپ كۆزىنى يىگىتتىن ئەپقاچتى - دە، يەرگە قارىۋىدى. باغۋەن يىگىتنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى: «ھەقىقەتەن ساھىبجامال ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى - دە، كەينىگە ئىختىيارسىز بىر - ئىككى قەدەم چېكىنىپ كەتتى.

— ئۇنىڭسىزمۇ خان خوجامنىڭ ھەرىمىدە ساھىبجاماللار ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇۋېتىغۇ؟ — دېدى باغۋەن يىگىت ئۇلارغا.

— قويۇڭا بۇ گېپىڭىزنى، سىز قىز ئېلىپ قېچىپ

---

① مۇرشىد — ھازىرقى نامى مۇش. قەشقەر توققۇزاق ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

www.bilnur.com

كۆرمىگەن. شۇڭا، بۇ ئىشنىڭ لەززىتىنى بىلمەيسىز، — دېدى موللا باقى موللا ساقىغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — يېرىم كېچىدە بىراۋنىڭ قورۇق تېمىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ماغۇق تۆشەك ئۈستىدە ياتقان سۇمبۇل چاچلىق نازىنىنى ماغۇق تۆشەكلىرى بىلەن قوشۇپلا كۆتۈرۈپ ئېلىپ قېچىش — نېمىدېگەن ھوزۇرلۇق ئىش ـ ھە!

— شۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئارىغا قىستۇرۇلدى ساقى، — خۇددى باشقىلارنىڭ بېغىدىن گۇل ئۈزۈپ قاچقاندەك پەيزى بولىدۇ. بىز سۇپا ئالدىغا كەلگەندە، بۇ نازىنىن بىر خىلدا يېنىك تىنىپ توشقان ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ ياتقان ئىكەن. ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئىككى چىلگە كۆكسىنى كۆرۈپ مەھلىيا بولۇپ تۇرۇپ قالدۇق، دەڭا!، نېرىراقتا دادىسى بىلەن ئانىسى ياتقان ئىكەن. موللا باقى پۇت ـ قولىنى تۇتتى، مەن ئاغزىنى تاڭدىم ـ دە، كۆتۈرۈپلا يۈگۈردۇق. بەئەينى پاختىدەك يۇمشاق، تۇزغاقتەك يېنىك ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بىز ئۇنى كۆتۈرۈپ قورۇقتىن چىققاندىن كېيىن ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆڭكۈردۇق — تە، ئاتلارنى بولۇشىغا قويۇپ بەردۇق.

— ئۇلار تۇيۇپ قالمىدىمۇ؟

— تۇيۇشىنغۇ تۇيدى. ئەمما، ئۇلار تۇيۇپ قالغاندا، بىز ئاللىقاچان تۆت ـ بەش يول ئۈزاپ كەتكەنىدۇق. ئۇلار ئارقىمىزدىن قوغلاپ يېتەلمىدى. تاڭغا يېقىن شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. تېخى باياتىن ئاقسارايىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدۇق. مىنىڭ مۇشۇنىڭ بىلەن ئالتىنچى قېتىم قىز ئېلىپ قېچىشىم بۇ. بۇنداق ئىشنىڭ كەيپى باشقىچە بولىدۇ دەڭا! سىز بۇنى ئۇقمايسىز.

— قويۇپ بېرىڭلار بۇ بىچارە قىزنى، ھەممىمىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟ — دەپ يېلىندى باغۇەن يىگىت ئۇلارغا، — ئۆيىگە كەتسۇن، بولمىسا ئۇۋالىغا قالىسىلەر!

www.bilnur.com

— قىنى ئويلاپ كۆرەيلى، خوش ئەمسە! ... — دەپ ئۇلار قىزنى يېتىلەپ شاھنىشىنغا كىرىپ كېتىشتى. باغۋەن يىگىت يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى...

* * *

شاھنىشىن، ئاپاق خوجا مەرمەر تەخت ئۈستىدە چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى. ئىككى تەرىپىدە ئۇنىڭ ئەقتاب ـ غەۋسلىرىدىن بولغان خوجىلار، ئىشانلار ئۆرە تۇرۇشقانىدى. تەخت كەينىگە — ئىران نۇسخىسىدا ئىشلەنگەن، قۇرئاندىكى ئايەتلەر بىلەن بېزەلگەن يىپەك مەخپۇز گىلەم ئېسىلغان تامدا جۇڭغارىيە قالماقلىرىنىڭ چوڭى غالداننىڭ ئاپاق خوجىنى قەشقەر خانى قىلىپ تەيىنلىگەنلىك ئېرشاتنامىسى بىلەن ئۇ بەرگەن مىسران قىلىچ ئېسىقلىق ئىدى.

يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان، ئىسھاقىيچى خوجىلار قەشقەر ئەتراپىدا مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى قۇتىرىتىپ، بىرمۇنچە پاراكەندىچىلىكلەرنى تېرىپ، ئۇنىڭغا زادىلا ئاراملىق بەرمەيۋاتقانىدى.

بۇنىڭدىن بەش كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭ خۇپىيلىرى يەتكۈزگەن بىر خەۋەردە: «خوجا ئابدۇللا تەرەپدارلىرى مۇرشىد ۋە ئاقلەنگەر ئەتراپلىرىدا مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرىنى يىغىپ مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزدى. خوجا ئابدۇللانىڭ مۇھىم بىر ئادىمى تا ھازىرغىچە شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ» دېيىلگەنىدى. ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ ياراملىق سوپىلىرىدىن بولغان موللا باقى بىلەن موللا ساقىنى ھېلىقى خوجا ئابدۇللا تەرەپدارىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەنىدى. ئەمما، ئۇلار كەتكەنگە بەش كۈن بولغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر تا ھازىرغا قەدەر خەۋەر كەلمەيۋاتقانىدى. ئاپاق خوجا جىلە بولغىنىدىن خۇددى داپقا چۈشكەن مايافتەك بىر ئورنىدا جىم

www.bilnur.com

ئۆلتۇرالماي قالغانىدى.

ئۇ ئاق يىشماق، چېقىر كۆز، ئۆسكىلەڭ قېنىق قارا قاشلىق، ساقىلى تەكشى قىرقىلغان، كۆزلىرىدىن گاھ ياۋۇزلۇق، گاھ شەھۋەتخورلۇق چىقىپ تۇرىدىغان، بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان ئۇچلۇق كۇلاھ، ئۇستىگە ئاق تون كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان كېلىشكەن، گورەنلىك بىر ئادەم ئىدى.

ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇراتتى، سوپىلاردىن بىرى موللا باقى بىلەن موللا ساقىنىڭ شاھىنشىن سىرتىدا كۈتۈپ تۇرۇۋشقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئاپاق خوجا ئۇلارغا كىرىشكە ئىجازەت بەردى.

— قۇتبىل ئەقتابى[①] جانابىي ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئاللاھدەك راخمانى، ھەزرىتى ئىلياستەك[②] باقىي بولغايلا، پاك نۇرلىرى پەرىشتىلەرنىڭ شەبىستانىنى مۇنەۋۋەر قىلغاي! — دەپ تەزىم قىلىشتى موللا باقى ۋە موللا ساقى. ئۇلارنىڭ بېشى يەرگە تېگەيلا دەپ قالغانىدى.

— نېمانچە كېچىكىپ كەتتىڭلار؟ مېنىڭ تاپشۇرۇقۇم ئورۇندالدىمۇ؟ — دەپ چالۋاقاپ سوئال سورىدى ئاپاق خوجا ئارقا ـ ئارقىدىن، — سەنلەرنى بىرەرنېمىنى چاپسانراق قىلغۇزۇشقا قارىغاندا، قوتۇر ئېشەكنى يورغىلاپ چېپىشقا مەجبۇرلاش ئاسانراق!

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغايكى، — دېدى موللا باقى، — مۇرشىد ـ مۇخلىسلارنى خان خوجامغا زاكات ـ دىيەك تاپشۇرماسلىققا قۇتراتقان ئەھلى بىدئەتلەرنى[③] ھەلقۇم تىغ

---

① قۇتبىل ئەقتاب — ئاپاق خوجىنىڭ ھۆرمەت ناملىرىدىن بىرى، «ئاللانىڭ دۇنياغا مىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان شۇبھىسىز ۋاستىچىسى» دېگەن مەنىدە.

② يەنى ئىلياس پەيغەمبەر. رىۋايەتلەردە ئۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئابىھاياتنى ئىزدەپ تېپىپ ئىچكەنلىكتىن مەڭگۈ باقىي قالغان دېيىلىدۇ.

③ بۇ يەردە ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.bilnur.com

قىلدۇق. ئەمما تۆت كۈنگىچە پايلاپ قول سېلىشقا ئەپلىك پۇرسەتنى زادى تاپالماي، ئاخىر جۈمە كۈنى كېچىدىلا ئاندىن قول سېلىپ ئىشنى پاك ـ پاكىز جۆندىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇرشىد، ئاقلەنگەر[①] قورۇقلىرىدىن خان خوجامغا زاكات ـ دىيەك تاپشۇرۇشتا سەرگەشتىلىك[②] قىلغان مۇرتەدلەردىن بۇ يىلقى زاكات ـ دىيەكلەرنى تولۇق يىغىۋالغاندىن باشقا، كېلەر ئۈچ يىللىق زاكات ـ دىيەكلەرنىمۇ ئالدىن يىغىۋالدۇق.

— ئوبدان قىلىپسىلەر، — دېدى ئاپاق خوجا مەمنۇن بولغىنىدىن تەخت ئۈستىدە ئېسىغلىق تۇرغان قالماق قىلىچىغا قاراپ قويۇپ، — جاھىل مۇرتەدلەر توپىنى تەربىيىلەپ ئاقارتماق ئۈچۈن تىغ، قىلىچ، سوتا ـ سەبەندە لازىمدۇر. چۈنكى، بىزنىڭ بۇ خەلقىمىز قالماق خوجامنىڭ شەپقەت ۋە مەرھەمىتىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ!

— بەرھەق، بەرھەق! — دەپ ئاپاق خوجىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ئاغچى ئىشان[③]، — بۇ ئەھلى بىدئەتلەر سائەتتىن بىسائەتتىن زىيارە قىلىشىپ، پەقىرلەر باشتىن خالىي بولماي كەلگەنلىكتىن، قەشقەر مۇزاپىتىدە ئارانلىقتا خەزىنىگە قىرىق تۈمەن تەڭگە توختىدىلە![④] . . . قالماق خوجامغا تۆلىنىدىغان يۈز مىڭ تەڭگە، يۈز مىڭ خامنىڭ بىر قىسمىنىلا تەييارلىيالىدۇق!

— مۈلكىي قەشقەرىيە سەلتەنىتى بىزگىم ئەقتابى قۇتبىلغا قارار تاپقاندىن بۇيان، — دېدى ئاپاق خوجا ئەئيانلىرىغا قاراپ، — ھەمىشە مەسنۇۋى شېرىف ئوقۇپ، رەئىيەگە تەرىقەت، مەرىپەت، شەرىئەت بابىدا شېكەردەك سۆزلەرنى چېچىپ، ئاللادىن بەندىلىرىمىزگە دىيانەت، ئىنساپ ـ تەۋپىق، ئىمان،

---

① لەنگەر يېزىسى، ھازىر قەشقەر توققۇزاق ناھىيىسىگە قارايدۇ.

② باش تارتقان، دېگەن مەنىدە.

③ ئاپاق خوجىنىڭ ئۇلپان ـ سېلىق مۇئەككىلى. «تارىخى نادىرىيە»، قولىيازما.

④ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى. ئەسلىسى: «كېيىنكى زاماندا مىڭ تەڭگە مىڭ تون مۇدەس بولۇپ قالدىلەر.» 51 ـ بەت.

www.bilnur.com

شۈكرى ـ قانائەت تىلەپ كەلمەكتىمىز. ئىسىل خۇي ـ پەيلىمىز بىلەن ئۇلارنى ساھىب كامال قىلىپ، ياخشى ئىستىقبالغا باشلىدۇق![1]

— ھەزرىتى پىرىمىز ۋەلىيۇللانىڭ مۇبارەك قەدەملىرى يەتكەن يەردىن تاڭلا مەھشەرگىچە بەرىكەت كەتمىگەي، باسقان مۇبارەك ئىزلىرىدىن خۇشبۇيلۇق ئارتۇچ[2] ئۈنۈپ چىققاي، مىنگەن ئاتلىرى يۈز ياشتىن ئاشقاي، تۇتۇپ قويغان ھەر ياغاچلىرى چىنار بولۇپ كۆكلىگەي، مۇبارەك قوللىرىنى شىلتىگەن تەرەپتە يورۇقلۇق پەيدا بولغاي، غەزەپ قىلغاندا يەر-زېمىن تەۋرەپ كەتكەي! — دەپ گۈرۈلدەشتى خوجا ـ ئىشانلار. ئۇلارنىڭ تەنتەنىسىدىن پۈتۈن شاھنىشىن تەۋرەپ لەرزىگە كېلىپ كەتتى.

— ئاپتاپ مەسەللىك ھەزرىتى قۇتبىل ئەقتابى جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ تەزىم قىلىشتى موللا باقى بىلەن موللا ساقى يەنە، — بىز يارىماسلارنىڭ ھەزرىتىمگە بىر تارتۇقى بار ئىدى. ئۈمىد قىلىمىزكى، مەقبۇل ئەتسىلە، بىز مۇرشىد ـ مۇخلىسلارنىڭ كۆڭلىنى يەردىن ئاسمانغا كۆتۈرىدىلا!

— مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرىمىزنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ھەرگىز يەردە قويماسمىز، — دېدى ئاپاق خوجا، — چۈنكى، پىرىم ئەزەم[3]: «سوۋغات بەرمەكمۇ، سوۋغات قوبۇل قىلىپ ئالماقمۇ چەكسىز ساۋاپ ئىش» دېگەن. قېنى، ئۇ قانداق تارتۇقكىن؟

— گۈزەل باغى ئېرەمنىڭ يېگانە بىر باكىر گۈلىنى، — دەپ سۆزلىدى سىرلىق ئاۋاز بىلەن موللا باقى، — تەقدىر شامىلى سىلى ھەزرىتىمگە توغرا قىلىپتىكەن. ئۇل گۈزەلنى تەرىپلەشكە تىلىمىز گال، ئەقلىمىز لال، ئۇل پەرى پەيكارى

---

① «تەزكىرەئى پىرياران»، قولىيازما.
② ئىسرىق سېلىشتا ئىشلىتىدىغان ئارچا دەرىخى.
③ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ھۆرمەت نامى.

www.bilnur.com

پەقەت سىلىنىڭ ھەرەملىرىنى بېزەشكىلا لايىق!
بۇ چاغدا، موللا ساقى ھېلىقى تۇتقۇن قىزنى شاھىنشاھىنغا ئېلىپ كىردى. شاھىنشاھىندىكى خوجا ـ ئىشانلار بۇ چاغدا بويىنىنى قىز تەرەپكە خۇددى قاقىردەك سوزۇپ قاراشقا باشلىدى.
ئاپاق خوجا تەختتىن سەل كۆتۈرۈلۈپ ئالدىغا ئېڭىشتى ۋە خۇددى ياخشى ئولجىغا قىزىققاندەك ياكى ئېسىل جاۋاھىراتنى تاماشا قىلغاندەك، شەھۋەتخور چېقىر كۆزلىرى بىلەن قىزنىڭ بېشىدىن ئايىغىغا قەدەر سەپسېلىپ چىقتى ـ دە:
— پەرىلەر گۈلخانىسىنىڭ گۈزەل گۈلى ئىكەنغۇ، — دېدى موللا باقىغا، — ھەقىــــــقەتەن كۆزۈڭلار مال تونۇيدىكەن. مەمنۇنمىز، مەمنۇنمىز! خۇددى بىزگە بىر مەملىكەتنى تەقدىم قىلغاندىنمۇ زىيادە مەمنۇنمىز! ئول گۈزەلنى چۆچۈتۈۋەتمەي، چوڭ ئايىمغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. ئۇنىڭغا ئىلمى تەرىيابۇتتىن ئوبدان تەربىيەت قىلسۇن!...
ئاندىن ئولپان ـ سېلىق مۇئەككىلى ئاغچى ئىشانغا قاراپ:
— بۇ يىلقى ئىلبالىققا تارتۇققا ئەۋەتىلىدىغان توققۇز يۈز غالچا چوكان، توققۇز يۈز غالچا يىگىت ۋە ئولپان ماتالار مۇھەييار قىلىندىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغايكــــى، توققۇز يۈز غالچا چوكان، توققۇز يۈز غالچا يىگىت تەييار بولدى. ئەمما، يۈز مىڭ خامدىن ئاران ئاتمىش مىڭنى تەييار قىلالىــدۇق. بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە بۇ ئولپانلار مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلبالىققا يولغا سېلىنىماقچى، — دەپ مەلۇم قىلدى ئاغچى ئىشان.
موللا باقى نۆۋكەرگە قىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى شەرەت قىلدى. بۇ چاغدا موللا باقى بىلەن موللا ساقىنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئىككى ھەميان ئالتۇن جىرىڭلاپ چۈشتى...

* * *

www.bilnur.com

باغۋەن يىگىتنىڭ ھەرەمخانا تېمىنىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە ھۇجرىسىدىن كۈندىكىدەك ئاڭلىنىدىغان غەزەل بىلەن تەمبۇر ئاۋازى ئاڭلانماس بولۇپ قالدى.

بۈگۈن ئۇنىڭ قايغۇسى ئىچىگە پاتماي قالغانىدى. ئۇ ھېلىقى كۈنى موللا باقى بىلەن موللا ساقى ئېلىپ كەلگەن تۇتقۇن قىزنى كۆرگەندىن بۇيان، ئۇنىڭ قەلبىنى بىر ئوت — ئىشق ئوتى ئاپەتكە ئوخشاش ئۆرتىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تاكى سۆڭەك - سۆڭەكلىرىگىچە ھېلىقى قىزنىڭ ھەسرىتىدە ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالغانىدى. قىز ئۇنىڭ نەزىرىدە قول سۇنسا يەتمەيدىغان كۆكتىكى يۇلتۇز ئىدى. قىز ئۇنىڭغا ئەبەدىي مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئىشق ئوتى — ئەقىل بىلەن مەنتىقىغە قاچان بويسۇنغان بار؟ «ھەقىقىي ئاشىقلار، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئىشق دەردىنى شېرىن شەربەتتەك سۈمۈرۈپ لەززەتلىنەلەيدۇ!»

گاھىدا، ئۇ قىزنىڭ ئىشق ھەسرىتىدە يۈرىكى سىقىلىپ ناخۇش بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ھەزرەتنىڭ خانىقادا پەيدا بولاتتى - دە، سوپى - قەلەندەرلەرنىڭ زىكرى - سۆھبىتىگە داخىل بولاتتى. بۇ ھەمنەشىن① سوپىلار چىلىمنىڭ ئوتخانىسىغا مۇشتتەك بەڭنى سېلىپ چوغ قىلاتتى - دە، چىلىمنى خورلاپ - خورلاپ دۇت بېرەتتى. بۇ چاغدا چىلىمدىن گوياكى دەريادىن تۇمان كۆتۈرۈلگەندەك تۇتۇن تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كۆتۈرۈلەتتى. ئاندىن ئۇلار ئاتەشداننى يەرگە قاقاتتى. ھېلىقى باغۋەن يىگىت بولسا، قولىغا تەمبۇرنى ئېلىپ قەلبىدىكى ئوتلۇق پىغاننى بىراقلا تۆككىلى تۇراتتى:

① ھەمنەشىن — ھەمسۆھبەت.

www.bilnur.com

كۆرمەسەم بىردەم سېنى تەندە بۇ جاننى نە قىلاي،
قالغان ئىبراھىمدەك[①] ئول ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي
ھەم بىھىش ھۆر - غىلمان، كەۋسەرىڭنى نە قىلاي،
يەتتە ئەفلاك، سەككىز ئۇچماغنى[②] سېنىڭسىز نە قىلاي،
بۇ سەبەبدىن ياد ئېتەرگە تىلغا ئىمان كەلمەدى.

تەشنەلەپ قالدىم غەمىڭدە مېھرىبانىم قايدا سەن،
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ يۈرۈپمەن جانۇ - جانىم قايدا سەن،
ئىزدەسەم يوقتۇر ماكانى لامەكانىم قايدە سەن،
مەھرەمى رازى دىلىم، ئارامى جانىم قايدەسەن،
كۆرمەيىن ھەسرەتىدە كەتكۈمدۇر سىتەمغۇ كەلمەدى.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

قولىدىكى تەمبۇرىنى تەڭكەش قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇغان باغۋەن يىگىتنىڭ ئەسلى ئىسمى بابا رەھىم بولۇپ، قەشقەر دىياردا شاھ مەشرەپ[③] دەپ مەشھۇر ئىدى.

شاھ مەشرەپ پەرغانىدە موللا ۋەلى خوجەندى دېگەن بىر ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى بىبى خاۋەر ئىدى.

ئۇ مەكتەپ يېشىغا توشقاندىن كېيىن دادىسى ئۇنى نەمەنگاندىكى ناھايىتى ئابرۇيلۇق كاتتا ئۇستاز موللا بازار ئاخۇن دېگەن كىشىگە ئوقۇشقا بەردى. شاھ مەشرەپ ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىق بولغانلىقتىن، تېزلا خەت - ساۋاتى چىقىپ، ھاپىز - نازىملارنىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇپ يادلاپ بولدى. ئۇ

---

① ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەن. رىۋايەتتە 175 يىل ياشىغان دېيىلىدۇ. كەئبىنى شۇ بىنا قىلغان ئىكەن.

② يەتتە ئەفلاك، سەككىز ئۇچماغ — يەتتە ئاسمان، سەككىز جەننەت.

③ شاھ مەشرەپ (1634 - 1711) — موللا رەھىم بابا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگان دېگەن يېرىدىن، مەشھۇر سوپى شائىر.

www.bilnur.com

يىگىرمىلەرگە كىرگەندە «مەھدى»، «زىندى» دېگەن تەخەللۇسلار بىلەن نەزمە ـ غەزەل يازىدىغان بولدى. كېيىنكى چاغدا مەشرىقتىكى مۇلكىي تۈركىستان ۋە مۇلكىي قەشقەرىيىدە، مەغرىبتىكى مۇلكىي ئەجەم ۋە شام ئەللىرىدە «شاھ مەشرەپ» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلدى.

خۇددى ئۇلۇغ ھەكىم ئىبنى سىنا: «مەن ئۇلۇغ بولغاندا، سىغدۇرالمىدى ھەم كەڭ شەھەر، قىممىتىم ئاشقاندا بۇ ئۆمرۈم خېرىدارسىز ئۆتەر» دېگەندەك، ئانا يۇرت بولغان شۇنچە كەڭ نەمەنگان شاھ مەشرەپنى سىغدۇرمىدى. ئۇ پايانسىز پەرغانە ۋادىسىغا پاتمىدى. بۇ يەردە كۆپ تەقرىز ـ تەقىپكە ئۇچراپ، سىقىلغان ئوت يۈرەك شائىر شاھ مەشرەپ نۆۋقىران يىگىتلىك مەزگىلىدە سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە ئۇستازىنى تاشلاپ، نەمەنگاننى تەرك ئەتتى ـ دە، كۆپ مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ، ئۇزاقتىن بېرى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ تەلپۈنگەن مۇلكىي قەشقەرىيىگە قاراپ يولغا چىقتى.

شۇ چاغدا مۇلكىي تۈركىستاندىكى پەرغانە ۋادىسىدىن قەشقەر ۋادىسىغا تەگرىتاغلىرىنىڭ تېرەك داۋان دېگەن ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىلى بولىدىغان ئىككى يول بار ئىدى. بۇ يولنىڭ بىرى قەشقەر ـ ئەنجان يولى، يەنە بىرى قەشقەر ـ نارىن يولى ئىدى.

قەشقەر ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ قەدىمكى يوللار ئۇيغۇرلار تارىخىدا تۆت ئەسىر داۋام قىلغان قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ قىشلىق پايتەختى قەشقەر بىلەن يازلىق پايتەختى بالاساغۇننى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 937 يول بولۇپ، ئاتلىق ماڭغاندا توپتوغرا 23 كۈن كېتەتتى.

www.bilnur.com

قەشقەردىن يولغا چىققان ئادەم سەمەن[1] ، ئاق لەڭگەر[2] ، مۇنار[3] ، ئەنجان مەھەللىسى[4] ، ئاقتاش ئېقىن[5] ، مىڭ يول قورغىنى[6] ، كارۋانقول سېيى[7] ۋە ئوتتۇرا بۇلاق[8] قاتارلىق ئۆتەڭ ـ مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ھازىرقى ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەۋەسىدىكى غانجۇغان، قىرغىز قەبرىستانلىقى، قۇزغۇن دەريا كېچىكى، قىزىلئۆي تېغى، قىزىلئۆي داۋىنى، قىزىلئۆي قورغۇشۇن كېنى، يولچى يۇرت تېغى، بالۇغچات جىلغىسى، مارالتوقاي، ئوقسالۇر قورغىنى، مەشرەپ قورغىنى[9] ، شور بۇلاق، توغراقلىق ساز سېيى، سېرىق قومۇش، كونا ئۇلۇغچات[10] قورغىنى، ئاقباش دەريا كېچىكى، ناغرا چالدى قورغىنى، يىغىن[11] ، يىغىن سېيى، ئىتتىك ساي، قارابەل، سىمخانە، سار بۇلاق ۋە ئەركەشتام[12] ، ھازىرقى قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى توڭگۇز بۇرۇن، قىزىل دەريا بويى، مەشرەپ غارى[13] ، ئىككىزەك ئېغىزى، زاكات قورۇلى، قاپقا[14] ، كولداما دەرياسى، سۆگەت دەرياسى، تاش ئۆي، تېرەكداۋان، كامار، سار كۈچۈك، سوپى قورغان، دەرۋازا تاغلىرى، كۆلەڭگۈ توقاي، تارغالىق سېيى، تائۈك قىشلىقى، يېڭىئېرىق، قىزىل قورغان، گۈلچا قورغىنى، جىلىسۇ، توققۇز بۇلاق، چىگىرجىك داۋىنى، تالدىقورغان، لەڭگەر، ساي كېچىك، باشبۇلاق، ھادى شەيخ، ئوش[15] قاتارلىق مەنزىل ـ ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئەنجانغا يېتىپ باراتتى.

---

[1] [2][3][4][5][6][7][8] يەر ناملىرى، ھەممىسى توققۇزاق ناھىيىسى تەۋەسىدە.
[9] شاھ مەشرەپ قەشقەرگە كېلىدىغاندا، مۇشۇ يەردە ئاغرىپ قالغان.
[10] قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: «كەڭساي» دېگەن مەنىدە. بەش يولنىڭ قوشۇلۇش ئورنى، دېگەن مەنىدە.
[11] بەش يولنىڭ قوشۇلۇش ئورنى، دېگەن مەنىدە.
[12] قەدىمكى ئەركەشتام دۆلىتىنىڭ ئورنى، ھازىر قىرغىزىستان تەۋەسىدە.
[13] شاھ مەشرەپ ئىستىقامەت قىلغان غار. كېيىن تاۋاپگاھقا ئايلانغان.
[14] يەنى تۆمۈر قاپقا — قەدىمكى مەشھۇر ئۆتكەلنىڭ بىرى.
[15] قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئوش ئوبلاستىنىڭ مەركىزى.

www.bilnur.com

ئەنجان[1]— مەشھۇر پەرغانە ۋادىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، مەغرىب بىلەن مەشرىقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان مەشھۇر قەدىمكى يىپەك يولى[2] مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يەنە بىرنەچچە تارامغا بۆلۈنەتتى ـ دە، رىم، غەزنە، پىشاۋۇر قاتارلىق جايلار بىلەن تۇتىشاتتى.

ئەنجاندىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، پەرغانە ۋادىسىدىكى قوقەن، گۈلىستان، بۇخارا، خىۋە قاتارلىق جايلارغا بارغىلى بولاتتى؛ غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭسا، نەمەنگان، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغىلى بولاتتى؛ شەرقىي شىمالغا قاراپ ماڭسا قىرغىزىستاندىكى بىشكەك، بالاساغۇن ۋە قازاقىستاندىكى ئالمائاتا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بارغىلى بولاتتى؛ شەرققە قاراپ ماڭسا، قەشقەرىيىگە يېتىپ بارغىلى بولاتتى.

* * *

شاھ مەشرەپ نەمەنگاندىن يولغا چىقىپ ساقمۇ ـ ساق ئاتمىش كۈندىن كېيىن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. قەدىمكىلەر: «يول ئازابى گۆر ئازابى» دەپ بىكارغا ئېيتمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەللىرىدە يۇرتىدىن ئايرىلىپ سەرسانلىقتا چەككەن تۈرلۈك رىيازەتلىرىنى مۇنداق دەپ ئىزھار قىلدى:

نەمەنگان شەھرىدىن كەتسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ،
غېرىبلىق شەھرىدە يۈرسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
مۇھەببەت شەربىتىن ئىچتىم قازاندەك قاينابان تاشتى،
بۇ پانى دۇنيادىن كەچتىم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

① ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەسىدە.
② بەزى مەنبەلەردە: «كارۋان بۇيۇك»، «برونزا يولى» دېيىلىدۇ.

www.bilnur.com

تۇشۇبدۇر باشىمە سەۋداده مۇزى ئىشقىدىن غوۋغا،
ئۆزىگە ئەيلەدى شەيدا مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر، يۈرەرگە ھالىتىم يوقتۇر،
يۈرەكتە ئىشق ئوتى كۆپدۇر مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
قارارىم يوق تۇراي دېسەم، نەمەنگاندا يۈرەي دېسەم،
جاھاننى سەير ئېتىپ كەزسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
بۇ مىسكىن زار مەشرەپنىڭ كىشى ھالىنى بىلمەيدۇ،
بۇ يەردىن باش ئېلىپ كەتسەم مېنى يوقلاركىشىم بارمۇ؟

شاھ مەشرەپ قەشقەرگە كېلىپلا ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقىنىڭ تۆت ئىكەنلىكىنى كۆردى. كوچىلاردا قولىدا قەۋەت ھالقىلىق ساپايە، كۆپ پۇتاق كۆزلۈك سوتا ـ سەبەندە① كۆتۈرۈۋالغان خوجا مىرشاپلار ھاكىملىق قىلىشاتتى. يېنىغا تىكىشى يوق يوغان يەنجە ـ كاشكۇل ئېسىۋالغان بەتقىلىق قەلەندەرلەر يۈرۈشەتتى. قەشقەر خەلقى باشلىرىغا ئۈچلۇق كۇلاھۇ ـ سەللە، ئۇچىسىغا يەڭسىز، ياقىسىز جەندە ـ تون كېيىۋالغان رەھىمسىز، ئۆكتەم، ئەسەبىي، نادان، بولاكچى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى ئاستىدا جان تالىشاتتى.

شاھ مەشرەپ ھەممىلا يەردە زۇلۇم ـ ستەمنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئەھلى مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، خالايىقنى ئازغۇنلۇق، زالالەت ۋە جاھالەتكە باشلاۋاتقان جاھىل، ئىپلاس سوپى ـ ئىشانلار ئىتنىڭ قۇرتىدەك مىغىلدىشىپ يۈرۈشەتتى.

ئاپاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيىدە پىرنىڭ قولى بىلەن مۇرشىد ـ مۇخلىسلارنى تۇتۇش، خوجا ـ ئىشانلارنىڭ قولى

---

① ساقچى كالتىكى

www.bilnur.com

بىلەن يۇرتنى تۇتۇشتەك بىر قاتار ئىستىبدات تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، ھاكىمىيەتنى خوجىلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى.

يۇرت، مەھەللە - كويلارغا سوپى - ئىشانلاردىن خوجا ئاقساقال، خوجا ئامان، خوجا پاششاپ، خوجا مىرشاپ تەيىنلىگەنىدى. خۇپىيە — چېقىمچىلارنىڭ دەستىدىن ئەركىن - ئازادە تىنغىلى بولمايتتى.

شاھ مەشرەپ قەشقەر كوچىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇردا ئالدىدا بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئادەتتە ئىككى - ئۈچ ئادەمنىڭ بىر يەردە پاراڭلىشىپ تۇرۇشى تەقىپ قىلىنىدىغان قەشقەردە بۇ غەلىتە بىر ھالەت ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇ ئىتتىك بېرىپ قارىسا، بىر خوجا مىرشاپ قولىدىكى پۇتاقلىق سوتا - سەبەندە بىلەن بىر پەقىر ئادەمنى ھەدەپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. شاھ مەشرەپ بېرىپلا ھېلىقى خوجا مىرشاپنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى:

— تەقسىر، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، بۇنداق ئۇرۇشلىرىغا ئۇ گاداي بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

خوجا مىرشاپ بىر قاراپلا شاھ مەشرەپنىڭ ماكانسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى - دە:

— ھوي تېجىمەل، نېمە ئادەمسەن؟ نېمە كارىڭ سېنىڭ؟ — دەپ چالۋاقىدى.

— مېنىڭخۇ كارىم يوق ئىدى، — دېدى شاھ مەشرەپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىراق، قارىسام تەخسىر، ئۆزلىرى يامان ھېرىپ كەتتىلە، شۇڭا، پىچىكى ئارام ئېلىۋالارمىكىن دەپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشۇم. سوراپ باقسام بولامدىكىن، تەقسىر، بۇ كىشىنىڭ گۇناھى نېمىدۇر؟

— بۇ مۇرتەد ھارام بولۇپ قالغان گۆشنى يېدى. بۇنىڭدىن چوڭ گۇناھ - كەبىر بولامدىكىن؟

— راست شۇنداق قىلدىلامۇ ئاكا؟ بۇ نېمە

www.bilnur.com

ۋەجىدبىندۇر؟ — دەپ سورىدى شاھ مەشرەپ ھېلىقــى تاياق يېگۈچىدىن.

— خوجام، قايىلىسىلا، مېنىڭ چۆچۈرىدەك بەش بالام بار. نەچچە كۈن بولدى، يەيلى دېسەك يېگىلى يوق، ئىچەيلى دېسەك، ئىچكىلى يوق ئاچ قالدۇق، ساق بىر يىل بولدى بىر چىشلەم گۆش يېيىشكە قادىر بولالمىدۇق. بالا ـ چاقىلىــرىم گۆش يەيمىز، دەپ تولا يىغلاپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىۋەتتى. تۈنۈگۈن تۆشۈك دەرۋازىدىكى مەدىكار بازىرىدا سارغىيىپ ئولتۇرسام، ھەزرىتى خان خوجامنىڭ ئىككى سوپىسى پۇراپ قاپتۇ، دەپ بىر قوينىڭ گۆشىنى تۇمەن بويىدىكى سۆگەتلىككە كۆمگىلــــى تۇرۇپتۇ. ئۇلار كەتكىچە قاراپ تۇردۇم، ئاندىن كۆمگەن يەردىن گۆشنى ئېچىپ ئېلىپ ئۆيگە ئەپكەلدىم. قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ ئەمدى يەيلى دەپ ئولتۇرساق، بۇ ئۇلۇغ پاششاپ خوجام نەدىن ئۇقتىكى، مېنى ھارام گۆش يەپسەن دەپ تۇتۇپ، ھەزرىتى خان خوجامنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ماڭدى. مەن: «رەھىم قىلسىلا، جېنىم خوجام» دەپ شۇنچە يالۋۇرساممۇ سوتا ـ سەبەندە بىلەن باش ـ كۆزلىرىمگە ئۇرۇپ بەك ئازابلاپ كەتتى، — دېدى ئۇ زار ـ زار قاقشاپ.

— پاششاپ خوجام، — دېدى شاھ مەشرەپ، — شەپقەتلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ بۇ بىچارە ئادەمنى بىر قويۇۋەتكەن بولسىلا، سەككىز ئۇچماغقا چىــققاندىنمۇ ئارتۇق ساۋاپ تاپقان بولاتتىلە.

— ھوي جۇلدۇر كىيىمەن، سەن ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ قايلا، ماۋۇ تېجىمەلنىڭ ماڭا ئەقىل ئۆگىتىپ كەتكىنىنى؟ — دېدى خوجا مىرشاپ شاھ مەشرەپكە گۆلىيىپ.

— مەن نەمەنگاندىن ھەزرىتى قۇتبىل ئەقتابى ئاپاق خوجا پىرىمگە شەيدا بولۇپ كەلگەن دەرۋىش سوپى شاھ مەشرەپ دېگەن بولىمەن. ئەگەر قورساق ئالدىراتمىغان بولسا ئىدى، ئول پەقىر

www.bilnur.com

كىشى كۆمۈلگەن گۆشنى يېمەس ئىدى. سىلى تەقسىر خوجامۇ ئاۋارە بولۇپ ئۇنى ھەزرىتى خان خوجامنىڭ ئالدىغا سۆرەپ يۈرمىگەن بولاتتىلە.

باياتىن ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار ئەمدى بۇ چاغدا خوجا مىرشاپنىڭ خوجا پەرھىزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جاپا چەككەنلىكىنى ھەدەپ ماختاشقىلى تۇردى. نىمتە قىلىنغان گۆشنىڭ توپۇقىدىن پۇۋلەپ يەل بەرسە سېمىز كۆرۈنگەندەك، خالايىقنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاپ كېرىلىپ كەتكەن خوجا مىرشاپمۇ خېلىلا يۇمشاپ ھېلىقى پەقىر كىشىنى قويۇپ بەردى ۋە يەنە بىرەر بىتەلەيىنى تۇتماق بولۇپ گۇزەرگە كەتتى.

خوجا مىرشاپنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ھېلىقى پەقىر كىشى ئەتراپىغا بىر قارىۋەتتى - دە، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پەقەت ئۆزىلا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا دۇئا قىلىپ كەتتى. پەقەت ئۇنىڭ: «. . . پىرلەرنىڭ غەزىپىدىن، تار زاماننىڭ خەتىرىدىن، كۈندۈزى كەلگەن قازادىن، كېچىنىڭ بالاسىدىن، قۇرۇق سۆز - قۇرۇق تۆھمەتتىن، زەخمەتلىك سوئال - سوراقتىن، سۆڭكى يوق جازادىن، ئىگىسىز ئەلەمدىن، كۆزى ياماننىڭ كۆزىدىن، ئىچى ياماننىڭ ئىچىدىن، تىلى ياماننىڭ تىلىدىن، دىلى ياماننىڭ دىلىدىن، ئىمانسىزنىڭ دۇئاسىدىن، ئوتى ياماننىڭ ئوتىدىن، لەنەتلىكنىڭ رەھمىتىدىن، نەپسى بالا ئىشاندىن، بالاخور سوپىدىن، خۇنخورنىڭ كۈلكىسىدىن، نائىنساپ خوجىدىن، دىيانەتسىز قازىدىن، ئاغرىق - سىلاقتىن پاناھ بېرىڭ خۇدايىم! . . .» دەۋاتقان تىلاۋىتىلا شاھ مەشرەپنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

www.bilnur.com

موللا باقى بىلەن موللا ساقى مۇرشىد دېگەن يەردىن ئەپقېچىپ كەلگەن ھېلىقى تۇتقۇن قىزنىڭ ئىسمى قەدرىيە ئىدى. ئۇ ئەنجان مەھەللىلىك تۇردى ئاخۇن خەتتاب دېگەننىڭ قىزى ئىدى. ئانىسى ئۇنى قەدىر كېچىسى تەۋەللۇت قىلغانلىقى ئۈچۈن، دادىسى قىزىنىڭ ئىسمىنى قەدرىيە دەپ قويغانىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا دادىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ خەت ساۋادىنى چىقاردى ۋە دادىسىدىن خەتتاتلىقنى ئۆگەندى. كېيىن خىرقىتىنىڭ[①] «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دېگەن داستانىنى خەتتى تەلىق[②] قىلىپ ئىككى نۇسخا باشتىن - ئاياغ كۆچۈرۈپ چىققانىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ ھەرەمخانىسىدىكى خىزمەتكارلار قەدرىيىنى يېشىندۇرگەندىن كېيىن ھاممامدا ئۇنىڭ بەدىنىنى تازا ئىشقىلاپ - ئۇۋۇلاپ پاكىز يۇيۇپ، بەدىنىگە گۈل مايلىرىنى سۈرتۈشتى، ئاندىن ئۇنى باشتىن - ئاياغ يېڭى ئۇستىۋاش بىلەن كىيىندۈرۈشتى. ئارقىدىن ئۇنى يېتىلەپ چوڭ بىر ياسىداق خانىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىشتى.

خانىدا ئاپاق خوجىنىڭ چوڭ ئاغچىسى — چىنار خېنىم ئولتۇراتتى. ئۇ مەكتىلىك ھادى بەگ دېگەننىڭ قىزى بولۇپ، ئاپاق خوجا ئۇنى 34 يېشىدا ئەمرىگە ئالغانىدى.

ئۇ تەجرىبىلىك نەزىرى بىلەن قىزغا باشتىن - ئاياغ سىنچىلاپ قاراپ چىقتى ۋە قىزنىڭ بېشىدىكى قەلقە ياغلىقنى قولىنىڭ ئۇچىدا تۈزەشتۈرۈپ قويدى - دە:

— ئىسمىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدى ساختا مۇلايىملىق بىلەن.

— قەدرىيە، — دەپ ئاستا جاۋاب بەردى قىز يەرگە قاراپ.

---

① يەنى مۇھەممەت ئىمىن خوجامقۇلى. قەشقەر يېڭىشەھەر باغچى يېزىسىلىق. ئۇ مىلادى 1634 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1724 - يىلى ۋاپات بولغان. ئاپاق خوجىنىڭ ئوردىسىدا باغۋەن، چىراغچى، كاۋاپچى بولغان مەشھۇر سوپى شائىر.

② ھۆسنخەت نۇسخىلىرى. ئادەتتە شېئىر دىۋانلىرىنى كۆچۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

www.bilnur.com

— سەھرادىنمۇ سىلى خېنىم؟

— ھەئە.

— ئۇلتۇرسىلا، تارتىنمىسىلا، قېنى مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ئولتۇرسىلا، — دېدى چىنار خېنىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئاندىن:

— ھەزرىتىم قاچانكى سىلىنى خالاپ كۆڭلى تارتقىچە سىلى مېنىڭ قېشىمدا تۇرىدىلا، ئۇقتىلىمۇ؟ مېنىڭ بۇ گېپىمنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويمىسىلا. مۇبادا، ئالدىراپ كېتىدىغان بولسىلا، ئۆلگەنلىرى شۇ!...

قەدرىيىنىڭ ھۆسنىنىڭ چىرايلىقلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان چىنار خېنىم ئۇ ھەرەمگە كەلتۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز يېنىغا چاقىرتقانىدى. ئۇنى كۆرۈپلا دەرھال ئۆزىنىڭ خاس خىزمەتكارلىرى قاتارىغا قوشۇۋالدى.

چىنار خېنىم ئاپاق خوجىنىڭ چوڭ خوتۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن خوجىسىنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئېرىشكەن خانىم ئىدى. ئۇ پۇرسەت بولسىلا شۇر ئەڭگىز[1] سۆزلەرنى ئېيتىپ، خوجىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ خوجىسىنى ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆز قولىدا ئوينىتىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ياش، ياكى چىرايلىق قىز - چوكانلارنىڭ ئاپاق خوجىغا يولۇقۇپ قېلىشىدىن تولىمۇ قورقاتتى. چۈنكى، مۇبادا ئېھتىياتسىزلىق قىلىنسا، باشقىلار بۇنداق مەرتىۋىلىك ئورۇنغا چىقىۋالغان بولمايتتىمۇ...

* * *

شۇنداق قىلىپ، قەدرىيە ئاپاق خوجىنىڭ چاڭگىلىدىن

---

① خۇلقى پاراڭ، دېگەن مەنىدە

www.bilnur.com

ۋاقتىنچە بولسىمۇ قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ قارا بەختى تېخى خالاس تاپقىنى يوق ئىدى. ئۇ ھەمىشە ۋەھىم ئىلكىدە ياشايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى زادى خۇش بولۇپ باقمايتتى. دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئىزتىراپقا چۆككىنىنى چۆككەندى. ئۇ مۇرشىدتىكى سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ يارەنلىرىنى ئەسلەپ سېغىناتتى. ئەمما، ئاپاق خوجىنىڭ بۇ تاغدەك ئېگىز تام، ئۆگەك ـ كۆنگىرىلىك ھەرىمى ئۇنىڭ ئۈچۈن پانى دۇنيادىكى دوزىخى قەپەز ئىدى. بۇ يەردىن قانات ياساپمۇ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ ھەرەمنىڭ ئەركىسىز، زېرىكىشلىك تۇرمۇشىغا زادىلا كۆنەلمىدى. تاقەتسىزلىك ئۇنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا قىيناپ، يۈرىكىنى ئېزەتتى. ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ زادى چىديالمىغاندا، قولىغا دۇتارنى ئالاتتى ـ دە، بىر ـ ئىككى پەدە چېلىپ يۈرىكىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنى باساتتى.

بۇگۈن چىنار خېنىم يوق ئىدى. قەدرىيە باغ ئارىلىغاچ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ كېلىش ئۈچۈن كۆل بويىغا قاراپ ماڭدى.

ئاپاق خوجىنىڭ ھەرەمدە ئۇنىڭ رەسمىي نىكاھىدىكى خوتۇن ـ توقاللىرىدىن باشقا يەنە ھەرقايسى يۇرت ـ ئايماقلارنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭغا دۇئا قىلغۇزغان قىز ـ چوكانلار ۋە باشقا تائىپە خەلقىدىن بولغان قىز ـ چوكانلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالتۇن سېيىسك دېگەن بىر موڭغۇل قىزىمۇ بار ئىدى. ئۇ ھازىر ئالتۇنخان دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خوتۇننى ئاپاق خوجا ئىلبالىققا — قالماقلارنىڭ چوڭى غالدانىنىڭ ئالدىغا پاناھلىق تىلەپ قېچىپ بارغاندا ئۆز ئەمرىگە ئالغانىدى. ئۇ غالدانىنىڭ لامجاپ تەيجى دېگەن ئەقىلدارىنىڭ قىزى ئىدى. ھەرەمدىكىلەر ئۇنى «قالماق ئايىم» دەپمۇ ئاتايتتى. قالماق ئايىم قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن تېزلا

www.bilnur.com

ئۆزلىشىپ كەتتى. ئۇ ئادەتتە: «ئوتۇننىڭ ياخشىسى قامغاق، خوتۇننىڭ ياخشىسى قالماق، ئاتاڭدىن ئۇدۇم قالغان، خوتۇنغا① خوتۇن ئالماق» دېگەن ناخشىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئاۋۇ بادام قاپاق خېنىم تەتەي پاشا دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئاپاق خوجا سۈجۈدا مۇھاجىر بولۇپ تۇرغاندا، شۇ يەردىكى تۇڭگانلارنىڭ خۇپىيە سۇلۇكىنىڭ ئىمامى ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىد بولغاندا دۇئا قىلدۇرغان تۇڭگان قىزى ئىدى؛ ئۆلەنلىرى بىلەن باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ يۈرىدىغان قىپچاق ئايىمنىڭ ئىسمى گۈلپەش ئىدى. ئۇنى ئاپاق خوجا قىرغىزلارنىڭ ئارىسىدا سۇلۇك تەرغىباتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، بۇرۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئامانباي ئۇنىڭغا دۇئا قىلدۇرغانىدى...

ئاپاق خوجا ھەرىمىنىڭ تۇتقۇنلىرى بولغان بۇ قىز-چوكانلار ئادەتتە ھەرەمخانىنىڭ باشقا-باشقا خانىلىرىدا تۇرۇشسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ دەردى بىر بولغاچقا، چىنار خېنىم بولمىغان چاغدا كۆل بويىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇشۇپ ھەمدەردلىشەتتى ياكى دۇتار-تەمبۇر چېلىشىپ ئىچ پۇشۇقلىرىنى چىقىرىشاتتى.

بۈگۈنمۇ كۆل بويىدا قىز-چوكان كېنىزەكلەر كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بىلەن دۇتارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قەدرىيە ئۇدۇل كۆل بويىغا قاراپ ماڭدى.

— كەل، يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇر، — دېيىشىپ قارشى ئالدى ئۇلار بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان قەدرىيەنى كۆرۈپ.

— قېنى، قەدرىيەخان، دۇتارنى قولۇڭغا ئال-دە، بىر سايرىتىۋەتە خېنىم! بىزنىڭ دەردلىك كۆڭلىمىز ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس! — دېدى كېنىزەكلەردىن غۇنچىخان دۇتارنى

① خوتۇنغا — موڭغۇل تىلىدا «ئويغۇرغا» دېگەنلىك بولىدۇ.

www.bilnur.com

ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ.

قەدرىيە دەردلىك كۈلۈپ قويدى ـ دە، دۇتارنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى ۋە ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ چېلىشقا باشلىدى:

چەكمە دوستۇم تارىمنى،
ئەلگە يايما زارىمنى.
چۈشۈمدىمۇ كۆرمىدىم،
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى.

بېرىپ ئېيتىڭ تورغايلار،
بۇ غېرىب كىمنى پايلار؟
مەندەك كۆيگەنمۇ مەجنۇن،
شۇنچە يىل، شۇنچە ئايلار.

. . . . . . . . . . . . . . . . .

— ئاھ، يارايسەن دوستۇم، — دەپ چاۋاك چېلىپ كەتتى غۇنچىخان، — ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدىكى دەرت ـ پىغانلىرىمىزنى ناخشاڭغا قېتىپ، ئىچ پۇشۇغىمىزنى بىر چىقاردىڭ!

— يەنە بىرنى، يەنە! — دەپ چۇقان كۆتۈردى باشقا كېنىزەكلەر.

— تىنچ! جىم تۇرۇڭلار. شورى قۇرۇغۇرلار! — دېدى قىپچاق ئايىم، — ھېلىقى باغۋەن يىگىت يەنە تەمبۇر بىلەن غەزەل ئوقۇۋاتىدۇ، ئاڭلاڭچۇ!

كېنىزەكلەر جىم بولۇشتى. ھەرەمباغ تەرەپتىن تەمبۇر بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان غەزەل ئاڭلاندى.

www.bilnur.com

باغۋەن يىگىتنىڭ غەزىلىنى ئاڭلىغان كېنىزەكلەر خۇش ۋە بىخۇد بولۇشۇپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ كۆڭگىرىلىك تام ئۈستىگە چىقىشتى ۋە ئۆگەكنىڭ ئارىلىرىدىن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشتى. ھەرەمباغدىكى سۆزۈك كۆل بويىدىكى مەجنۇن تالغا يۆلىنىپ ھېلىقى باغۋەن يىگىت غەزەل ئوقۇۋاتقانىدى.

— كىم بۇ، — دەپ سورىدى قەدرىيە قىپچاق ئايىمدىن.

— ھە، بىر كۆرۈپلا شەيدا بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۇ نەمەنگانلىق شاھ مەشرەپ دېگەن غەزەلخانمىش. ھازىر ئىرەمباغدا باغۋەن بولۇپ ئىشلەيدىكەن. راست، ئۇ قايسى كۈنى مېۋە سۇنۇپ بەرگىلى ھەرەمگە كىرىپتىكەن تېخى، — دەپ جاۋاب بەردى قىپچاق ئايىم.

قەدرىيە بۇ باغۋەن يىگىتنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولغان ھېلىقى يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

*　　　　*　　　　*

بۈگۈنكى جۈمە نامىزىغا ئاپاق خوجا ئۆزى ئىماملىق قىلدى. سان ـ ساناقسىز تەقۋادار نامازخانلار جامەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا سانجاق ـ سانجاق تۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار پەرھىز، سۈننىتى بولۇپ جەمئىي ئون رەكئەت بىلەن جۈمە نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن ئاپاق خوجا مۇنبەردە جامەئەتكە تەبلىغ ئېيتىشقا باشلىدى.

— ئەششەيخۇبىقاۋ مېھر كەننەبىبۇبى ئۈممەتەھۇ[①]، — دەپ باشلىدى ئۇ تەبلىغىنى، — پىرلارنىڭ جەزەبى تەجەللىياتى[②]

① «پىر دېمەك — پەيغەمبەر دېمەك. مۇرىت دېمەك ـ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرى دېمەكتۇر. ئاللادىن پەيغەمبەرگە قانداق ۋەھيي كەلگەن بولسا، ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھيي كېلىدۇ.»

② جەزەبى تەجەللىياتى — غايىبنى بىلىش قۇدرىتى.

www.bilnur.com

ئەرۋاھى قۇددۇسنى كۆرسىتىپ، ئىنس - جىنلارغا سىر ئەسرارىنى بىلدۈردۇ؛ پەيغەمبەرى بەھرى مۇردىدىن ئۆتكۈزۈپ، بېشىنى ئەرشىنىڭ سۇرەييادىن زېمىنىدىكى تەھتى ئەسراغىچە تاماشا قىلدۇرۇپ[①]، خۇدانىڭ ئاپتىپىنىڭ نۇرى بىلەن مۇنەۋۋەر قىلدىلەر!

— ئاللا ھۇممە! ئاللا ھۇم! — دەپ جەررە سوقتى سوپىلار جامەنىڭ تۆت ئەتراپىدىن.

— قادىر ئاللا بىزگە شۇنداق كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلغانكى، — دەپ سوپىلارنىڭ جەرسىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان تەبلىغىنى داۋاملاشتۇردى ئاپاق خوجا، — مۇبادا، بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە مۇرتلىرىمىزنىڭ شەھىدانلىقىغا بېرىپ ھەممە شەھىدلەرنى تىرىل دەيدىغان بولساق، ھازىرلا تىرىلىدۇ! ئەۋلىيا خۇدانى تەلەپ قىلىپ تاپقان كىشىدۇر!

— ئى ھەزرىتى مۇردىل ھىدايىتۇللا قۇتبىل ئەقتابى پىرىم، — دەپ لوقما تاشلىدى گۇپپاڭچى سوپىلاردىن بىرى، — خۇدانى قانداق قىلغاندا تەلەپ قىلىپ تاپقىلى بولىدۇ؟

— ئەۋلىيا - پىر ئۇچۇن شاراب - نەشىن بولۇش كېرەك، نۇشنى شاراب[②] قىلغاندىن كېيىن مەستى - مۇستەغرەق بولۇر. مەستى - مۇستەغرەق بولغان كىشى جەرە - سۆھبەت قۇرۇر. جەرە سۆھبەتتە مەستى - مۇستەغرەق بولغانلار تەلەپ قىلىشى كېرەك. تەلەپ قىلغانىكەن، ئەلۋەتتە خۇدانى تاپىدۇ. دېمەك، خۇدانى تاپمەن دەپ ئالەمدىن مۇشۇنداق مەستى - مۇستەغرەق پېتى كەتكەن بەندە مەھشەرگاھتىمۇ ئاللانىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈش ئۈچۈن گۆرىدىن مەستى - مۇستەغرەق پېتى قوپىدۇ! . . .

---

① «بېشىنى ئاسماننىڭ تەكتىگىچە، ئايىغىنى يەرنىڭ تەكتىگىچە يەتكۈزۈپ ساياھەت قىلدۇرۇپ»

② نۇشنى شاراب قىلىش — ھاراق - شاراب ئىستېمال قىلىش.

www.bilnur.com

تەبلىغ ئاڭلاپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە شاھ مەشرەپمۇ بار ئىدى. ئۇ ئاپاق خوجىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ يېنىدىكى بىر بۇرادىرىنىڭ قۇلىقىغا: «پاھ، كەيپى قىيامەتكىچە يېتىدىغان بۇنداق كۈچلۈك شارابنىڭ ھەربىر پىيالىسىنى مىڭ تەڭگىگە سېتىۋالسىمۇ ئەرزىيدۇ!» دەپ پىچىرلىدى. ھېلىقى بۇرادىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

— نىھايەت، خۇدانى تاپقان ئىكەنمىز، بىز بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدا نېمە پەرق بولسۇن!...

— ئاللاھ ھەق، خان خوجام ھەق!

— ھەرقانداق مۇرىد ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز نەپسىنى يېڭىۋالسۇن! سەۋر - تاقەت قىلسۇن! ئۆز قىسمىتىگە شۈكرى- قانائەت قىلسۇن! ھىدايەت ئىزدەيمەن دەيدىكەن، رىيازەت چېكىشتىن قورقمىسۇن! ھەرقانداق مۇرىت ئۆز جېنىنى قىينىسا، ئاللا ئۇنداق بەندىنىڭ ئۇ دۇنيالىقىنى بېرىدۇ، سوپىلىقنىڭ يولى شۇ. ئاشۇنداق قىلمىغانلار سوپى بولالمايدۇ. شۇڭا، ئۈممەتلىرىم، ئىبسىڭلاردا بولغايكى، زىنھار مۇشۇ يولنى تەرك ئېتىپ، قەلەندەرچىلىك ئۇدۇمىنى تاشلىغۇچى بولماڭلار!...

بۇ سۆزلەردىن تەسىرلىنىپ بىرنەچچە ئادەم يىقىلىپ چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بۇژۇلداپ كۆپۈك چىقىۋاتاتتى.

— ھەدىس شېرىفتە شۇنداق دېيىلگەن، — دېدى ئاپاق خوجا تەبلىغنى داۋاملاشتۇرۇپ، — «مېنىڭ ئەسھابلىرىم نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كېمىسىگە ئوخشايدۇ. ھەرقانداق كىشى مېنىڭ ئەسھابلىرىمگە ئەگەشسە ئامان قالىدۇ. كىمكى مېنىڭ ئەسھابلىرىمگە قارشى تۇرسا، ئۇنداقلار ھالاك بولىدۇ!» قەدىمكى زاماندا، ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى سەرگەشتىلىك قىلىشىپ چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىپ، خامۇش - پارامۇش بولغانلىقتىن، خۇدا توپان سۈيىنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى سۇغا

www.bilnur.com

باستۇرۇپ جازالىغانىدى؛ شەيخ نەجمىددىن كۇبرا[①] دېگەننىڭ زامانىسىدا ھېلاكۇ[②] دېگەن خاقان لەشكەر باشلاپ كېلىپ، نەجمىددىن كۇبرا باشلىق يەتمىش مىڭ ئادەمنى قەتلى قىلىشۋەتكەن. بۇ نېمە ۋەجىدىندۇر؟ بۇلار ياخشى يەپ - ياخشى كىيىپ، خۇدانى ئۇنتۇغانلىقتىن بولغان ئاقىۋەتتۇر. ھېلاكۇ خاقان دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت[③] بولۇپ ئازغىنا 12 يىل ئىچىدە، پانى ئالەمدە راھەت - پاراغەت كۆرۈشنى ئىمىزدىگەن خالايىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، خانىۋەيران قىلىپ، كۆرگەن راھەت - پاراغەتلىرىنى بۇرۇنلىرىدىن چىقاردىلەر؛ سەئىدىيە خەلقىمۇ ياخشى يەپ ياخشى كىيىپ، ئاسايىشلىق ئىچىدە راھەت-پاراغەت سۈرۈپ، نەپسىنى سەمرىتكەنلىكتىن، ئاللاتائالا قالماقلارنى مۇلكىي قەشقەرىيە خەلقىنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت قىلدىلەر. شۇڭا، ھەرقانداق كىشى ئۆي - روزىغارىدىن، بالا - چاقىسىدىن، ۋىسال - دۆلىتىدىن، خوتۇن نېمىتىدىن، دۇنيا راھىتىدىن دىلىنى تەرك ئېتىپ، بىزگە يىغلاپ ئىقتىدا قىلىپ، يۇرىكىنى كاۋاپ ئەتسە، ئاخىرەتتە راھەت - پاراغەتتە ئۆتۈر. ئاللا كاپىرلارغا بۇ دۇنيالىقنى بەرگەن، بىز ئەھلى مۇسۇلمانلارغا ئۇ دۇنيالىق باقى راھەتنى بەرگەن. ھەرقايسىڭلارنى ئۆلگەندە جەننەتۇل رىزۋان، رەۋزەئىي ماكاندا ھۆر - غىلمانلار قۇچاق ئېچىپ كۈتۈپ تۇرۇر. سىلەر ئۆلگەندە جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن تويغۇچە بەھرىمەن بولغايسىلەر! مۇبادا، ھازىرقى كۇنۇڭلارغا رازى بولمىساڭلار، خۇدا ئۈستۈڭلارغا قالماقلاردىنمۇ زور بالايىئاپەتنى مۇسەللەت قىلۇر!...

---

① يەنى ئەبۇل جانابى ئەھمەت بىننىنى ئۆمەر ئەلھەيۋەتى. خارەزىملىك مەشھۇر سوپى شائىر. ئۇ ئىلمى مۇنازىرىلەردىكى ناتىقلىقى بىلەن «ئەتتە مەتۇلكۇبرا» دەپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ ھېلاكو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولماستىن، مىلادى 1219 - يىلى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

② ھېلاكۇ — چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى. مىلادى 1257 - يىلى قۇرۇلغان ئىلخانىيە دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى.

③ مۇسەللەت — غالىب كېلىش دېگەن مەنىدە.

www.bilnur.com

— ھەق ـ ئاللا ھەق! ھەق ـ خان خوجام ھەق! ھەزرىتى قۇتبىل ئەقتابى ئاپاق خان خوجامغا ئىسلامغا ئىگە ـ مۇئەككەل بولۇش نېسىپ بولغان ۋە نېسىپتۇر! — دەپ ئالتاغىل تۇۋلاشقان بىر توپ بەڭگى سوپىلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئىچىدە ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان تەبلىغىنى ئاخىر تاماملاپ، مۇنبەردىن چۈشتى. نامازخانلار راھەت ھېس قىلىشتى. چۈنكى، ئۇزاق ئۆرە تۇرغانلىقتىن پۇتلىرى ئاغرىپ سىرقىراپ كەتكەن نامازخانلار ئۈچۈن تەبلىغنىڭ ئاخىر تۈگىگەنلىكى ئەلۋەتتە بىر خىل راھەت ـ پاراغەت ھېسابلىناتتى.

* * *

ئاپاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيەدە ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 27 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى دەپ ئېلان قىلغانىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ شەجەرى نەسەبلىرى ئۈستىدە توختالغاندا:

— مۇھەممەت پەيغەمبەردىن كېيىن بىرىنچى يۈز[1] دە تۆت چاھار يار[2] بار، — دېگەنىدى ئۇ، — ئىككىنچى يۈزدە داۋۇدە تائىد[3]، ئۈچىنچى يۈزدە زۇلنۇن مىسرى[4]، تۆتىنچى يۈزدە ئەبۇل ھەسەن ھەرەكانى، بەشىنچى يۈزدە ئابدۇلقادىر جىلانى[5]، ئالتىنچى يۈزدە مەۋلانە جالالىددىن رۇمى[6]، يەتتىنچى يۈزدە

---

① ئىسلام كالېندارى بويىچە ھىجرى 1 ـ ئەسىر. تۆۋەندىمۇ شۇنداق.

② مۇھەممەت پەيغەمبەردىن كېيىنكى تۆت خەلىپە — ھەزرىتى ئابابەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

③ ئابۇ داۋۇدەتائىد (816 ـ 840) — ئىسلام ئالىمى. زاھىرىيلەرنىڭ پىرى. ھەدىسشۇناس، كۇفەدە تۇغۇلۇپ باغدادتا ياشىغان.

④ زۇلنۇن مىسرى (796 ـ 861) — سوپىزمنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. مىسىردا تۇغۇلغان. مۇرتەزىلچىلەر تەرىپىدىن تەقىپ قىلىنىپ، قاھىرەدىكى جىزادا ئۆلتۈرگەن.

⑤ ئابدۇلقادىر جىلانى (1077 ـ 1166) — ئىرانلىق مەشھۇر ئىشان.

⑥ مەۋلانە جالالىددىن رۇمى (1207 ـ 1274) — ئىرانلىق مەشھۇر ئىشان. ئۇنىڭ 30 مىڭ مىسرالىق «دىۋانى ئەشيارى»، 47 مىڭ مىسرالىق «مەسنىۋى شېرىف» دېگەن ئەسەرلىرى بار.

www.bilnur.com

خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندى[①]، سەككىزىنچى يۈزدە مەۋلانە ياقۇپ چەرخى، توققۇزىنچى يۈزدە خوجا ئەھرار ئەبەيدۇللا[②]، ئونىنچى يۈزدە ھەزرىتى ئىمام رەببانى، ئون بىرىنچى يۈزدە مەخدۇم ئەزەم[③] ۋەئون ئىككىنچى يۈزدە بىز كىم مۇرىدىل ھىدايىتۇللا قۇتبىل ئەقتابى ھەزرىتى ئافاققا ئىسلامغا ئىگە — مۇئەككەل بولۇش نېسىپ بولغان!

ئاپاق خوجىنىڭ مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرى بولغان تەلۋە ئىشان ـ سوپىلارمۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىككى مۇجەددىتلىك[④] پەقەت ھەزرىتى قۇتبىل ئەقتابى ئافاق خان خوجامغىلا مەنسۇپ بولغان. ئون يۈزلۈك بىلەن بىر يۈزلۈكنى ئۆز ھاياتىدا جەمئىي قىلماق بۇ زاتتىن باشقا كىشىگە مۇيەسسەر بولمىغان. ئۇ بەرھەق ۋەلىيۇللاھدۇر!» دەپ ئۇنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇشتى.

ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۇ قەشقەرىيىدە يولغا قويغان روھانىيەت بىلەن سەلتەنەت بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرىنى تۆت تەبىقە ـ تۆت رۇتبىگە بۆلۈپ تەشكىللىدى. بۇ رۇتبىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە ئۆزى — قۇتبىل ئەقتابى ئاپاق خان خوجام ۋەكىللىكىدىكى خوجىلار تۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئاستىدا غەۋسىيە تەبىقىسى تۇراتتى؛ ئۈچىنچى رۇتبىدە ئىشان، مۇرشىد، ئارىپ تەبىقىسى بار ئىدى؛ تۆتىنچى رۇتبىدە خەلىپىلەر تەبىقىسى بار ئىدى.

---

① خوجا مەھەممەت باھاۋىددىن نەقشبەندى (1318 ـ 1389) — بۇخارالىق مەشھۇر نەققاش، «تەرىقەت نەقشبەندىيە» سۇلۇكىنىڭ پىرى.

② 15 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان چوڭ ئىشان. ئۇ ئالىم ۋە سۇلتان مىرزا ئۇلۇغبەگنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان.

③ مەخدۇم ئەزەم — خوجا ئەھمەت بىننى سەئىد جالالىددىن كاسانى. ئۇ ـ ئاپاق خوجىنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى.

④ مۇجەددىت — يېڭىلىقنى باشلىغۇچى، يېڭى ئەسىرگە باشلىغۇچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

www.bilnur.com

قۇتبىل ئەقتابىيلەر تەبىقىسى — ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى پۇتكۇل تەييارتاپ قورچاق دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئەڭ ئۇستىدىكى خوجىلار رۇتبىسى بولۇپ، ئاپاق خوجىنىڭ تەلىماتى بويىچە، ئۇلار ئاللا تەرىپىدىن پانى ئالەمدىكى بەندىلەر ئۇستىگە مۇئەككەل قىلىنغان ۋەلىيلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ھەر مىڭ يىلدا بىر قېتىم دۇنياغا ئاپىرىدە بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى.

غەۋسىيە تەبىقىسى — ئاپاق خوجىنىڭ تەلىماتى بويىچە ئۇلار مۇسۇلمان مۆمىنلەرنىڭ داد - پەريادىغا يەتكۇچىلەر. ئۇلار غەۋسىل ئەزەمنىڭ بىۋاستە ۋەكىللىرىدۇر. شۇڭا، ئۇلار ھەر يۇز يىلدا بىر قېتىم دۇنياغا كېلىدۇ، دەپ قارىلاتتى.

ئىشان، مۇرشىد، ئارىف تەبىقىسى — ئاپاق خوجىنىڭ تەلىماتى بويىچە، ئاللا قارا خەلقنى ئاقارتىپ ھىدايەتكە باشلاش ۋەزىپىسىنى بىۋاستە ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ئارتقان دەپ قارالغاچقا، بۇ تەبىقىدىكىلەر ھەر قايسى جايلاردا سوپى - ئىشانلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان خەلىپىلەرنى تەربىيەلەشكە ۋە ئۇلارغا ئىربىشاتنامە تارقىتىشقا مەسئۇل ئىدى.

خەلىپىلەر تەبىقىسى — خوجا - ئىشانلارنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى ۋەكىل - مۇئەككەللىرى بولۇپ، مۇرشىد - سوپىلارنى قوبۇل قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاپاق خوجا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بۆرىنى توتېم قىلغان ئوغۇزخان، كېيىن ئىسلامغا كىرگەن سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخان ۋە يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەت يۇكنەكى، سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، مەلىكە ئامانىسا، يۇسۇپ قىدىرخان، ئەلىشىر نەۋائى ۋەكىللىكىدىكى مەشھۇر سىياسىئونلىرى، ئەدىب - ئالىملىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى پۇتۇنلەي ئۆزىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسى بويىچە تەتۇر ئايلىنىدىغان غايەت

www.bilnur.com

زور چاققا ئايلاندۇردى. ھالبۇكى، بۇ تۆت تەبىقە — بۇ غايەت زور چاقنىڭ تەتۈر ئايلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بۇرما - ئەرگۈللىرى ئىدى!

دېمەك، بۇ لەنەتگەردى، كاززاپ، غالجىر خوجىلارنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى توپ - توغرا ئۈچ يۈز يىل كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى! مەخدۇم ئەزەمنىڭ بۇ يارىماس ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ جىنايەتلىرى ئۈچۈن ئەۋلادلار ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا مەڭگۈ جاۋابكارلىققا تارتىلغۇسى!

* * *

ئۇلارنى قەشقەر شەھىرىدىن ئوتتۇز يەتتە يول غەربكە جايلاشقان ئاق لەنگەر دېگەن يەردىن تۇتۇپ كېلىشتى.

بۇ ئىش قەدرىيە ئاپاق خوجىنىڭ ھەرەمگە كەلتۈرۈلۈپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن يۈز بەردى.

ئەسلىدە، قەدرىيە تۇتقۇن قىلىنىپ ھەرەمگە قامالغان بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا ئېگىز تام بىلەن مەھكەم قورشالغان بۇ زىندانى ھەرەمدىن قېچىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى. شاھ مەشرەپ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ھەرەمنىڭ ئېگىز قورۇق تېمى بۇ ئىككى ياشنىڭ دىل رىشتىسىنىڭ ئۇلىنىشىغا ھەرگىز توسالغۇ بولالمىدى.

قەدرىيە شاھ مەشرەپ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندى. ئۇ بۇرۇنقى دەرد - ئەلەملەر ئىلكىدىن ئاجراپ، ئۆزىنى ئەركىن - ئازادە تۇيىدىغان، ھەمراھلىرىغا كۈلۈپ چىراي ئاچىدىغان بولدى. ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ھەرەمنىڭ ئېگىز قورۇق تېمى ئۈستىگە چىقىپ، ئۆگەكلەرنىڭ ئارىسىدىن ھەرەمباغقا قارايدىغان، شاھ مەشرەپنىڭ تەمبۇرگە تەڭكەش

www.bilnur.com

قىلىپ ئېيتقان غەزەللىرىنى ئاڭلايدىغان بولدى.
شاھ مەشرەپمۇ قىزنىڭ ھەر قېتىم ئېگىز تام ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا نازلىق بېقىشى بىلەن سەۋر ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىغان بولدى. قىزنىڭ ھەربىر بېقىشى بىلەن ئۇنىڭ دىل خامىنىغا ئوت چۈشۈپ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ، ئاشىقى بىقارار قىلىپ قوياتتى. شۇڭا، يىگىت ھەر قېتىم پەرىشان بولۇپ، جۇنۇنلۇق مەيدانىدا پات - پات شەيدالىق ناغرىسىنى ساداغا كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قولىغا تەمبۇرنى ئالسىلا گوياكى چۆچەكلەردىكى بۇلبۇلگويا سايرىغاندا ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈللەر ئېتىلىپ چىققاندەك، ئۇنىڭمۇ تىلىدىن قەدرىيىگە ئاتاپ ئوقۇغان غەزەللىرى ئارقا - ئارقىدىن چىقىۋېرەتتى:

رۇخسارىڭ گۈزەل بىسيار، نەزەرىڭ ئېتىكى بەك تار،
قىسقا ئېتەك باغۇەنسەن، ھۆسنۈڭ بېغى بىر گۈلزار.
كىم قىلسا تاماشا گەر ۋەسلىڭ بېغى بەزمىسىدە،
كۆز ھەرىكىتىدىن يۇمغاي كىرپىكلىرىنى ھەر بار.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئۇردى ئىشقىڭ پەنجىسى، يىرتىلدى تەقۋالىق تونۇم،
بىر نەزەرگە كەتتى قولدىن بىر ئەسىرلىك تائەتىم!
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

شاھ مەشرەپ ھەرەمباغدىكى گۈللەرنى پەرۋىش قىلغاندىن باشقا يەنە، باغنىڭ يىڭى پىشقان مېۋىلىرىنى ھەپتىدە ئۈچ قېتىم ھەرەمدىكىلەرگە يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا مەسئۇل قىلىنغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم ھەرەمگە مېۋە سۇنۇپ بەرگىلى كىرگەندە، ئۆزىنىڭ قىزىق لەتىپىلىرى بىلەن كېنىزەكلەرنى كۈلدۈرۈپ خۇش - بىخۇد قىلاتتى. شۇڭا، ھەرەمدىكى كېنىزەكلەرمۇ ئۇنىڭغا بەك

www.bilnur.com

ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى.

قىپچاق ئايىم قەدرىيەنىڭ شاھ مەشرەپكە كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا، شاھ مەشرەپ ھەر قېتىم ھەرەمگە مېۋە سۇنۇپ بېرىش ئۈچۈن كىرگەندە، بىر ئامال قىلىپ قەدرىيەنى چىنار خېنىمنىڭ خانىسىدىن چاقىرتىپ چىقاتتى ـ دە، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ دىدارلىشىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرەتتى.

بىر كۈنى، كېنىزەكلەردىن غۇنچىخان شوخلۇق قىلىپ:

— ئەي مەشرەپ ئاكا، سەن قىزلار توغرىلىق بىر غەزەل ئوقۇپ بەرگىنە، — دەپ تۇرۇۋالدى.

مەشرەپمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى ـ دە، بۇ بەختسىزلەرگە ئاتاپ مۇنۇ غەزىلىنى ئوقۇدى:

كاكۇلۇڭ مۇئەنبەردۇر جان ئىچىدە جانان قىز،
يۈزلەرىڭمۇ ئەختەردۇر ياكى ماھى تابان قىز.
بىر كۆرۈپ سېنى جانان قالمىدى مېنىڭ ھالىم،
تەڭ بولۇپدۇر ئەھۋالىم بىلمەدىڭكى نادان قىز.
ئىشلارىڭ مىسالىدۇر يۈزلەرىڭ ئىرۇرچۇن گۈل،
بارچە ئەل ساڭادۇر قۇل خىزمىتىڭدە پەرمان قىز.
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەندە لەبلەرىڭنى سۈرگەندە،
مەشرەبىڭ قىلۇر خەندە لەئلى شەكەر ئەفشان قىز.
بىر باقىپ كۆز ئۈچىدىن تەنغە كەتۈردى جان قىز،
ئايلىنىپ يۈز ئۆرگىلىپ قىلدى يۈرەكنى قان قىز.
كۈندە مىڭ دەرد ئوقىن ئاتتى بۇ ھەزىن جانىمغا،
بىرىگە ئەيمەلدى لەبلەرىدىن دەرمان قىز.
يۈزىگە پەردە تۇتۇپ شەمئى ئۆزە پانۇس كەبى،
يۈز تۈمەن زوھد ئېلىنى ئەيلىدى سەرگەردان قىز.
زالىمۇ ھەم قاتىلۇ خۇنخۇار ئېرۇر بىشەپقەت،

www.bilnur.com

يار ئىلە ئەغيارنى ئالدىدە بىلۇر يەكسان قىز.
ئىشقىدا ئاھىم ئوتى ئۇچقىندۇر ئاي ئىلە كۈن،
كىم دېگەيلەر بۇ شەرەر كۆزلەرى ئول چولپان قىز.
بۇ فەلەك خۇابى ئۆزە قىلمە گۇمان ئەختەر دەپ،
سەدەپ ھۆسنىگە تولدۇردى دۇررى مارجان قىز.
ئەسلى گۇلزار ئارا بۇلبۇلدەك ئىرۇر ئەي مەشرەپ،
شەكەرىن خەندەبىلە تۇتىئى ھىندىستان قىز.

شاھ مەشرەپنىڭ بۇ غەزىلى كېنىزەكلەرگە بەك يېقىپ كەتكەنلىكتىن، خۇشال بولۇشۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ئەمما، قەدرىيە ھەممىسىدىنمۇ بەكرەك خۇش - مەستخۇش بولۇپ كەتكەندى. . .

بىر كۈنى قەدرىيە چوڭ خانىمنىڭ خانىسىدا ئالمىلارنى ۋازىلارغا تىزىۋاتاتتى. توساتتىن بىر ئالما ئۇنىڭ قولىدىن دومىلاپ كېتىپ يېرىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. ئۇ ھولۇققىنىدىن چىنار خېنىمغا قارىۋىدى، ھېلىمۇ ياخشى، چىنار خېنىم دىققەت قىلمىدى. ئەسلىدە بۇ ئالمىنىڭ ئىچى ئويۇپ ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئىچىگە خەت سېلىپ قويۇلغان ئىكەن. قەدرىيە ئالمىنىڭ ئىچىدىكى خەتنى ئېلىپلا مەيدىسىگە يوشۇرۇۋالدى. . .

ئاخشىمى، قەدرىيە شامنىڭ يورۇقىدا ھېلىقى خەتنى ئوقۇماقچى بولۇپ قولىغا ئالدى. بۇ خەت شاھ مەشرەپنىڭ ئۇنىڭغا يازغان خېتى ئىدى:

«ئەي گۈزەل مەھبۇب، — دەپ باشلانغانىدى ئۇنىڭ خېتى، — جاھان ئارا پەرىمۇسەن ياكى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىمۇ؟ دىدارىڭنى بىر كۆرۈش مەن ئۈچۈن پەرھىز بولۇپ

www.bilnur.com

قالدى. مەن بىر غېرىب، ئەسلىدە ئىشق غوۋغاسىدىن بىخەۋەر، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ياخشى ـ يامىنىدىن غاپىل، بۇ رىياكار زاماندىن سۆسەندەك ئازاد ئىدىم. قاچانكى تەقدىر ئاۋۋال سىنى ماڭا ئۇچراشتۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەقدىرنىڭ قولى ياقامدىن تۇتۇپ سىنىڭ دىلرەبالىق ساھىلىڭغا سۆرەپ كېلىپ، ئىشق زەنجىرىڭنى بويىنۇمغا سالدى. ئەمدى مەن تۇرمۇشنىڭ غەم ـ قايغۇ ۋە شادىمانلىق دېگەنلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ سالمىقى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ، قانداقلا بولسۇن، تەڭرى ئۇچۇن بولسىمۇ، مەندەك بىر ئاشىققا رەھىم قىلىپ ۋىسال تاپقۇزغايسەن!

ئەي گۈزەل مەھبۇب، خوجاڭ قىرانلىق يېشىدىن كېپەنلىك يېشىغا ئۇلاشتى. ئۇ سىنىڭدەك پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيە خەلقى دىدارىنى بىر كۆرۈشكە تەلپۈنىدىغان گۈزەل مەلىكىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىدى. بەد مۇقام سۆزلەر بىلەن جۇدالىقنى ئىختىيار قىلىپ، «ئۆزىمۇ يېمەي، ئۆزگىگىمۇ يېگۈزمەي» دۆلىتىڭنى خار، ئىشق نېمىتىڭنى زار قىلدى. ئۇنداق رىياكار ئادەم سىنىڭدەك پەرى ـ پەيكارىغا نالايىقتۇر. شۇڭا، قەدىمكىلەر بۇنداق ئادەملەر ھەققىدە مۇنداق يېزىپ قالدۇرۇشقانىدى:

قېرىلار يانى تارتار، ئوق ئاتالماس،
ئەگەر ئاتقان بىلەن ھەرگىز قادالماس.
قاشىدا ياتسا ناگاھ نازىنىن قىز،
كېچە تاڭ ئاتقۇچە بىر سۆز قاتالماس[1].

مانا مېنى كۆرۈۋاتىسەن، تازا يىگىتلىك ۋايىغا يەتكەن، ۋۇجۇدۇمدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ، ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان

① ئىبنى سىنا: «رۇبائىيلار»

www.bilnur.com

بىر نەۋقىرانمەن. ئۈزاقتىن بېرى، سېنىڭ ھۆسن ـ جامالىڭنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈش ئىستىكىدىلا، ئاشۇ لەنەتكەردى خوجاڭنىڭ ئىشىكىنى ئۆزۈمگە ماكان تۇتقانمەن. تەڭرى ـ تائالاغا مىڭ قەترە شۈكرى! قانداقلا بولسۇن، شۇنچە مېھنەت تارتقىنىمغا يارىشا ۋىسال دۆلىتىڭگىمۇ مۇيەسسەر بولۇۋاتىمەن. قالغان ئۆمرۈمدە ئەمدى بەندىلىك ھالقىسىنى قۇلىقىمغا سېلىپ، ۋاپادارلىق كەمرىنى بېلىمگە باغلاپ، جان ـ دىلىم بىلەن خىزمىتىڭنى قىلسام دېگەن ئۈمىدتىمەن!...»

قەدرىيە خەتنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، چىنار خېنىم ئۇنى چاقىرىپ قالدى. ئۇ خەتنى ئىتتىك يوشۇرۇپ قويۇپ، خانىمىنىڭ يېنىغا چىقتى...

* * *

— خېنىم، بۇ يىگىت ساڭا راستىنلا ئاشىقى شەيدا بولۇپتۇ، — دېدى قىپچاق ئايىم قەدرىيەنىڭ ھېلىقى خەت توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ، — ئۇنىڭغا ئىشەنسەڭ بولغۇدەك. مەنغۇ باھارىم خازان بولغان بىر بەختسىزمەن. سەن بولساڭمۇ ئاران كەلگەن بەخت قۇشۇڭنى ئۇچۇرۇۋەتمىگىن. بۇ ھەرەمى زىنداندىن قېچىپ كەت! ئۇ يىگىت بىلەن يىراققا — مەلئۇن خوجىنىڭ قولى يەتمەيدىغان چۆللەرگە، قىرلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار!

— مەنمۇ مۇشۇنداق ئويلىغان. ئەمما، بۇ ئىككىمىز تام بىلەن قورشالغان ھەرەمدىن قانداق چىقىپ كېتىشىمنى ئويلىسام بېشىم قېتىپ، ئامالسىز قېلىۋاتىمەن.

— قايغۇرما، سىڭلىم، جاھاندا ئىنسان قىلالمايدىغان ئىش يوق! بۇنىڭمۇ ئامالى بولۇپ قالار!...

www.bilnur.com

*　　　*　　　*

شاھ مەشرەپ قەدرىيەنىڭ جاۋاب خېتىنى ساقمۇ ساق ئىككى جۇمەدىن كېيىن تاپشۇرۇۋالدى. بۇ خەتنى بىر قېرى ئايى① ئالغاچ چىققانىدى.

«. . . مەن ئۇزاقتىن بېرى سىزنىڭ ۋىسال ئوتىڭىزدا كۆيۈپ - پىشتىم، — دەپ يازغانىدى قەدرىيە خېتىدە، — مېنى بۇ پانى دوزاقتىن پەقەت سىزلا قۇتۇلدۇرۇپ بەختلىك قىلالايدىغانلىقىڭىزغا كۆزۈم يەتتى. . . »

خەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرەمدىن قانداق قىلىپ قېچىپ چىقىدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندىن كېيىن: «بۇ ئىشنى تولىمۇ مەخپىي تۇتمىقىمىز لازىمدۇر. ئەگەر باشقىلاردىن بۇ زالىمنىڭ قۇلىقىغا خەۋەر يېتىپ قالسا، سىزنى ئۆلتۈرىدۇ، مېنى بولسا زەڭگى سوپىلىرىدىن بىرىگە نىكاھلاپ بېرىدۇ. ئەمما، بۇ كۈننى كۆرگەندىن كۆرە، ئۆلگىنىم ياخشىراق!» دەپ ئالاھىدە تاپىلىغانىدى.

شاھ مەشرەپ قەدرىيەنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئەسىرەلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا قەتئىي بەل باغلىدى ۋە بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. . .

بۇ ئاخىرقى باھار پەسلى ئىدى. ھەرەمباغدىكى گىلاسلار قىزىرىپ پىشىپ كەتكەنىدى.

بىر كۈنى گۇگۇم چۈشكەن ۋاقىت ئىدى. مۇشۇنداق بىر بىمەھەل ۋاقىتتا، ھەرەمدىن «چىنار خېنىمنىڭ كۆڭلى گىلاس تارتىپ قاپتۇ. قوقان گىلاسىدىن تاللاپ بىر پەتنۇس ئۈزۈپ

① ئايى — ھەرەمخانىدا ئىشلەيدىغان قېرى ئايال خىزمەتكار.

www.bilnur.com

ئىچكىرىسىگە سۇنۇپ بەرسۇن! » دەپ خەۋەر چىقىپ قالدى.

گىلاس بەك تۇجۇپىلەشنى تەلەپ قىلىدىغان مىۋە ئىدى. ئۈزگەندە بەك چىڭ تارتىۋەتسە، بىغىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىپ قالاتتى. مىجىقلىنىۋەتسىمۇ بولمايتتى. شۇڭا، شاھ مەشرەپ بىر پەتنۇس گىلاسنى كۆز باغلانغان مەھەلدە ئاران ئۈزۈپ بولالىدى. ئۇ ھەرەمدىن قايتىپ چىققاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قولىدا پەتنۇس كۆتۈرگەن بىر قېرى ئايىمۇ بار ئىدى.

— ھەي توختا! بۇ كىم؟ نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى ھەرەمنىڭ ئىشىكىگە قارايدىغان بىر ئاختا سوپى، شاھ مەشرەپ ئۇنى تونۇيتتى. شۇڭا:

— چاقماق سوپىم، بۇ چوڭ خانىمنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەيدىغان قوزىخان ئانىكام ئەمەسمۇ؟ تونۇيالماي قاپتىلا ـ دە، بايامقى گىلاس چوڭ خانىمغا بەك تېتىپ كېتىپتىكەن، يەنە بىر پەتنۇس بۇيرۇدى ۋە بۇ ئانىكامنى مەن بىلەن بىللە ئەۋەتتى.

ھېلىقى ئاختا سوپى پەرەنجىلىك قېرى ئايىغا سىنچىلاپ قاراپىمۇ بىرەر شۈبھىلىك ئەھۋالنى بايقىيالمىدى ـ دە:

— تېز چىقىپ، تېز يېنىپ كىر! — دېدى ۋە ئۇلارغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى...

* * *

ئاپاق خوجا باغۇ ھەرەمگە قارايدىغان باغۋەن شاھ مەشرەپنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرەمدىكى بىر چۆرە قىزنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ موللا باقى بىلەن موللا ساقىلارغا ئۇ ئىككىسىنى شاھىنشىنغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى.

جاللات سوپىلار بۇ ئىككىسىنى تەخىرسىزلا تەخت ئالدىغا توغرا قىلدى.

www.bilnur.com

— ئى مۇخلىس، سەن ئۆلۈمدىن، زۇلۇمدىن ۋە بىزنىڭ
ھەيۋىتىمىزدىن قورقمىدىڭمۇ؟ — دەپ قەھر قىلدى ئاپاق
خوجا، — بىزنىڭ پاك ھەرەمخانىمىزغا نامۇبارەك ئايىغىڭنى
قويۇپسەن. مۇشۇنداق يىگىتلىكنى ساڭا ئاللا بېرىپتۇ. سەن
ئەمدى بۇ يىگىتلىكىڭگە ئەپسۇسلانمامسەن؟ سەن بىزگە قول
بەرگەنسەن، سەن بىزنى پىر تۇتۇپ، ئۆزۈڭگە مۇرەببە
قىلغانسەن. ئەمما، بىزگە خىيانەت كۆزۈڭ بىلەن قارىدىڭ. بىز
سېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكۈڭنى ئوتتا كۆيدۈرسەكمۇ، گۇناھىڭ
تۈگىمەيدۇ!

— ئەي پىر، سەن بۇگۈن خانىسەن! بىراق، — دەپ
سۆزلىدى شاھ مەشرەپ ئاپاق خوجىغا تەزىممۇ قىلماستىن، —
بىراق، ئەتە گادايسەن. مەن بىر خۇدادىن قورقىمەن، بەندىدىن
قورقمايمەن. مەن بۇ دۇنيادا سەن بىلەن ھېسابلاشمايمەن. خۇدا
بۇيرۇسا، قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ ئادالەت دىۋانىدا ئولتۇرۇپ،
رەببىمنىڭ شاپائەتخانىسىدا ھازىر بولغاندا، ئاندىن سەن خۇنرىز
بىلەن ھېسابلىشىپ، بويۇنۇڭدىكى قەرزىمنى ئالىمەن! ھازىر
ئۆلتۈرەمسەن، ئاسامسەن، ئىختىيار ئۆزۈڭنىڭ!

— ئەي جانابىي قۇتبىل ئەقتابى ئالەمىن، — دېدى ئاپاق
خوجىنىڭ ئەكابىر ـ ئەشرەبلىرىدىن بىرى بولغان زىيائىددىن
خوجا، — ھەزرەتلىرىنىڭ دۆلەتلىرى ۋە ئادالەتلىك كۈنلىرىنىڭ
مەمۇرچىلىقىدا خاراب دۇنيا ئاۋات بولدى. سۇندۇك بۇركۇت
ئۇۋىسىدا تۇخۇم تۇغدى. قوي بۆرە بىلەن دوستلۇق ئورناتتى.
مانا مۇشۇنداق ئاسايىش زامانىدا، ئول نەپرەتلىك جۇلدۇر كېپەن
شاھ مەشرەپ ھەزرىتىمنىڭ نومۇس ئۆيىدىن رەسۋالىق تۆشەكىنى
تېشىپ، ھەزرىتىمنى مالامەت ئوقىغا نىشانە قىلىپ تۇتۇپ
بەردى.

— شۇنداق، كىشىلەر نامىنى ئاتاشقىمۇ ھارلىنىدىغان
مۇشۇنداق بىر گادايىنىڭ دەستىدىن، — دېدى ئاپاق خوجا

www.bilnur.com

ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، — نومۇس شىپشىمىز ئەمدى ئاھانەت تېشىغا تېگىپ پارە - پارە بولدى. نامىمىز سېسىدى. ئەگەر ئامال قىلمىساق، بۇ ۋىلايەتتە باش كۆتۈرۈپ يۈرمەك، مۇرشىد - مۇخلىسلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەت قىلمىقىمىز بەكمۇ مۇشكۇل بولۇر. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرۈرمىز؟ شۇڭا، بۇ بەتنامىلارنى يۇيۇپ، نامىمىزنى ئاقلىمىساق بولمايدۇ. بىراق، ئول بەتبەختنى ئۆلتۈرسەك، كىيىنكىلەرگە خۇنخۇر، دەپ دەستەك بولۇپ بېرىمىز. مۇبادا ئۆلتۈرمىسەك، نومۇسىمىز پايىمال بولىدۇ!... مىراخورنى چاقىرىڭلار!...

*　　　*　　　*

ئاپاق خوجىنىڭ مىراخورى مەتتام سوپى ئۆمرىدە ئىككى مىڭدەك ئايغىرنى پىچىپ ئاختا قىلغان تەجرىبىلىك مىراخور ئىدى. موللا باقى بىلەن موللا ساقى شاھ مەشرەپنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ شاھ مەشرەپنى ئاتنى ئاختا قىلىدىغان ياغاچ سۇپىغا ئوڭدا ياتقۇزۇشنى بۇيرۇدى. جاللات سوپىلار ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، پۇت - قوللىنى ياغاچ سۇپىغا تېگىپ مىدىرلىيالماس قىلىپ بەند قىلىپ قويدى.

مىراخور مەتتام سوپى خالتىسىدىن ئات ئاختا قىلىدىغان جابدۇق - ئەسۋابلىرىنى چىقاردى - دە، «پىر بىلەن ئويناشقاننىڭ جازاسىمۇ» دەپ شاھ مەشرەپنىڭ ئىككى چۇلدۇرىنىڭ تېرىسىنى ئۇستۇرا بىلەن تىلدى ۋە بىر جۇپ تېشىنى قىسماق قومۇچ بىلەن قىسىپ تۇرۇپ، «ياپىرىم!» دەپ بىرلا تولغاپ تارتىۋىدى، ئۇنىڭ ئىككى تال تېشى قولىغا

www.bilnur.com

سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.
شاھ مەشرەپ بىرلا ۋارقىراپ ھوشىدىن كەتتى. . .

*　　　*　　　*

ئاپاق خوجىنىڭ پەرمانى بويىچە قاچقۇن چۆرە قىز قەدرىيەگە ھەرەمدىن قاچقانلىق گۇناھى ئۈچۈن تۇنجۇق جازاسى بېرىلدى. جازا جۈمە كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، پۈتۈن ھەرەمدىكى كېنىزەك ـ ئايىملارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئىجرا قىلىنىدى.
موللا باقى بىلەن موللا ساقى قاچقۇن چۆرە قىز — قەدرىيەنىڭ قوللىرىنى ئالدىغا قىلىپ باغلىدى ـ دە، ئۇنى سۈزۈك كۆل بويىدىكى شاخلىرى سۇغا ساڭگىلاپ تۇرغان مەجنۇن تالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.
موللا ساقى قەدرىيەنىڭ ئىككى پۇتىدىن باغلىغان ئارغامچىنى مەجنۇنتالنىڭ يوغان شېخىدىن ئارتىلدۇرۇپ بىر ئۇچىنى موللا باقىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن ئىككىسى بىرلىكتە كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى. قەدرىيەنىڭ پۇتىغا باغلانغان ئارغامچا تۈزلىنىپ چىڭ تارتىلىشىغىلا قەدرىيە گۇپ قىلىپ يۈزىچىلا يىقىلدى. ئارغامچا بارغانسېرى چىڭ تارتىلدى. قەدرىيەنىڭ پۇتى ئاسمانغا، بېشى يەرگە قاراپ ساڭگىلىغان پېتى يەردىن كۆتۈرۈلدى. موللا ساقى بىلەن موللا باقىلار ئەمدى ئارغامچىنى ئاستا ـ ئاستا قويۇپ بېرىشكە باشلىدى. . .
دەسلەپتە قىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى خۇددى گۈل بەرگىلىرىدەك يېيىلىپ سۇ يۈزىنى قاپلىدى. قىزنىڭ ماڭلىيى سۇغا تېگىپ، ئاندىن پۈتۈن بېشى بويىچە سۇغا چۆكۈشكە

www.bilnur.com

باشلىدى.

قىز تاكى ئاغزى سۇغا چىلاشقانغا قەدەر بىر ئىغىزمۇ يالۋۇرمىدى، يىغلىمىدى ۋە ياكى ۋارقىرىمىدى. سۇ قىزنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە كەلگەندە، موللا باقى بىلەن موللا ساقى ئارغامچىنى قويۇپ بېرىشنى توختاتتى - دە، مەجنۇنتالنىڭ غولىغا ئوراپ باغلاپ قويۇپ، چەتكە چىقىپ قىزنىڭ سۇ ئىچىدە بوجۇقۇپ ئىچىنىشلىق جان تالىشىشىنى ھۇزۇرلىنىپ تاماشا قىلىشقا باشلىدى.

سۇنىڭ ئىچىدە نەپەسى بوغۇلغان بىچارە قەدىرىيە جان - جەھلى بىلەن يۇلقۇناتتى، ھېلىدىن - ھېلىغا بېشىنى، گەۋدىسىنى سۇدىن تارتىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى ئۇنىڭ ماغدۇرىنىڭ كېتىشى بىلەن تامامەن بىكارغا چىقاتتى... ئاخىر، ھالسىزلىنىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن قىز بېشى، گەۋدىسى سۇغا چىلاشقان پېتىچە جىمىپ قالدى...

نەزمە

خىزمىتىڭدىكى ھوقۇقسىز قۇلغا،
قەھرىڭنى چېچىپ، قىلما دەپسەندە.
قىيامەت كۈنى قۇل ئازاد بولۇپ،
شەرمەندە بولۇر خوجا كىشەندە.

— شەيخ سەئدى

www.bilnur.com

## توققۇزىنچى باب

# قازا يولى

مۇزداۋان ئېگىز داۋان،
داۋانچى بالىلار ياتقان.
يانپاشىغا تاش پاتىپ،
ئاھ - دەردنى تولا تارتقان.

— ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى

**مىلادى** 1685 - يىلى (كالا يىلى) 6 - ئاي.

قەشقەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە تەخمىنەن ئون چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بەشكېرەم دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمكى يۇرت بار ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ ھەممىلا تەرىپى تۇتاش كەتكەن باغۇ - ئېرەم بولۇپ، گۈزەللىك ۋە بۈك - باراقسانلىقتا جەننەت گۈلىستانى ئۇنىڭغا رەشك قىلىدىغان، بىھى بىلەن ئەنجۈر گوياكى ئاشىق - مەشۇقتەك ئۆزئارا گىرەلەشكەن، ياڭاق بىلەن ئۈجمە گوياكى سەرۋىدەك كۆكرەپ بوي تالاشقان، ئالما بىلەن نەشپۈت گوياكى خىزىر سۈپەت بوۋايلاردەك بوي ئېگىشكەن، گىلاس بىلەن جىنەستە گوياكى كۆز مۇنچاق ئاسقان قىزلاردەك

www.bilnur.com

ياسىنىشقان، توغاچ بىلەن شاپتۇل جىلۋىگەر نازىنىندەك قىزىرىشىپ پىشقان، قىزىل سايۋا بىلەن ئانار بولسا ھەشقىپىچەكتەك چىرماشقان، كەڭ كەتكەن يېشىل چىمەنزاردىن كۆك ئاسمان ھەسەت قىلىپ نالە قىلغان، بۇلبۇل دىلىنى ئۆزىگە تارتقۇچى گۇللەر يىغىلىشىدا ياڭراق نەغمىسىنى چالغان، قەلەندەر تەبىئەت كاككۇك نىل رەڭ كىيىم بىلەن ھاياجاندا ئۇسسۇل باشلىغان بىر گۈزەل بىھىش كېرەم ئىدى.

بەشكېرەم باغلىرىنى ئارىلاپ ئاقىدىغان بەشكېرەم ئېقىنىنى بويلاپ بەشتوغراق مەھەللىسى جايلاشقان بولۇپ، مېڭىش تەسكە توختايدىغان چوڭ يول قۇرۇق ئاپئاق شور بوزلۇق ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، قاقاس دالا بىلەن تۇتىشىپ كېتەتتى. ئۇ كەڭ، تۇتۇق يەر يۈزىنى ئىككى پارچىغا بۆلۈپ تاشلىغان بولۇپ، خۇددى ئوتتۇرىدىن ئايرىلغان چاچ يارمىسىغا ئوخشاش يىراقلاشقانسېرى ئىنچىكىلەپ، ئاسماننىڭ ئەڭ يىراق چېتىگە بېرىپ ئاندىن كۆزدىن يىتەتتى. بۇ بىچارە سىزىق بەزىدە كۈنچىقىش تەرەپكە، بەزىدە كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ ئەگرى - بۈگرى تولغىشىپ ئالغا سوزۇلاتتى. بەزىدە ئاخىرقى چەككە يەتتى دەپ قارىغان بۇ يول يەنە يەرگە يىقىلغان قۇرۇق، قاقشال توغراقنىڭ ئاستىدىن چىقاتتى ياكى يامغۇر سۈيىدىن ھاسىل بولغان كىچىك ئېقىن - شاخابچىلارنىڭ قۇرۇپ قالغان ئىزىنىڭ نېرىقى چېتىدىن جان تالاشقان پېتى ئۆمىلەپ چىقاتتى.

يولدا بويىنىغا تاقاق سېلىنغان، پۇت - قوللىرى زەنجىر - كىشەن بىلەن بەند قىلىنغان بىر توپ ئالباتلار① قولىغا نەيزە - قىلىچ، قامچا - سوتا تۇتقان قالماق چېرىكلىرى بىلەن سوپى چېرىكلەرنىڭ نازارىتىدە ئاستا كېلىشىۋاتاتتى. ئادەملەرنىڭ ئايىغىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ دەستىدىن

① ئالباتلار — جۇڭغار قالماقلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىستېلا قىلغاندا، ئىلبالىقتا ھەيدەپ ماڭغان قۇللارنىڭ نامى، ھاشارچىلار دېگەن مەنىدە.

www.bilnur.com

ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈستىگە يۈك بولاقلىرى ئارتىلغان 200 قاتار تۆگىدىن[1] تەركىب تاپقان زور بىر كارۋان بىر خىل سۈرئەت بىلەن ئاستا ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى. تۆگە كارۋىنى ئارقىسىدىن ئالدىغا بىردىن قەشقەرلىق قىز ـ چوكاننى مىندۈرۈۋالغان بىرەر مىڭدەك ئاتلىق قالماق چېرىكلىرى كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوللىرى ئارغامچا بىلەن چېتىلغان، بوينىغا ئاچا ياغاچ قىستۇرۇلغان يەنە بىرەر مىڭدەك قەشقەرلىق نەۋقىران يىگىتلەر كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارمۇ قالماق چېرىكلىرى بىلەن سوپى چېرىكلەرنىڭ نازارىتىدە كېلىۋاتقانىدى. «شۇلۇن! شۇلۇن!»[2] دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قالماقلارنىڭ قولىدىكى قامچىلىرى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا تارسىلداپ تېگەتتى. ئادەملەرنىڭ ئاغرىق زەربىسىگە چىدىيالماي زارلانغان، نالە قىلغان ئاۋازلىرى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇلار «غالچا چوكان»، «غالچا يىگىت»[3] دەپ ئاتالغانلار ئىدى.

ئالباتلار، غالچا چوكان، غالچا يىگىتلەر ۋە شۇنىڭدەك ھەددى ـ ھېسابسىز دەپئى ـ دۇنيا ئارتىلغان تۆگىلەردىن تەركىب تاپقان بۇ غايەت زور كارۋان، مۇلكىي قەشقەرىيە خانى ئاپاق خوجىنىڭ ئىلبالىقىقا — جۇڭغارلارنىڭ چوڭى غالدان بوشوكتو خانغا ئەۋەتكەن يىللىق ئولپان ـ تارتۇقلىرىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان بولۇپ، بۇ ۋەجلەر ئالدىنقى يېرىم يىل ئىچىدە مۇلكىي قەشقەرىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قالماق قارا خانلىرىنىڭ[4]

---

① قاتار تۆگە — كارۋاندىكى تۆگىلەرنىڭ بىرلىكى. ئادەتتە بىر قاتار تۆگە 12 تۆگىدىن تەركىب تاپاتتى.

② موڭغۇلچە سۆز: «تېز، تېز ماڭ!» دېگەن مەنىدە.

③ «غالچا چوكان»، «غالچا يىگىت» — ئاپاق خوجا ئىستىبداتلىقى مەزگىلىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن قالماقلارغا قۇل قىلىپ بېرىلگەن قىز ـ چوكان ۋە ياش يىگىتلەرنىڭ نامى.

④ قارا خان — جۇڭغارلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىلگەن باسقاقلىرىنىڭ نامى. مەركەزدە تۇرىدىغانلىرى «شاھنە»، چوڭ شەھەردە تۇرىدىغانلىرى «شۆكەم»، كىچىك شەھەردە تۇرىدىغانلىرى «قارا خان» دەپ ئاتىلاتتى.

www.bilnur.com

نازارىتى ئاستىدا مەجبۇرەن يىغىۋېلىنغانىدى.

ئالبات دەپ ئاتالغان بۇ بەندىلەر ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ھەر- قايسى جايلاردىكى مەمۇرلىرى تەرىپىدىن «غېرىب بەچچە»، «غىتمەك سوپى»، «غىتمەك ئاشىق»، «بولۇق چوكان»، «دۆم غىتمەك»، «دەرد بۇۋى»، «كۆز بۇۋىسى»، «لالما خوتۇن» دەپ قارىلانغانلار ۋە «قارا مۇسۇلمان»[1] دېيىلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار ئالۋان - سېلىق تۆلىيەلمىگەن ئەر - ئايال يوقسۇل، نامرات ئۇيغۇرلار ئىدى.

قاتار - قاتار تۆگىلەر ئۆز قاتارىنىڭ بېشىدىكى قول تۆگىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا سالماق قەدەم تاشلاپ بىر خىل مېڭىپ كېتىشىپ باراتتى. ھەربىر قاتارنىڭ ئاخىرىدىكى چوڭ ۋە قاۋۇل تۆگىنىڭ بوينىغا زىل قوڭغۇراق ئېسىلغانىدى. قوڭغۇراقنىڭ زىل ئاۋازى ئادەملەرنىڭ نالە - پەريادلىرى بىلەن قوشۇلۇپ زېمىننىڭ كۆكسىنى توختاۋسىز يارا قىلماقتا ئىدى. تۆگىلەرنىڭ چوم ۋە بەللىكلىرى، باستۇرغا - قومچىلىرى ناھايىتى ئېسىل ياسالغانىدى. تۆگىلەرنىڭ گېرەنباغ ۋە كۆتىلەكلىرىمۇ گۈللۈك، نەقىشلىك قىلىپ چىرايلىق ياسالغانىدى.

كارۋان قاتارىدا ھەربىر تەرەپتە بىردىن ئىككى سوپى يېتىلەپ ماڭغان، جازا - يەلپۈشلىرى چوڭ مۇۋۇتتىن، نوختا ۋە بوينىدىكى پۆپۈكلىرى مەشۇت يىپەكتىن ئىشلەنگەن، پۆپۈكلىرىگە قاتار - قاتار جەرس - قوڭغىراقلارنى ئېسىپ بېزىگەن توققۇز تۆگە، ئېگەر - جابدۇقلىرى تامامەن ئالتۇندىن يېرىم چەمبەردەك قىلىپ بېزەپ نەقىشلەنگەن توققۇز بەدەخشان ئارغىمىقى بار ئىدى. بۇ توققۇز تۆگە بىلەن توققۇز ئارغىماق ئاپاق خوجىنىڭ جوڭغار قالماقلىرىنىڭ چوڭى — غالدان

---

① ئاپاق خوجا تەرىپىدىن «قارا تاغلىق» دەپ تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانلارنىڭ ئورتاق نامى.

www.bilnur.com

بوشوكتو خانغا ئەۋەتكەن شەخسىي تارتۇقى ئىدى.

بۇ 200 قاتار تۆگىگە تاي - تېيى بىلەن شاك - ماتالار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان كەمسە - كەمەر، تىردان، يۈگەن، قوشقۇن، پۇشتان قاتارلىق ئات جابدۇقلىرى، موي ۋە مەخمەلدىن ياسالغان چېدىر ئۆيلەر، كىمخاب، تەتىللا، تاۋار، بەقەسەم، شايى، ئەدرەس، بىنارەس، چىت - چەكمەن، شاتىۋا، سەرگەز، خەسە يەكتەك، يولۋاس تېرىسى، يىلپىز تېرىسى، قۇندۇز - بۇلغۇن، سۇلەيسۇن تېرىلىرى ۋە تۇلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن تويۇق كۆرپە، ئۇرۇشتا كىيىدىغان زىرىھ ساۋۇت، زىرىھ باشناق، جىبىيە تون، رۇمچە نىمچە ۋە تەلپەك - تۇماق قاچىلانغان خەرۋار[1] ساندۇقلار، تېگىنىق - تېگىنىق ۋە قاپ - قاپ تەڭگە - تىللا، مىشكاپ - مىشكاپ ئاق ئۈن ۋە پاختەكلىنىڭ قىزىل گۈرۈچى ئارتىلغانىدى.

ئىلبالىققا ھەيدەپ مېڭىلغان بۇ ئالباتلار ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈشتىن جابدۇقلارنى ياسايدىغان زەرگەرلەر، شاپ - قىلىچ، ئۆزەڭگە ياسايدىغان تۆمۈرچىلەر، كاتتا توپ - زەمبىرەك، چاچما ئوق قۇيىدىغان قازانچىلار، كىمخاب تون، تەتىللا چاپان، چىت - چەكمەن ۋە خەسە يەكتەكلەرنى تىكىدىغان خەيياتلار، جۇۋا، جىبىيە تون، شىم - چاپان، تۇماق، تەلپەك تىكىدىغان پۇستىندۇز - جۇۋىچىلار، كەمسە كەمەر، تىردان - پۇشتان، ئۈزەڭگە - قوشقۇن بېغى تىكىدىغان ۋە يۈگەن - ئېغىز - دورۇقلارنى، مەسە - كالاچ، ئۆتۈك، باشماقلارنى تىكىدىغان موزدۇز - ساراچلار ۋە شۇنىڭدەك ياغاچچى، قونداقچى، ئوقچى، مىخگەر، قۇيمىگەر، شۇستىگەر، ئىلمەدۇز، زەردۇز، چېدىرچى، خىمگەر قاتارلىق ھەممە ئەھلى كەسىپ ۋە ھەممە ئەھلى ھۈنەرۋەنلەر بار ئىدى.

---

[1] خەرۋار — ئېغىرلىق ئۆلچىمى، بىر ئېشەكلىك يۈك دېگەنلىك بولىدۇ.

www.bilnur.com

ئاپاق خوجا جوڭغارىيە قالماقلىرىنىڭ خاقانى — غالدان بوشوكتوغا يىلىغا 60 مىڭ سەر تەڭگە ۋە 60 مىڭ دانە خام - ماتا ئولپان - سېلىق تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيەنىڭ تەختى - بەختى، ئىقبال - سائادىتىنى سەئىدىيەلەر قولىدىن قالماق خوجايىنلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا تارتىۋالغانىدى، شۇنداقلا جوڭغار قالماقلىرىنىڭ خاقانى غالدان بوشوكتو بۇ ئولپان - سېلىقلارنى ۋاقتى - قەرەلىدە تولۇق يىغىپ، جوڭغارىيىگە ماڭدۇرۇپ تۇرۇش ئىشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئاپاق خوجىنىڭ ئالدىغا قالماق شاھنەسى باشچىلىقىدا 3000 كىشىلىك ھەر دەرىجىلىك قاراخان - شۆكەملەرنى باسقاق قىلىپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئەۋەتكەنىدى.

ئاپاق خوجا تەرىپىدىن قونتاجى[1] دەپ ھۆرمەتلەنگەن قالماق شاھنەسىنىڭ ئىسمى زەڭگى بولۇپ، ئاپاق خوجا ئۇنىڭغا ئۆز ھەرىمىگە يېقىن جايدىن بىر قورۇ سالدۇرۇپ بەرگەنىدى ۋە شاھ مەشرەپنى ئۇنىڭغا مۇلازىم قىلىپ بەلگىلىگەنىدى[2].

«غالدان بوشوكتوخان مۇلكىي قەشقەرىيىدىن يىلىغا 40 مىڭ 898 پاتمان بۇغداي، 1463 چارەك پاختا، 365 چارەك زەپە ئالۋان - سېلىق يىغىپ بېرىشنى ئاپاق خوجىغا فارامىن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغلاردا قالماقلارنىڭ قاراخانلىرى بۇغداينىڭ ھەر پاتمىنىنى تۆت تەڭگە، پاختىنىڭ چارىكىنى 48 پۇل، زەپەنىڭ ھەر چارىكىنى 32 پۇل ھېسابلاپ، جەمئىي 21 مىڭ سەر تەڭگە يىغىۋالاتتى؛ ئۇلارنىڭ مال - چارۋىدىن ئالىدىغان زاكات بېجى 20 مىڭ سەر تەڭگىدىن ئېشىپ كېتەتتى؛ گۈمرۈك - ئۆتكەل بېجى ئۈچۈن ئوندىن بىرىنى، چەت ئەللەر بىلەن بولىدىغان سودىدىن ئېلىنىدىغان باج ئۈچۈن يىگىرمىدىن

① قونتاجى — «خان تەيجى» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى. خان تەيجى غالداننىڭ قېشىدىكى ۋەزىر - ۋۇزۇرالىرىغا بېرىلىدىغان بىر خىل مەرتىۋە نامى.

② بۇ چاغدا شاھ مەشرەپ تېخى ئىلبالىققا ئەۋەتىلمىگەنىدى.

www.bilnur.com

بىرىنى باجغا ھېسابلاپ، 20 مىڭ تەڭگىدىن كۆپرەك پۇل يىغىۋالاتتى.»①

«جۇڭغارلار مۇسۇلمانلاردىن ئالىدىغان ھەر خىل باج - سېلىقلار ئۈچۈن دەسلەپتە نورما - چەك بەلگىلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئولپان - سېلىقلارنى يىلدىن - يىلغا ئېغىرلاشتۇرۇپ ماڭغاچقا، مۇسۇلمانلار چىدىيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتى. ئىلبالىققا توشۇلىدىغان ئولپان - تارتۇقلارنىڭ مىقدارى خۇددى شاخقا قونغان قۇشقاچتەك كۆپەيسە كۆپەيدىكى، زادىلا ئازايمىدى. قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق تۆت چوڭ شەھەرگە قاراخان قىلىپ ئەۋەتىلگەن جۇڭغار شۇكەملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن مال - بىساتىنى، ياخشى ئات- كالىسىنى، چىرايلىق خوتۇن - قىزلىرىنى، مىلتىق - قىلىچلىرىنى خالىغىنىچە تارتىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ زۇلۇم - ستەملىرىدىن مۇسۇلمانلار ياشىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.»②

جۇڭغارلار مۇلكىي قەشقەرىيە خەلقىگە تولىمۇ ئېغىر ئالۋان سېلىپ، مەجبۇرىي ئولپان ئالاتتى. قالماقلار ھەتتا ئاھالىنى بۇلاپ - تالايتتى. خاقانىي چىن چەنلۇڭنىڭ③ زامانىدا شىنجاڭغا كېلىپ ئەمەل تۇتقان مانجۇ مەنسەپدارى نىمچا④ يازغان: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتابنىڭ يەتتىنچى جىلدىدا ئۆزىنىڭ غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ مۇسۇلمان ئاھالىسى ئۈستىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە

---

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىشقا ئائىت خاتىرىلەردىن قىسقارتىلمىلار»، خەنزۇچە نەشرى، 75 - جىلد، 34 - ، 35 - بەتلەرگە قارالسۇن.

② «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 4 - جىلد: «ئولپان - سېلىق».

③ خاقانىي چىن چەنلۇڭ — ئىسمى ئىسىنگۇ خۇڭلى بولۇپ، 1736 - يىلدىن 1795- يىلغىچە مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان.

④ چۈنيۈەن چىشىيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ بۇ كىتابنى مىلادى 1777 - يىلى يازغان. پۈتۈن كىتاب جەمئىي سەككىز جىلد، 40 مىڭ خەت ئىدى.

www.bilnur.com

يۇرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى بىلەن سىياسىي جەھەتتە يۈرگۈزگەن ئېچىنىشلىق مىللىي زۇلۇملىرىنى مۇنداق دەپ ئەينەن تەسۋىرلىگەنىدى:

«. . . ھەر يىلى كۈز پەسلىدە، قالماقلار مۇسۇلمانلار يۇرتىغا شاھنە ـ قاراخان ئەۋەتىپ ئولپان ـ سېلىق يىغاتتى. بىر ئەركەكنى بىر تۇتۇن ھېسابلايتتى ۋە ھەربىر بازاردا بىر تەپكىدىن شاڭ ـ ماتا ئولپان ئالاتتى ياكى بىرنەچچە پارچە ئەلتىرە، ياكى سۇلەيسۇن تېرىسى ئالاتتى. ئالۋان ـ سېلىققا دەپ يىغىۋېلىنىدىغان ئاشلىق سامان ـ قوغانلىرىنىڭ يېرىم ھەسسىسى بويىچە ھېسابلىنىپ، ئۇندىن بىرى ئاشلىق بېجى سۈپىتىدە يىغىۋېلىناتتى؛ مۇسۇلمانلار قاراخانلارنى ئالاھىدە مېھمان قىلمىسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن قىز ـ چوكان تېپىپ بەرمەيدىغان بولسا، كۆرگۈلۈكنى كۆرسەتەتتى. قاراخانلار سەللا ئاچچىقى كېلىپ قالسا، قولىغا چىققانلىكى مال ـ بىساتنى ئېلىپ كېتىۋېرەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ ۋەجىنى كۆمۈپ ساقلايدىغانلىقى شۇنىڭدىن قالغان ئادەت ئىدى.»

«مۇسۇلمانلار قالماقلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، تېمىنىڭ قېلىنلىقى تۆت گەز كېلىدىغان ئېگىز قورغان ـ قەلئەلەرنى ياساپ ئەھيا قىلىشقانىدى. قالماقلار پۇقرالارنى دائىم دېگۈدەك بۇلاپ ـ تالاپ، قىز ـ چوكانلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئوت ـ خەسنى ئورىغاندەك قىرىپ ـ چېپىپ زادى بولجۇتمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرى كۆنگىرىلىك ئېگىز قەلئەلەرنى ياسىتىپ ئىچىگە بېكىنىۋالدى. قالماقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى يامانراقلىرىنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ سورىقىنى قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. مۇسۇلمانلار قالماقلارنى كۆرسە خۇددى مۇشۇكتىن قورققان چاشقاندەك بولۇپ كېتىشەتتى. . . »[1]

① چۇنيۇەن چىشىي: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم»، 7 ـ جىلد.

www.bilnur.com

ئاپاق خوجا زالىم قالماق شاھنە ـ قاراخانلىرىنىڭ ئالدىدا بىچارە ئىدى، «لەببەي» دەپ قۇللۇق بىلدۈرەتتى. قالماقلارنىڭ ئىما ـ ئىشارەت، لەۋز ـ تەلەپپۇزىغا قاراپ ئىش قىلاتتى. ئەۋرىشىم بەللىرى خۇددى قارماققا ئوخشاش ئېگىلىپ ـ تىترەپ تۇراتتى، قولى تىرەپ تىزلىنىپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. قاپاققا قاراپ ئۆڭ ـ چىراي ئېلىپ، قالماق خوجىلىرىنىڭ نىجىس تاپىنىغا باش قويۇپ، ئەمرىگە دەل، ئىشارىتىگە باپ تۇرۇشنى ئۆزىگە زاكا ئادەت قىلغانىدى. ئۇ ئۆز خەلقىگە جاللاتلىق، قالماققا قۇللۇق قىلىشنى كەسپىي بەرىكەت، مەئىشەتىدىكى نېمەت ـ پاراغەت دەپ بىلەتتى.

ئۇ جۇڭغارلارنىڭ چىدىغۇسىز ئېغىر ئالۋان ـ سېلىقلىرى، زۇلۇم ـ سىتەملىرى ۋە تۈرلۈك ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋىجدانسىز خورلۇقلىرىغا قارشى تۇرغان ئۇيغۇر خەلقىنى «قارا مۇسۇلمان» دەپ دۇئايى ـ بەند قىلىپ تاشلايتتى.

«. . . ھەزرىتى ئەزىزان ئافاق خان پادىشاھ ئالىيلىرى (خۇدا نۇرلۇق قىلسۇن ئۇنىڭ تەۋەررۈك قەبرىسىنى!) زامانلىرى 16 يىل ئون ئاي، 8000 تۈن، 204 تولۇنئاي ۋاقتى ھېسابى بىرلە قارار تاپقان ئىكەنلەر. . . ئۇ زاتنىڭ ۋاقىئاتلىرىگە شاھىد ۋە ۋۇزەر كائىبلىق قىلغانلار ئول ۋاقىت ـ زامانىدا 11 غازات، 18 لەك① قەتلى ناماز②، 200 ۋاقىئات بولغان دەپ يازىپتۇلەر. . . »③

دېمەك، بۇ خاتىرىدىن جۇڭغارلار ئاپاق خوجىنى مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ تەختىگە يۆلەپ چىقارغان مەزگىللەردە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 11 قېتىم چوڭ قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى، 180 مىڭ تەندۇرۇس، بىجىرىم، يارامىلىق ئەركەكنىڭ

---

① 18 لەك ــ 180 مىڭ.

② جەڭدە ئۆلگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش.

③ سۇلتان باي ھاجىم: «بورقۇم ئەۋلىيا»، قولىيازما، مەزكۇر سۇلتان باي ھاجىم قاغىلىق ناھىيىسى ئازغانساللىق، 1929 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

www.bilnur.com

ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، جوڭغارلارغا ۋە ئۇنىڭ قورچىقى بولغان ئاپاق خوجىغا قارشى 200 قېتىمدىن كۆپرەك ئىسيان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپاق خوجا قەشقەرىيە سەلتەنىتىنىڭ تەختىگە چىقىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە، پەيلى يامان «قارا مۇسۇلمان» سوپىلارغا قارشى مەھەللىۋى غازاتلارنى قوزغاپ، ئۇدۇللۇق قولغا چۈشكەنلەردىن ئەمەس - ئەمگەككە يارامىلىق نەۋقىران، ھۆنەرۋەن - كاسىپلارنى تاللاپ جوڭغار قالماقلىرىغا ئالبان قىلىپ ئىشقا سېلىپ بەرگەندىن تاشقىرى، ياراقسىز دەپ قارىغان 3000 دەك ئادەمنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بالا قۇم، قۇمقۇسار، ئاقتالا، يۇزقۇم، چىقىرما، تەلۋىلە، لالمىلا، پەيدۆك، قىزىل، كورۋات قاتارلىق جايلارغا ھەيدەپ بېرىپ 11 قېتىم تاش بوران قىلىپ، ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرگەنىدى. مەكىت، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام ۋە يېكىسار خەلقى ئادەملەر قەتلىئام قىلىنغان بۇ جايلارنى تارىختىن بۇيان «شەھىدان» دەپ ئاتاپ كېلىشمەكتە.

* * *

ئاپاق خان خوجىنىڭ ئوردىسى.

شاھىنشىنىدىكى مەرمەر تەختىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يەنە بىر ياسىداق تەخت قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جوڭغار قالماقلىرىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى شاھەنىسى — قونتاجى زەڭگى ئولتۇراتتى. شاھىنشىنىڭ ئىچى تىنچىق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ بېشىغا كالۇۋتۇنلۇق قالماقچە بۆك، ئۈچىسىغا كەشتىلىك خىتاي ئەتلىسىدىن تىكىلگەن يان ئىزمىلىك نىمچە - تون كىيگەن بولۇپ، بېلىنى خىتايچە كەمەر بىلەن باغلىۋالغانىدى.

ئۇ باياتىن ئىلىبالىقا — جوڭغار خانى غالدان بوشوكتوغا

www.bilnur.com

ئەۋەتىلىدىغان بۇ يىللىق ئۇلپان - تارتۇق بىلەن ئالبات، غالچا چوكان ۋە غالچا يىگىتنىڭ تىز توشماي كېچىكىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن كايىپ چىچىلىپ ئولتۇرغانىدى.

— مېنىڭ مەملىكىتىمدە، ئادەملەرنىڭ ئەڭ يارىماسلىرىدىن بولغان كالتە پەم قارا مۇسۇلمانلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن، — دەپ ھەدەپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى ئاپاق خوجا قالماق شاھەنسىگە ئەمما بۇ جاھىل قالماق زادىلا گەپ يېمەيۋاتقانىدى، — سەلتەنىتىم تەۋەلىكىدىكى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئىتائەت دائىرىسىدىن چىقمىغان بىر تۈركۈم ئاھالە غەليان كۆتۈردى. ئۇلار يۇرت - ئايماقلارنى بۇلاپ - تالاپ، ئاھالىنى پاراكەندە قىلدى. يۇرت - ئايماقلارنى قوغداش، يۇقىرائى - بەندىلەرنى ھىمايە قىلىش، يولدىن ئازغان ئازمالارنى جازالاش ئەلۋەتتە بىز كىم قۇتىبىل ئەقتابى ئەۋلىيائى ئەزەمنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ۋەللەھەم بۇرچىمىزدۇر. شۇڭا، ئول ئازمىلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن مەستۇر سوپى لەشكەر باشىنىڭ قوماندانلىقىدا ناھايىتى ئاۋۇن سوپى لەشكەرلەرنى جىھادقا ئەۋەتتۇق. بۇنداق ئىشتا نۇسرەت ۋە زەپەر پەقەت ئىلاھى ياردەم — قالماق خوجاملارنىڭ ياردىمىگە ۋە قالماق خوجامنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋەلى بەرھەق — بىزگىلا مەنسۇپ ئىدى! ئاقىۋەت، بىدئەت قارا مۇسۇلمان ئازمالار غالىب قوشۇنىمىزنىڭ ئاياغ ئاستىدا زەبىد بولدىلەر، خانىدانىمىزنىڭ دوستى، ھىمايىچىسى، يۆلەنچۈكى ۋە خەيرىخاھى بولغان قالماق پادىشاھى ئەزەم غالدان بېشەۋكەتى قارا خان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. ئەمدى، ئىلىبالىققا — غالدان قارا خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلىدىغان ئالۋان - تارتۇق، ئالبات، غالچا چوكان ۋە غالچا يىگىتكە كەلسەك، خۇدا بۇيرۇسا، ئۇنىمۇ سىلى — شاھەنە جانابلىرى دېگەن مۆھلەت قەرەلىدە تەييار قىلىپ بولۇرمىز!

www.bilnur.com

قالماق شاھنەسى — زەڭگى ئاپاق خان خوجىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ رازى بولغاندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ باياتىن تۇتۇلۇپ قارىيىپ كەتكەن چىرايى ئەمدى ئېچىلىشقا باشلىدى.

بۇ قوش قىياپەتلىك، قوش نىيەتلىك، قوش ماكانلىق، قوش كۆلەڭگىلىك ئاپاق خوجا ئۆز تايانچلىرىدىن بولغان قالماق شاھنەسى ۋە قاراخانلار ئالدىدا ئېشەك قىياپىتىدە كۆرۈنسە، يۇقىرا - پەقىرلەر ئالدىدا بۆرە قىياپىتىدە كۆرۈنەتتى. ئاللا تائالا بۇ قىلچىمۇ ۋىجدان تايانچىسى يوق ۋە ھەق - ئادالەت مىزانىنى بىلمەيدىغان، پەۋقۇلئاددە مەنسەپخۇمار ئاپاق خوجىغا ئۆز قوۋمىنى ئېزىش ئۈچۈن ئىككى ئالەملىك زېرەكلىك ۋە دانالىق خىسلىتىنى ئاتا قىلغانىدى.

قالماق شاھنەسىنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاپاق خوجىنىڭمۇ پاراكەندە كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى — دە، موللا باقى بىلەن موللا ساقىغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئىككىسى شاھنىشىنىدىن چىقىپ ھايالشىماستىنلا بىر ئېسىل قارچىغىنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى، قارچىغىنىڭ كۆز قېپىنى ئېلىۋېتىپتى، بۇنداق ھەيۋەتلىك سۈرۈننى تېخى كۆرۈپ باقمىغان بۇ سەھرا قارچىغىسى ئارامسىزلىنىپ، موللا باقىنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ كېتىشكە ئىنتىلىپ ھەدەپ يۇلقۇندى.

— ئى ھۆرمەتلىك قالماق خوجام، — دېدى ئاپاق خوجا زەڭگىنىڭ ئالدىغا يورغىلاپ كېلىپ، — بۇ قارچىغا ئىقلىمدا يېگانە قارچىغىدۇر. ئۇنىڭ كۆزى قايسى ئوۋغا چۈشسە، شۇنى تەخىرسىزلا باسۇرۇق قىلۇرلەر. بىز بۇنداق قارچۇغىدىن 20 نى تەييارلىدۇق. بۇ بارچۇقتىن ئالۋانغا كەلگەن قارچۇغىدۇر. بىز قۇللىرى قالغان ئولپان - تارتۇقنى تەييارلاپ بولغۇچە، سىلى قارچىغا قۇشلاپ، مۇبارەك كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ تۇرغايلا. سىلىنىڭ كۆڭۈل ئارامى بىز ئۈچۈن تۈگىمەس - پۈتمەس شان

www.bilnur.com

ۋە نىشاندۇر!

قالماق شاھنەسى موللا باقىنىڭ قولىدىكى قارچىغىنى كۆرۈپ پۇتۇنلەي باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگەردى — دە، يېنىدىكى شاھ مەشرەپكە دەرھال ئاتنى توقۇپ تەييارلاشنى بۇيرۇدى ۋە موللا باقىنىڭ قولىدىكى قارچىغىنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى سوزدى.

باياتىن موللا باقىنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشكە ئۈمتىلىپ، يۇلقۇنۇپ پالاقلاۋاتقان قۇش ئاپاق خوجىنىڭ خوجىسىنىڭ قولىغا قونۇپ ئولتۇرۇشتەك بۇنداق خۇدايى ئىززەتنى بىلمىدىمۇ - قانداق، قالماق شاھنەسى قولىنى ئۇزۇتىشىغىلا پۇررىدە ئۇچۇپ شاھىنشىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتتى.

— دەرۋازىنى تاقاڭلار! شەھەرنىڭ قوۋۇق - دەرۋازىلىرىنى ئېتىڭلار! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئاپاق خوجا. ئۇ قىممەتلىك سوۋغىسىنىڭ قالماق شاھنەسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكىنىگە ھەممىدىن بەكرەك پايپېتەك بولۇۋاتاتتى، — قارچىغىنى دەرھال تۇتۇش! بولمىسا، ھەممەڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈشىسەن!

ئاپاق خوجىنىڭ سۆزلىرىنى بىر چەتتە تۇرۇپ ئاڭلىغان شاھ مەشرەپ بېشىنى چايقاپ قويدى — دە:

— شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنىغۇ ئېتەرسەن، ئەمما خەلقنىڭ ئاغزىنى قانداق ئېتەرسەن؟ — دەپ غودۇڭشۇپ قويدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ تەئەددىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىۋاتقان بىر-ئىككى مۇلازىمدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

* * *

ئاپاق خوجا شاھ مەشرەپنى ئاختا قىلدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن شاھ مەشرەپ بۇ خورلۇققا زادى چىدىيالمىدى — دە، قەشقەردىن

www.bilnur.com

چىققان پېتى خوتەنگە سەپەر قىلدى.

شاھ مەشرەپ قەدىمكى چىن ماچىن ـ خوتەن دىيارىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىمام جەئفىرى سادىق[1] نىڭ مازارگاھىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن، «ئىمام جەئفىرى سادىق يۈرگەن يول» دېيىلگەن دۆڭنى بويلاپ يولغا چىقتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، شاھ مەشرەپ ئىلچى سەھراسىدا كېتىپ باراتتى. بىر دېھقان قوش ھەيدەۋېتىپ ئۆزىنىڭ غەزەللىرىنى بۇزۇپ، سۆزلىرىنى ئۇيان ـ بۇيان ئالماشتۇرۇپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى دېھقان ئەتىگەندىن بېرى ھەيدىگەن يەرلەرنى دەسسەپ پېتىغداپ بۇزغىلى تۇردى.

— ئەي قەلەندەر! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى دېھقان ئاچچىقى كېلىپ، — مېنىڭ ئەمگىكىمنى نېمىشقا بۇزىسەن؟

— ئەي دېھقان، — دېدىكى شاھ مەشرەپ ئۇنىڭغا جاۋابەن، — سەن ھېلى ئوقۇغان غەزەل مېنىڭ سۆزلىرىم ئىدى. سەن ئۇنى توغرا ئوقۇماستىن، ئۇ يەردىن بىر، بۇ يەردىن بىر قىلىپ بۇزۇپ ئوقۇدۇڭ. سەن مېنىڭ غەزەللىرىمنى بۇزغاندىكىن، مەنمۇ سەن ھەيدىگەن يەرنى بۇزسام بولمامدىكەن؟ بىرگە بىر دېگەن شۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دېھقان لام ـ جىم دېمەستىن قوشنى ھەيدەۋەردى...

«ۋادەرىخا، مەندىن كېيىن قالسا، — دەپ ئويلىدى شاھ مەشرەپ، — مېنىڭ سۆزلىرىممۇ بۇزۇلۇپ، تاقىقا ـ تۇققا بولۇپ

---

① ئىمام جەئفىرى سادىق (مىلادى 702، 765 ـ يىللىرى) — ئەئىممە ئىمامىيە تەرەپدارلىرىنىڭ 6 ـ ئەۋلاد ئىمامى. ياش ۋاقتىدا تەپسىر، ھەدىس قاتارلىق دىنىي ئەقىدىلەرنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن، شۇنداقلا خىمىيە، ئالگېبرا ۋە باشقا تەبىئىي پەنلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، «جەبىر»، «جەئفەر» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان، كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەردە ۋاپات بولغان. لېكىن، شىنجاڭدىكى تەرىقەتچىلەر ئۇنى خوتەندىكى غازاتتا شېھىت بولغان دەيدۇ ۋە ھازىرقى نىيە ناھىيىسىدىكى ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىنى شۇنىڭ قەبرىگاھى، دەپ ئۇلۇغلايدۇ.

www.bilnur.com

خار بولغۇدەك. ئۇنىڭدىن كۆرە، غەزەللىرىمنى يازغان دەپتەرلىرىممۇ مەن بىلەن بىللە كۆيۈ كەتسۇن!»

ئۆزىنىڭ غەزەل* يازغان دەپتەرلىرىنى كۆيدۈرمەككە ئىرادە قىلىپ بەل باغلىغان شاھ مەشرەپ مۇنداق دەپ نىدا قىلدى:

يارنىڭ كويىدا ئۆلگەن بارمۇكىن،
بىر ئۆلۈپ ئىككى تىرىلگەن بارمۇكىن.
ۋەسلىنى ئىزدەپ جاھاننى جەرخ ئۇرۇپ،
تەلمۈرۈپ يوللاردا قالغان بارمۇكىن.
قەتل قىلماققا يەنە كىم تەگلەشىپ،
يالبارىپ بوينىنى سۇنغان بارمۇكىن.
شاھبازى لا ماكان سۇلتانى ئىشق،
تىل ئۇرۇپ دالباينى قاقىان بارمۇكىن.
ئول مەجازى شاھىلەر تەبلىن قاقىپ،
سەلتەنەت تەختىگە مىنگەن بارمۇكىن.
نەچچە يىل ئافاق خوجام خىزمىتىدە،
بۇ خوتەن دەشتىنى كەزگەن بارمۇكىن.
مەن كەبى رەسۋايى تەرسا بولۇپ،
بوينىغا زۇننار ئاسقان بارمۇكىن.
ئول قىيامەت مەھشەرىدە داد ئېيتىپ،
ئاھ ئۇرۇپ مەھشەرنى بۇزغان بارمۇكىن.
داد ئېيتەر مەشرەپ خۇدا يولىدا،
ئول زامان دادىغا يەتكەن بارمۇكىن.

شاھ مەشرەپ ئۇلۇغلار ھەققىدىكى جەڭنامە - رىۋايەتلەرنى، ئىمام جەئفرى سادىق مازارى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۇلۇغلارغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماستىن، دۆڭنى

www.bilnur.com

بويلاپ كېتىپ بېرىپ، ئېزىپ يولدىن چەتلەپ كېتىپ قالدى.
توغراقلىقتا يا بىرەر ئادەمنى يا يولنى تاپالماي تېنەپ - تەمتىرەپ قالغان شاھ مەشرەپ ئۆزىنىڭ بۇ پانى دوزاختىكى تارتقان دەرد - ئەلەم، رەنجۇ - خورلۇقلىرىنى ئەسلەپ، زامانە ئۈۋچىسىنىڭ مالامەت ئوقلىرى تەرىپىدىن زىدە بولغان كۆڭلى بۇزۇلدى — دە، ئىسسىپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ، ئۇ: «ئەي خۇدايا پاك پەرۋەردىگارا، ئەھەدا سەمەدا مەلەكا پادىشاھا كىردىگارا، ئەگەر مېنىڭ ساڭا قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرىمنىڭ ۋە كۆزۈمدىن ئاققان قانلىق ياشلىرىمنىڭ سېنىڭ دەرگاھىڭدا قۇربى بولسا، يا جېنىمنى ئال، يا بولمىسا، ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ نام - نىشانىنى ئاشكارا قىل!» دېگىنىچە، توغراقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پوتىسىنى ھالقا قىلىپ توغراقنىڭ بىر شېخىغا ئىلدى — دە، ھالقىنى بويىنىغا سېلىپ، ئۆزىنى توغراقنىڭ ئۈستىدىن يەرگە ئاتتى. لېكىن، توغراقنىڭ ھېلىقى شېخىنىڭ تۈۋىدىن توغرىغا قايناپ چىقىۋېرىپ، شاخنىڭ تەگدىن تولىسى چىرىپ كەتكەنىكەن، شاھ مەشرەپنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمىگەن شاخ سۇنۇپ كېتىپ، شاھ مەشرەپنىڭ پۇتى يەرگە تېگىپ قالدى. بۇنى خۇدادىن كەلگەن كارامەت دەپ چۈشەنگەن شاھ مەشرەپ توغراقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. كۆردىكى، يىراقتا بىر دۆڭ چوقچىيىپ تۇراتتى. «مانا ئىمامى جەئفىرى سادىقنىڭ نامۇ - نىشانى ئايان بولدى» دەپ، مۇنۇ مۇخەممەسنى ئوقۇغىنىچە دۆڭگە قاراپ يۈگۈردى:

..........................

ھۆسنىڭگە ئەگەر زار بولۇپ كەلدى مەشرەپ،
بارسامكى ئىمامىنىڭ يولىغە دىن ئىلە مەزھەپ.
ئول جەئفىرى سادىق بىرۇر بىزگە بۇ مەنسەپ،
تەۋاپ ئەتمەك ئۈچۈن جەئفىرى سادىقنى بۇ مەشرەپ،

www.bilnur.com

ياشمىنى خوتەن دەشتى ئارا پۇر گۆھەر ئەتتىم.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

شاھ مەشرەپ ھېلىقى دۆڭنىڭ ئۈستىگە يېتىپ بېرىپ بىر تال خادىنى تۇغ ـ شەددە قىلىپ يەرگە قادىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ دۆڭنى ئىمامى جەئىفرى سادىقنىڭ مازارى دەپ تاۋاپ قىلغۇچىلار كۆپىيىپ، بۇ دۆڭگە بىر خادا، ھېچ بولمىسا بىر تال ياغاچ ياكى بىر تال قىرلىق تاشنى تىكلەش ئادىتى كېيىنكىلەرگە ئۇدۇم بولۇپ قالدى.

شاھ مەشرەپ ئۆزىنى ئاسقان ھېلىقى توغراق تاۋاپچىلار بۇ دۆڭگە چىقىشتىن ئىلگىرى تاۋاپ قىلىپ ئۆتىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئارىسىدا: «ناھەقچىلىقتا ئۇچرىغان كىشىلەر ياكى زالىملاردىن ئۆچىنى ئېلىشقا قۇربى يەتمىگەن پەقىرلەر مۇشۇ توغراق تۈۋىگە كېلىپ، شېخىغا ئېسىلىپ خۇداغا نالە قىلسا، ھاجىتى راۋا بولارمىش» دېگەن رىۋايەت كەڭ تارقالدى. . .

* * *

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، قالماق شاھنەسى بەلگىلەپ بەرگەن سۇرۇك ـ مۆھلەتتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى، ئاپاق خوجىنىڭ مۇئەككەل سوپىلىرى بىز يۇقىرىقىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن 2000 دەك ئەر ـ ئايال ئالبات ۋە توققۇز يۈز غالچا چوكان، توققۇز يۈز غالچا يىگىتنى كىشەنلەپ، بويۇنلىرىغا تاقاق، ئاچا سېلىپ تەييار قىلدى. ئەتىسى، ئولپان ـ تارتۇقلار ئارتىلغان 2000 دەك تۆگە ۋە مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق قالماق چېرىكى ھەربىرسى بىردىن غالچا چوكاننى ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ يولغا چىقتى.

www.bilnur.com

قالغان ئالبات ۋە غالچا يىگىتمۇ قالماق چېرىكلىرى بىلەن سوپى چېرىكلەرنىڭ قوراللىق نازارىتىدە ئىلىبالىققا قاراپ يولغا چىقتى.

دۇئا بىلەن تەخت، دۇئا بىلەن بەختىنى تاپقان بەتنىيەت ئاپاق خوجا شاھ مەشرەپنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك مۇھاكىمىلىرىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇنىمۇ ئۆزىدىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن، خوتەندىن چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىلىبالىققا تۇرۇشلۇق شەخسى ۋەكىلى سۈپىتىدە قاراخان زەڭگىگە ھەمراھ قىلىپ ئىلىبالىققا يولغا سېلىۋەتتى.

ئاپاق خوجا ئۇلارنى يولغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. «ئەمدى، لىخاساغا — بۇتپەرەستلەرنىڭ چوڭى دالاي لاماغا ئەۋەتىدىغان ئولپان ـ تارتۇقنى تېزرەك يولغا سېلىش كېرەك» دەپ ئويلايتتى ئۇ. بۇ ئىش ئىلىبالىققا ئەۋەتىدىغان ئولپان- تارتۇقلارنى تەييارلاشقا قارىغاندا كۆپ ئوڭايغا توختايتتى. چۈنكى دالاي لاماغا ئەۋەتىدىغان ئولپان ـ تارتۇقلارنى ئېلىپ ماڭىدىغان دۈم تېڭىقلار ھەپسەتىگىدە سامانداك يېتىپتۇ! ئۇنىڭدىن نېمە غەم قىلغۇلۇق؟ ! ...

* * *

ئاتلىق قالماق چېرىكلىرىنىڭ باش تەرىپىدە قالماق شاھنەسى قاراخان زەڭگىمۇ ئاتلىق كېتىپ باراتتى. ئۇ بۇ قېتىم ئىلىبالىققا بېرىپ غالدان بوشوكتو بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيەدىن ئېلىنىغان ئالۋان ـ سېلىقلارنى يەنىمۇ كۆپەيتىش ئىشىنى مەسلىھەتلەشمەكچى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ غالدان بىلەن كۆرۈشكەندە نېمىلەرنى دەپ، نېمىلەرنى دېمەسلىك لازىملىقىنى كۆڭلىگە تىزماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شاھ

www.bilnur.com

مەشرەپ پىيادە كېتىپ باراتتى.

شاھ مەشرەپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز رەھمەتلىك ئۇستازى موللا بازار ئاخۇننى ئەسلەپ قالدى، «ئۆمۈر پەلەكىدە، — دېگەنىدى ئۇ رەھمەتلىك ئۇستاز، — قانات كېرىپ ئۇچۇۋاتقان قىسمەت لاچىنى ھەر ئۇچۇشىدا تۈرلۈك يېڭى ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.» ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەت كۆلپەتلىرىنى ئەسلەپ، ئۇستازىنىڭ بۇ گېپىنىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

كارۋان كونا قايرىلغان مەھەلدە بەشتوغراق دائىرىسىگە كىردى. يول بىر قەدىمكى قەبرىستانلىق يېنىدىن ئۆتەتتى. كېتىۋاتقان ئالباتلار تۇيۇقسىزدىن جىم بولۇشتى — دە، باشلىرىنى سىلىپ مېڭىشتى.

— ئىنۇ خوتۇن كونا يامىركېجەنە؟![1] — دەپ سورىدى قالماق شاھنەسى كەينىدىن كېلىۋاتقان شاھ مەشرەپتىن.

— بۇ يەردە خەلقىمىزنىڭ جىگەر پارىلىرى — تەۋەررۇك پەدەر ۋالىدە، بوزورگۋارلىرىمىز مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشكەن، — دەپ چۈشەندۈردى شاھ مەشرەپ ھېلىقى قەبرىستانلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — شۇڭا، ئۇلار ياتقان تۇپراق بېشىدىن ئات چاپتۇرۇپ توپا توزۇتۇپ ئۆتۈش يامان چوڭ گۇناھ بولىدۇ! بۇنى ھەربىر ئۇيغۇر ئەھلى ئۇنتۇپ قېلىش تىرىكلىكتىكى ئۆلۈكتۇر، دەپ ھېسابلايدۇ!

قالماق شاھنەسى شاھ مەشرەپنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— مېن، مېن![2] — دەپ قالماق چېرىكلىرىگە ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇق بەردى ۋە:

— ھەربىرىڭلار بېشىڭلارنى ئېگىپ، سۈكۈتتە مېڭىڭلار.

---

① موڭغۇلچە سۆز: «بۇ ئۇيغۇرلار نېمىشقا بۇنداق قىلىشىدۇ؟»
② مېن، مېن — موڭغۇلچە: «راست، راست» دېگەن مەنىدە.

www.bilnur.com

بۇ يەر خوتۇنلارنىڭ تېكىملىخانىسى① ئىكەن. ئۇلۇغ تۇپراقنى ئەزىزلەش ھەممە ئىنسان گۇرۇھىنىڭ شەرەپلىك بۇرچىدۇر!

— زەڭگى ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى — دە، قەبرىگە باش قويۇپ سەجدە قىلىشقا باشلىدى، قالغان قالماق چېرىكلىرىمۇ ئۇنى دوراپ ھەدەپ باش ئۇرغىلى تۇرۇشتى...

* * *

بەشتوغراقتىكى بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىق — «مەتسەلىيكام ئورما خوجام قەبرىستانلىقى» دېگەن قەدىمكى بىر قەبرىستانلىق ئىدى. بۇ قەبرىستانلىق ھەققىدە مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت كەڭ تارقالغانىدى: قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان② نىڭ بىبى مەريەم ئىسىملىك بىر كەنجە قىزى بولۇپ، ئۇ ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ تەڭ يېتىشكەن، ئۇستۇن ھەربىي ماھارەت ئىگىلىگەن سەركەردە ئىدى. /تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 302 - يىلى (مىلادى 914 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، يېڭىسارنىڭ ساغان دېگەن يېرىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇتقا چوقۇنىدىغان بۇتپەرەست ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش پارتلايدۇ/.

---

① موڭغۇلچە: «ئۇلۇغ يەر، ئۇلۇغ تۇپراق» دېگەن مەنىدە، موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە تېكىملىخانا بار يەرگە كەلگەندە چوقۇم ئاتتىن چۈشۈش كېرەك.

② سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخان — ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مەشھۇر فېئودال سۇلالە — قاراخانىيلارنىڭ 3 - ئەۋلاد خاقانى. ئۇ تەخمىنەن ھىجرىيە 203 - يىلى (مىلادى 876 - يىلى) بالاساغۇندا تۇغۇلغان. مىلادى 893 - يىلى، قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنى تالاس ئۇرۇشىدا سامانىيلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندا، ئۇ تاغىسى ئوغۇلچاق بىلەن بىللە بالاساغۇندىن قەشقەرگە قېچىپ كېلىدۇ، مىلادى 914 - يىلى (ھىجرىيە 302- يىلى) ئۇ ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ياردىمى بىلەن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، قاراخانىيلارنىڭ تەختىنى تاغىسى ئوغۇلچاقتىن تارتىۋالىدۇ ۋە قاراخانىيلارنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ بوغرا قاراخان بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئاللىقاچان كىرىپ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىپ، بىر قاتار غازاتلارنى قوزغىغان. شۇنىڭدىن كېيىن قاراخانىيلار ئىسلام دۆلەتلىرى ئىچىدە تۇنجى تۈركىي تىللىق دۆلەت بولۇپ قالغانىدى.

www.bilnur.com

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بۇتپەرەستلەر مۇسۇلمانلارنى يېڭىۋالدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى قىرىپ تاشلايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ سەركەردىسى بىبى مەريەم ئۆزىنىڭ سەككىز قىز مەھرىمى بىلەن ئۇرۇشا - ئۇرۇشا، جەڭ مەيدانىدىن ئاتۇش تەرەپكە قاراپ چېكىنىپ، بەشكېرەمنىڭ بەشتوغراق دېگەن يېرىگە كەلگەندە، بۇتپەرەستلەر ئاتقان بىر تال ئوق بىبى مەريەمگە تېگىپ كېتىپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇ دەل ئورما ۋاقتى ئىدى.

شۇ چاغلاردا بۇ ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغانىدى. ئېتىزلىقتا ئورما ئورۇۋاتقان مەھەممەت سالىھ ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر دېھقىنى يارىدار سەركەردە بىبى مەريەمنى ئۇنچىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ.

بىبى مەريەملەرنى ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن بۇتپەرەستلەرنىڭ سەردارى بايتاش رەشىت ھېلىقى مۇھەممەد سالىھ دېگەن دېھقاندىن:

— سەن يارىلانغان بىر مۇسۇلماننى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورايدۇ. مۇھەممەد سالىھ:

— بۇ يەرگە كەلمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ساياتىن مەشھەد[1] تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئەمما، بايتاش رەشىت ئۇنىڭغا ئىشەنمەستىن، يوشۇرۇپ قويغان يېرىڭنى دەپ بەرسەن، دەپ ئۇنى قاتتىق قىينايدۇ. ئاخىر ھېلىقى دېھقاننى چېپىپ تاشلايدۇ — دە، مەشھەد تەرەپكە قاراپ ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كېتىپ قالىدۇ.

ئورمىلىقتىكى باشقا دېھقانلار بۇتپەرەستلەر كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى يارىدار سەركەردە بىبى مەريەمنى ئۇنچىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ يارىلىرىنى باغلاپ داۋالايدۇ. ئەمما،

---

① مەشھەد — ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسىنىڭ بىر مەھەللىسى.

بۇتپەرەسلەرنىڭ ئاتقان ئوقى زەھەر سۇيىدە سۇغۇرۇلغانلىقتىن، زەھەر ئاللىقاچان قىزنىڭ سۆڭىكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىبى مەريەم ئۆزىنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— مەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى بىبى مەريەم بولىمەن. مەن ئۆلگەندىن كېيىن دادام مېنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلسۇن، مېنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆلۈپ كەتكەن بۇ شېھىتنىمۇ مېنىڭ قەبرەمنىڭ يېنىغا يەرلىككە قويسۇن! — دەيدۇ — دە، كۆزى يۇمۇلمايلا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدى 17 ياشقا كىرگەنىدى.

كىشىلەر بۇ باھادىر قىزنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن ئورمىچى دېھقان مۇھەممەد سالىھنى مۇشۇ ئېگىزلىكتا دەپنە قىلىشىدۇ . . .

كېيىنكى چاغلاردا، كىشىلەر مۇھەممەد سالىھ دېگەن دېھقاننىڭ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۇنى ئورما پىرى قىلىپ، «ئورما خوجام» دەپ ئاتىشىدۇ ۋە بۇ قەبرىستانلىقنى «مەتسەلىيكام ئورما خوجامنىڭ قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتىشىدۇ . . .

*　　　*　　　*

غالدان بوشۇكتۇ خاننىڭ مۇلكىي قەشقەرىيە سەلتەنىتىنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتكەن شاھنەسى، قاراخان زەڭگى قونتاجى ئەمدىلەتىن 30 لاردىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ئۇرۇشقا قاتناشقان، ئادەملەرنى كۆپ قىرىپ سۆڭىكى قاتقان، رەھىم ـ شەپقەت دېگەننى بىلمەيدىغان تاش يۈرەك، كاداڭ بىر سەركەردە ئىدى.

مىلادى 1680 ـ يىلى، جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ چوڭى

www.bilnur.com

غالدان بوشۇكتۇخان مۇلكىي قەشقەرىيىنى تولۇق ئىستىلا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئازاراقلا ئەسكەر قالدۇرغاندىن باشقا، قالغان لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ كەتتى. ئۇ قەشقەرىيىدە ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىق خوجىلارنى يۆلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇنۇملۇك يۈرگۈزدى.

ئاپاق خوجا بولسا، غالدان ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىغان باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى مۇلكىي قەشقەرىيىدىن مەجبۇرىي يىغىۋېلىنغان غايەت زور مىقداردىكى ئولپان ـ تارتۇق ماددىي ئەشيا بايلىقلار بىلەن ئۇنۇملۇك تەمىنلەپ تۇردى.

غالدان بوشۇكتۇخان دالاي لاما ۋەكىللىكىدىكى تىبەت يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىنىڭ سىياسىي، دىنىي جەھەتتىكى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قورچىقى بولغان ئاپاق خوجىغا قەشقەرىيىدىن ھەر يىلى يىغىۋېلىنغان ئولپان ـ تارتۇقلارنىڭ بىر قىسمىنى لىخاساغا — دالاي لاماغا بىۋاستە ئەۋەتىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى.[①]

بۇ مەزگىلدە، غالدان بوشۇكتۇخان ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئەسكىرىي كۈچىنى قەشقەرىيىدىن يۆتكەپ كېلىپ، خالخە[②] موڭغۇللىرىنى ئىستىلا قىلىشقا قاراتقانىدى. شۇڭا ئۇ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئۇيغۇرلارنى «ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېغىدا قورۇش» تەك ئەكسىيەتچى سىياسەت بىلەن باشقۇرۇپ، ئاپاق خوجىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قول تىقمىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ بۇ يەرلەرگە ئەۋەتكەن شاھنەسى باشچىلىقىدىكى ھەر دەرىجىلىك قاراخانلىرى ۋە ئاز ساندىكى ئەسكىرىي كۈچى بىلەن مەھكەم كونترول قىلىپ تۇردى.

---

① ئاماخ: «XVII ئەسىردىكى خەنزۇلار بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ مۇناسىۋىتى» خەنزۇچە نەشرى، 36 ـ بەت.

② خالخە موڭغۇللىرى — تاشقى موڭغۇلىيىنى كۆرسىتىدۇ.

www.bilnur.com

غالدان بوشۇكتۇخان ئاپاق خوجىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى قورچاقلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىلادى 1678 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق تولۇقلانغان «ئەپۇ ئومۇمىيە» پەرمانىنى جاكارلىغانىدى. بۇ پەرماندا: «خوتۇنلارنىڭ دەۋا — دەستىگەر ئىشلىرىغا خوتۇنلارنىڭ مەھكىمەئى شەرئىسى مەسئۇل بولىدۇ. ئورتاق دەۋا ئىشلىرىدا خوتۇنلارنىڭ قازى ـ قۇززاتلىرى كېسىم قىلسا بولىدۇ» دېيىلگەنىدى.

غالدان بوشۇكتۇخان 2 ـ قېتىملىق «ئەپۇ ئومۇمىيە» سىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئاپاق خوجىنىڭ سەممىي تەلپىگە بىنائەن، زەڭگى قونتاجى دېگەن قالماق سەركەردىسىنى قەشقەرگە موڭغۇل ئىستىپلاسىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەكىلى — شاھنە قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.

ئۆز رەقىبلىرىنى ئۆز خوجىلىرىنىڭ قولى بىلەن تەقىپ قىلىش — ئاق تاغلىق خوجىلار بىلەن قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ بىردىنبىر ئوخشاشلىقى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

سەئىدىيە خانلىرىنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن بولغان ئىسمايىل خان غالدان بوشوكتو باشچىلىقىدىكى موڭغۇل ئىستىپلاسىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ ئەمما بۇنداق قارشىلىق ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ساتقىن خوجىلارنىڭ ئارقا تەرەپتىن بەرگەن ئەجەللىك زەربىسى بىلەن يىمىرىپ تاشلاندى. جۇڭغار قالماقلىرى بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ سوپى قوشۇنىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ئاخىر ئىسمايىل خان قوماندانلىقىدىكى سەئىدىيە ئارمىيىسى ئاقسۇ چۆلىدە تەلتۆكۈس تارمار كەلتۈرۈلدى. ئېغىر يارىلانغان ئىسمايىل خان ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى.

ئاپاق خوجا ئىسمايىل خاننى جەددى ـ جەمەتى بىلەن قوشۇپ بىراقلا قىرىپ تاشلىماقچى بولغان بولسىمۇ ئەمما غالدان پۈتۈن

www.bilnur.com

ئىستىبلاچىلىق ئورۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ۋاقتىنچە تىرىك قالدۇرۇش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ئىسمايىل خاننىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئاپاق خوجا بىلەن غالدان بوشۇكتۇخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىملىق چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس ئىختىلاپ يۈز بەردى. بۇ ئاپاق خوجىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆز خوجىسىنىڭ پىكرىگە تۇنجى قېتىم ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قارشى چىقىشى ئىدى.

— سەئىدىيىلەرنىڭ ناپاك نەسلىنى قۇرۇتۇپ تاشلاپ، ئورۇق - ئەۋلادىنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىغان ياخشىراق، - دەپ چۈشەندۈردى ئاپاق خوجا غالدانغا گەپ يېگۈزەلمەستىن، — چۈنكى، ئوتنى ئۆچۈرۈپ، چوغنى قالدۇرۇپ قويۇش، يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، تۇخۇمىنى ساقلاپ قېلىش — ئاقىللارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس!

— سىز بىزگە تولا ئەقىل ئۆگەتمەڭ! — دەپ تېرىكتى غالدان، — بىز بۇنى سىزدىن ئوبدانىراق بىلىمىز. «بەزىدە ئوتتۇز، بەزىدە توققۇز» دېگەن گەپ بار. مەن ئۇنى ئىلبالىقتا - ئۆزۈمنىڭ يېنىدا تۇتقۇنلۇقتا تۇتسام، ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كۆپرەك مەنپەئەت بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش، ماڭا ئىشلەپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ھى، ھى.....

ئاپاق خوجا غالدان بوشۇكتۇخاننىڭ مۇددىئاسىنى ياخشى چۈشىنەتتى. «شۇڭا، — دەپ ئويلىدى ئاپاق خوجا، — چوقۇم ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك. بولمىسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇددى ئەسكى پايتىمىنى كېرەك قىلمىغاندەك، ئەتىلا مېنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىسمايىل خاننى باشقىلەتىن قەشقەرىيە تەختىگە يۆلەپ چىقىرىش — غالداننىڭ قولىدىن ھەر ۋاقىت كېلىدۇ! چۈنكى، پادىشاھلارنىڭ دوستلۇقى بىلەن كىچىكلەرنىڭ خۇش ئاۋازىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

www.bilnur.com

ئاۋۋالقىسى بىر گۇمان بىلەن ئاينىپ قالىدۇ. كېيىنكىسى بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ!»

ئاخىر، ئاپاق خوجا ئۆزىگە خاپىچىلىقى ئازراق بولغان تەرەپنى — ئىسمايىل خاننى ئۆلتۈرمەي، ئاقسارايغا — ئۆزىنىڭ تەختى ئاستىدىكى زىندانغا نەزەربەند قىلىش يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى.

هەر قانداق بىر هۆكۈمران ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەغلۇپ بولغان رەقىبلەرگە رەهىم قىلىش — ئۆزىگە كېپەنلىك پىچىش بىلەن باراۋەر ئىدى. نىهايەت، ئاپاق خوجىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس — تە! چۈنكى، ئىسمايىل خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى هەر قانداق ۋاقىتتا ئاپاق خوجىنىڭ سەلتەنىتى ئۈچۈن هەلقۇمغا قادىلىدىغان قىلتىرىق ئىدى. بۇنى غالدانمۇ ئېنىق چۈشىنەتتى.

* * *

ئاپاق خوجىنى مۈلكىي قەشقەرىيە سەلتەنىتىنىڭ تەختىگە يۆلەپ چىقىرىش ئۈچۈن بولغان قانلىق ئورۇشلار قالماق شاهنەسى زەڭگىنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

جۇڭغارلار تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ ئۇيغۇر ئېلىدە سەئىدىيە ئارمىيىسى بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلىشتى. سەئىدىيلەرمۇ ئۇنچىۋالا بوش ئادەملەر ئەمەس ئىكەن. بىر ئېلىك يەرنى ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش — ئون قالماق ئەسكىرىنىڭ خۇنىغا باراۋەر كەلدى. سەئىدىيلەرنىڭ قوللىرىدىكى قىلىچلار جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ بېشى ئۈستىدە رەهىمسىزلىك بىلەن ئوينايتتى...

ئەمما جۇڭغارلارمۇ بۆرىدەك هۇۋلىشىپ، سەئىدىيەلەر

www.bilnur.com

سىپىغا ئات چاپتۇرۇپ بىرىپ، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى قىرىپ سايىنىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇۋېتىشكە ئۇرۇناتتى. جەڭدە بەزىلەر هاي - هۇيلىسا، بەزىلەر يىغلايتتى. بەزىلەرنىڭ قېنى چېچىلسا، بەزىلەرنىڭ دوڭغىيىپ قوڭى ئېچىلاتتى. بەزىلەرنىڭ بوينى ئۈزۈلسە، بەزىلەرنىڭ تېنى چۇۋۇلاتتى. ئەيىۇھەنناس، شۇنداق قىرغىنچىلىق بولدىكى، ئاقسۇ چۆلىدە قانلاردىن ئېرىق هاسىل بولدى. جەسەتلەردىن تاغ ياسالدى، ئادەملەرنىڭ كاللىلىرى هەممىلا يەردە سويىمدەك دومىلاپ يۇرەتتى.

«بىزغۇ بۇ خەق بىلەن بىر تائىپىدىن ئەمەس، — دەپ ئويلايتتى زەڭگى ئىچىدە، — ئەمما ساغان نويۇن[①] بىز قىرىۋەتكەن بۇ خوتۇنلار بىلەن بىر تائىپىدىنغۇ؟ نېمىشقا ئۇ ئۆز تائىپىسىگە ئۆچتۇ؟ رەھىم - شەپقەت قىلمايدىكىنا؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا، خوتۇنلارنىڭ كۆك تەڭرىسى ئەسلىدىنلا رەھىمسىز، قورسىقى تار، باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان، چاياندەك ھەسەتخور ئوخشايدۇ. بولمىسا، ئۇنىڭ ئەھلى بولغان بۇ ساغان نويۇنلار ئۆز تائىپىسىدىكىلەرنى بۇنداق چاياندەك چاقمىغان، ۋەتەن - يۇرتىنى سويغان پىيازدەك قىلىۋەتمىگەن بولاتتى! . . .»

زەڭگى كىچىك ۋاقتىدا مومىسىدىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر ھېكايىنى ئەسلەپ قالدى:

— چاياننىڭ تۇغۇلۇشى باشقا جەرەندىلەرگە ئوخشاش مۇئەييەن ئادەت بويىچە بولمايدۇ، — دېگەندى مومىسى ئۇنىڭغا، — چايان ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلگەن چېغىدىنلا ئانىسىنىڭ ئىچ - قارنىنى يەپ، قورسىقىنى يېرىپ چىقىدۇ — دە، چۆل - باياۋانغا كېتىدۇ. كىشىلەر چايان ئۇۋىسىدا پەقەت ئۇنىڭ پوستىنىلا كۆرىدۇ. چايان كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسىغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلغانلىقتىن، چوڭ بولغاندا

① ساغان نويۇن — موڭغۇلچە: «ئاپاق خوجا» دېگەنلىك بولىدۇ.

www.bilnur.com

زەھەرلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ! شۇڭا، باشقىلار چاياندىن:

— نېمىشقا قىشتا تالاغا چىقمايسەن؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ:

— يازدا تۇزۇك ھۆرمىتىم بولمىسا، قىشتا چىقىپ نېمە قىلاي! — دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. . .

* * *

مىلادى 1685 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، يەنى ئالباتلار بىلەن غالچا چوكان، غالچا يىگىتتىن تەشكىل قىلىنغان كارۋان قەشقەردىن يولغا چىقىپ توپ ـ توغرا ئوتتۇز كۈن بولغاندا ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

بۇ شەھەر چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ يايلىقى بولغان ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسى بويىغا جايلاشقان قەدىمكى بىر شەھەر ئىدى. ئاقسۇ دەرياسى ئاقسۇ شەھىرى جايلاشقان تار بوغۇزغا كەلگەندە، ئېقىن بىردىنلا جىددىيلىشەتتى. شۇڭا، ئاقسۇ شەھىرى تارىختا كۆپ قېتىم سۇ ئاستىدا قېلىپ ئاھالىسى قىرىلىپ كەتكەنىدى.

قالماق شاھنەسى زەڭگى قونتاجى ئاتلىق كېتىۋېتىپ ئاقسۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان قەبرىستانلىقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى:

— ھەي باخشى،① سەن ئېيتىپ باقە، ئاۋۇ دۆڭدىكى زومچەك ـ زومچەك تۇرغان نېمە ئۇ؟ — دەپ كەينىدىن پىيادە كېلىۋاتقان شاھ مەشرەپتىن سورىدى.

— قەبرىستانلىق، — دەپ جاۋاب بەردى شاھ مەشرەپ.

— نېمىشقا تىرىكلەر پەستە، ئۆلۈكلەر ئېگىزدە بۇ خەقنىڭ؟

① باخشى — موڭغۇلچە: «ئۇستاز، ئەھلى ئىلىم» دېگەنلىك بولىدۇ.

www.bilnur.com

— شاھ مەشرەپ قالماق شاھنەسىنىڭ سوئالىغا ئۆزى ئاڭلىغان مۇنداق بىر نەزمە بىلەن جاۋاب بەردى:

ئاقسۇنىڭ كوچالارى رەستە ـ رەستە،
ئۆلۈكى ئېگىزدەدۇر، تىرىكى پەستە!

قالماق شاھنەسى شاھ مەشرەپنىڭ بۇ ھەزىلىسىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار مۇز داۋان يولىنىڭ باشلىنىش مەنزىلى — تازلەنگەر[1] گە يېتىپ كېلىشتى.

قالماق شاھنەسى زەڭگى كارۋاننىڭ بۇ يەردە ئىككى كۈن دەم ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە:

— ئالباتلار، قېچىشقا ھەرىكەت قىلماڭلار. كىمكى قاچسا بوشۇكتۇ خاننىڭ ئادەم كۆچۈرۈش پەرمانىغا قارشىلاشقان بولىدۇ. ئۇنداقلار فارامىن بويىچە تۇتۇپ كېلىنگەن ھامان ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ! مەن ئىشىنىمەنكى، سىلەر ھەرگىزمۇ ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايسىلەر! — دەپ جاكارلىدى.

* * *

مۇزداۋان يولى — قەدىمكى يول بولۇپ، شۇ چاغلاردا مۇلكىي قەشقەرىيەدىن ئىلىبالىققا بېرىشتا ئەڭ يېقىن يول بولغانلىقتىن، ھەر يىلى غالدان بوشۇكتۇ خانغا تاپشۇرۇلىدىغان ئالۋان ـ تارتۇق ۋە ئالبات، غالچا چوكان، غالچا يىگىت مۇشۇ يول ئارقىلىق جوڭغارىيىگە ئەۋەتىلەتتى.

بۇ يول شۇ چاغلاردا 18 ئۆتەڭلىك يول ھېسابلىناتتى. ئەينى

① تازلەنگەر — ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

www.bilnur.com

يىللاردىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ تارخانلىقى بولغان تازلەنگەر، ئىشلەمچى، جام، تۈز ئاۋات، بوزدۆڭ، قورغان، چوڭ ئارپا، يېڭى مەھەللە، تۇغ بەلچى، تامغا تاش، مۇزداۋان، توغرا سۇ قاتارلىق مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن جۇڭغار جۇڭغارلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى خان يايلاق، ئايدىڭ گېر①، شاتى، ئاقسۇ، سىمتاش، قاراكۆل قاتارلىق مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، تېكەس ۋادىسىغا يەتكىلى بولاتتى.

ئىلىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى خۇددى كانايغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ غەرب تەرىپى تۈز بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئۈچ تەرىپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ داۋان ئېشىپ - تاغ ئارىلاپ ماڭغاندىلا، ئاندىن ئىلىغا بارغىلى بولاتتى.

تەڭرىتېغىنىڭ ئىلىغا ئۆتىدىغان تاغ ئېغىزلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ئەمما بۇ ئېغىزلاردىن ئۆتىدىغان تاغ يوللىرىنىڭ ئىچىدە شىمالىي يول بىلەن جەنۇبىي يوللا ئەڭ ئاساسلىق يول ھېسابلىناتتى.

تەڭرىتاغلىرى قەدىمدىن تارتىپلا يىپەك يولىدىكى تەبىئىي توساق بولۇپ كەلگەنلىكتىن، شىمالدا ئىلىغا پەقەت تەڭرىتاغلىرىنىڭ مۇھىم ئېغىزلىرىدىن بولغان مۆڭكىت داۋىنى، شىنانغول داۋىنى، كۆتۈرچىن داۋىنى قاتارلىق ئېغىزلار ئارقىلىقلا ئۆتكىلى بولاتتى. شىمالىي يولدىكى مۇھىت داۋان يولىدىن ئىككىنسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، قاينۇقا ئۆتكىلى بولىدىغان پىلچى داۋىنى ئىدى. مىلادى 657 - يىلى، تاڭ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ سۇ دىڭفاڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلىرى

① موڭغۇلچە: «كۆڭگەيدىكى ئۆي» دېگەن مەنىدە.

www.bilnur.com

تۈركلەرنىڭ ئاشىناقۇل ئىسيانىنى[1] تىنچىتىش ئۈچۈن پىلچى داۋىنى ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ قاينۇق قەلئەسىگە تاجاۋۇز قىلغانىدى ھەمدە نارات ئارقىلىق غەرب تەرەپتىن يېتىپ كەلگەن جەنۇبىي يۈنىلىشتىكى تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قاش دەرياسى ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئاشىناقۇل ئىسيانىنى تىنچىتقانىدى.

كېيىنكى چاغلاردا خاقانىي چىن چەنلۇڭ جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندا، مانجۇلارنىڭ جاۋخۇي دېگەن سانغۇنى مۇشۇ يول بىلەن ئىلىبالىققا باستۇرۇپ كىرگەنىدى. يەنە بىرى، ئىلىبالىقنىڭ شىمالىدىكى تەبىئىي دەرۋازا ـ كەڭساي يولى بولۇپ، مانجۇلار زامانىدا تالچى داۋىنى دەپمۇ ئاتالغانىدى.

مىلادى 1218 ـ يىلى يازدا، چىڭگىزخان نەچچە يۈزمىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ئىلىبالىق ئارقىلىق تۆت تارامغا بۆلۈنۈپ ماۋرائۇننەھرگە باستۇرۇپ كىرگەندە، چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ كەڭساي يولىنى ياسىغان ۋە 28 ئورۇنغا كۆۋرۈك سېلىپ تاغ يولىنى راۋانلاشتۇرغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى، كەڭساي يولى ئىلىنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى مۇھىم ئېغىزغا ئايلاندى.

ئەمدى جەنۇبىي يولغا كەلسەك، ئىلىدىن مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئۆتكىلى بولىدىغان ئۈچ تاغ يولى بار ئىدى: بىرى، نارىن داۋىنى ئارقىلىق تەڭرىتېغىدىن ئۆتىدىغان نارىن يولى؛ يەنە بىرى، نارات داۋىنى ئارقىلىق ئۆتىدىغان نارات يولى؛ يەنە بىرى،

---

① ئاشىناقۇل — غەربىي تۈركلەرنىڭ خاقانى، ئۇ ئىستەمى خاقاننىڭ بەشىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى ئىدى. دەسلەپتە ئۇ تالاستا تۇرغان، كېيىن مىلادى 648 ـ يىلى تاڭ ئىمپېراتورلۇقىغا تەسلىم بولغان. مىلادى 651 ـ يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىڭبۇلاقتا (ھازىرقى ئىلى ۋادىسىدا) بارگاھ قۇرغان. مىلادى 657 ـ يىلى سۇ دىڭفاڭ قوماندانلىقىدىكى تاڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قاش دەرياسى بويىدا يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

www.bilnur.com

مۇزداۋان يولى. بۇ ئۈچ يولنىڭ ھەممىسىلا ئىلىغا تۇتىشاتتى.

نارىن يولى[①] — تۆمۈرتى كۆلىنىڭ يېنىغا بارغاندا شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، نارىن داۋىنى ئارقىلىق مۇلكىي قەشقەرىيە بىلەن تۇتىشاتتى.

نارات يولى — نارات داۋىنى ئارقىلىق ماڭىدىغان قەدىمكى كارۋان يولى ئىدى. بۇ يول شەرقتە تۇرپان، توقسۇن، ئالغۇي، الغۇنتاي، بايىنبۇلاق، نارات ۋە كۇنەسلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىلىغا تۇتىشاتتى. بۇ يولدا ماڭغاندا شەرقتە يۇقىرىقى جايلارغا يېتىپ بارغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا يەنە چالىش[②] كۇسەن[③] قاتارلىق جايلارغىمۇ بارغىلى بولاتتى.

ئالغۇي جىلغىسىدىن ئىلىغا بارغىچىلىك يول بويىدا قەدىمكى ساكلارنىڭ قەبرىستانلىقىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. دېمەك، بۇنىڭدىن قەدىمكى زاماندىمۇ بوزقىر خەلقىنىڭ مۇشۇ يولدا توختىماي مېڭىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

يۇقىرىقى يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا شوتا يولى دېگەن قەدىمكى بىر يول جايلاشقانىدى. بۇ يول جەنۇبتا ئاقسۇنىڭ ئۇنسۇ[④] دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىچىدىكى مۇزداۋان ئارقىلىق تېكەس ۋادىسىغا تۇتىشىدىغان قەدىمكى مەشھۇر يول ئىدى. بۇ يول مۇزداۋان ئارقىلىق ئۆتكەچكە، مۇزداۋان يولى دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ يول ئارقىلىق غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا ئىسسىقكۆل ئارقىلىق قەدىمكى سۇيياب شەھىرى[⑤] گە يېتىپ بېرىش مۇمكىن ئىدى؛ شەرقىي شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، سوغۇر داۋان — قەدىمكى قاش يولى ئارقىلىق سۇ ئاسۇ

① نارىن يولى — ھازىر دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدە ئەمەس.
② چالىش — قارا شەھەرنىڭ تارىختىكى يەنە بىر نامى.
③ كۇسەن — كۇچانىڭ قەدىمكى نامى.
④ ئۇنسۇ — ھازىرقى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى.
⑤ سۇياب (سۇيى ئاب) شەھىرى — ھازىرقى نامى توقماق دەپ ئاتىلىدۇ.

www.bilnur.com

داۋنىغا چىقىپ ئىلىغا بارغىلى بولاتتى.

مۇزداۋان يولىنىڭ تارىخى نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن تارتىپلا باشلانغان بولۇپ، تاكى جۇڭغار قالماقلىرى مۇلكىي قەشقەرىيەنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغانغا قەدەر راۋان بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ يولدا قەدىمدىن تارتىپلا يول ئاسرايدىغان، يول ياسايدىغان داۋانچى تۇرغۇزۇلاتتى. ئادەتتە مۇزداۋان يولىنى داۋاملىق ياساپ تۇرىدىغان مەخسۇس 120 تۇتۇن داۋانچى تامغا تاش دېگەن يەردە ماكانلاشقانىدى. ھەر كۈنى بىر گۇرۇپپا داۋانچى گېزەكلىشىپ، داۋان يولىنى ياساپ تۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. ھەر- بىر گۇرۇپپىدا 20 دىن ئادەم بولاتتى.

مۇزداۋان يولى ئۆزىنىڭ خەتەرلىكلىكى بىلەن تارىختىن تارتىپ «قازا يولى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى.

مىلادى 1680 - يىلىدىن باشلاپ، ئاپاق خوجا ئۆزىگە بىۋاسىتە قارايدىغان مەخپىي ساقچى ئورگىنى — مەھكىمەئى خۇپىيە دېگەن مۇئەسسەسەنى ئىشقا سېلىپ، جايلاردا ئىسيان كۆتۈرگەن، جەدىت دەپ قارالغان كىشىلەرنى، پىرىدىن گۇمانلانغان «ئازمالار»نى «قارا مۇسۇلمان» دەپ قارىلاپ، مەخپىي ياكى ئاشكارا تۇتقۇن قىلىپ ھەپسىگە تاشلىدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شۇ چاغدا مۇلكىي قەشقەرىيەدە جەمئىي 140 ئورۇندا ھەپسە تېگى① بار بولۇپ، بۇنىڭغا تاشلانغانلارنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. «قونتاجى كاپىر شاھنىڭ لەۋزى - بىشارەتلىرى ئىلاھى ئىرادەت ھەم ھالا ئافاق خاننىڭ خۇدايى ئەپۇئومۇمىيە ئىلتىپاتى ۋە ئەمرى بىرلە... بۇ گۇناھكارلارنى خۇدالىق تۆت يول ئەجرىگە ھەيدەپ ۋە سېلىپ خاسىيەتلىرى تۆۋبە، پۇشايمان نىسابىغا يەتكەندە خۇدايى ئازات قىلىپ، پۇقرا قەۋمىگە قوشۇلۇپ كېتىش پەرمانىنى جاكار

① يەرنى كولاپ تېگى كېڭەيتىلىپ ياسالغان زىندان.

www.bilnur.com

قىلىشقان ئىدىلەر...»[1]

بۇ مەلۇماتتىكى «خۇدالىق تۈت يول» — قاغىلىق - ئورساڭ - لاداق ئارىلىقىدىكى 36 ئۆتەڭ - مەنزىللىك تاغئارت[2] يولى - «ئەجەل يولى» نى، خوتەن - قومبەل ئارىلىقىدىكى «جىن چىغىر يولى»[3] نى، ئاقسۇ - ئىلبالىق ئوتتۇرىسىدىكى 18 ئۆتەڭ - مەنزىللىك «قازا يولى» — مۇزداۋان يولىنى ۋە قەشقەر - نارىن ئارىلىقىدىكى «كارۋان يولى» نى كۆرسىتەتتى.

بۇ يوللار ئۆزىنىڭ بىرىپ يېتىدىغان ئاخىرقى مەنزىلىنىڭ يىراقلىقى، يولىنىڭ مۇشكۇللۇكى بىلەن شۇ زاماندىلا كىشىلەر تەرىپىدىن «بارسا كەلمەس يول» دەپ ئاتالغانىدى. گەرچە بۇ يوللار بۇرۇنقى زاماندا پۇقرالارغا سىلىق سىلىش، ھۆكۈمەت خىراجەت ئاجرىتىش، كىشىلەرنى ساۋاپقا چاقىرىش، خانلىقتىن تۇزۇم بېكىتىپ ئاسراش قاتارلىق چارىلەر بىلەن ئاسرىلىپ، ياسىلىپ كېلىنگەن بولسىمۇ ئەمما سەئىدىيەلەر زامانىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن خوجىلار پىتنىسىدە يۈز بەرگەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن ھەم ھۆكۈمەتكىمۇ، ھەم پۇقراغىمۇ پايدىلىق بولغان بۇنداق ساۋاپ ئىشلار پۈتۈنلەي تاشلىنىپ قالدى. قاچانكى ئاپاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيە ھاكىمىيىتىنى سەئىدىيلەر قولىدىن تارتىۋالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆز خوجىسىغا — جۇڭغار قالماقلىرىغا ھەر يىلى ماڭغۇزۇپ تۇرۇلىدىغان سورۇقى قاتتىق، ھەددى ھېسابسىز ئولپان - تارتۇقلارنىڭ ئۆز ۋاقىت - قەرەلىدە بەلگىلەنگەن

---

① «تەزكىرەئى پىرياران»، قولىيازما.

② تاغئارت — كۆكئارت، پىيازلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 6262 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. مەن 1978 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گېنرال روزى ھوشۇر بىلەن بىللە تىبەتنىڭ ئالى ۋىلايىتىگە خىزمەتكە كېتىۋېتىپ، بۇداۋاندا توختاپ ئۆتكەنىدىم.

③ جىن چىغىر يول — سانجۇ داۋىنى ئارقىلىق قاغىلىقنىڭ مازار، كۆدە، سۆگەتلىك (ھازىرقى 30 چاقىرىملىق گازارما)، شەھىدۇللا قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتىدىغان يول. مەن 1978 - يىلى 8 - ئايدا گېنرال روزى ھوشۇر بىلەن بىللە بۇ يولدا ماڭغانىدىم.

www.bilnur.com

ئورۇنغا يېتىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەپسە تېگىدە يېتىۋاتقان ھېلىقى 10 مىڭدىن ئارتۇق گۇناھكارلارنىڭ «گۇناھى بەدەل ئەجرى» ھېسابىغا بۇ يوللارنىڭ داۋاملىق راۋان بولۇپ تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ھەقتە بەزى ۋەزدانى ساپ مۇئەررىخلەر مۇنداق دەپ ئەينەن خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇشتى:

«. . . قازارى قەدەر ئاپاق خان پادىشاھىم زاتى كالا يىلى، بىر مىڭ توقسان يەتتە ھىجرى جامادىيەل ئاۋۋالدا[1] زامان زۇلمى ـ سەتىمى ئىلكىدە ھەپسە بىقۇۋۇللىرىدىن بىر مىڭ قىرىق بىر مۇسۇلمان خوتەنى ھەربىرى بەش چارەكتىن[2] كۆجە ـ دان،[3] بىر يۇدمە بوخچا، بىر قاپتىن كىشمىش. . . دۇم تېگىق[4] قىلىپ قاتار كارۋان ئىسكەتى بىلەن بىراخمان بۇتپەرەستلەرنىڭ تۇرالغۇ يۇرتلىرىغا يۈز قالماق نازارىتىدە تۇتقۇن سەپەر قىلىنىپ ھەيدەلدىلەر. . ئادەملەر بۇنداق سەپەرنى قامچى كۆچ، دەر ئىدىلەر، ئون توققۇز كۈن ـ تۈندە كاپىر بەل[5] مەنزىلىگە ئۇلاشقاندا، بۇلارنىڭ ئەجەل شەربىتىدىن ئامان ئاشقانلىرى ئاران قىرىققا تەئىن بولدىلەر. . .»[6]

دېمەك، بۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۈچىسىغا ئاپاق خوجىنىڭ تىبەت بۇتپەرەستلىرىنىڭ چوڭى، بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لاماغا ئەۋەتكەن ئولپان ـ تارتۇقلىرى ئارتىلىپ، ئات ـ ئېشەك ئورنىدا ھەيدەپ مېڭىلغان 1041 نەپەر خوتەنلىك تەندۇرۇس ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرى يۈك ئېغىر، يول يىراق،

---

① مىلادى 1685 ـ يىلى 8 ـ ئاي.
② بىر چارەك — ھازىرقى جىڭ ھېسابىدا تەخمىنەن 20 جىڭغا تەڭ.
③ تېرىق، بۇغداي، قوناق، گۇرۇچ، ماش، نوقۇت تىپىدىكى دانلىق زىرائەتلەر.
④ يۇكنى ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە تېڭىپ كۆتۈرگۈزۈپ ماڭدۇرغان ھاشار.
⑤ كاپىر بەل — قەشقەر بىلەن تىبەت چېگراسىدىكى بىر داۋان دېڭىز يۈزىدىن 6094 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. ھازىر ناجى جەھەت داۋان، دېيىلىدۇ. مەن 1978 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گېنېرال روزى ھوشۇر بىلەن بىللە تىبەتنىڭ ئالى ۋىلايىتىگە خىزمەتكە كېتىۋاتقىنىمدا، بۇداۋاندا توختاپ ئۆتكەن. شۇ چاغدا داۋاندىكى ئادەم ئۇستىخانلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالغانىدىم.
⑥ بۇ ھەقتە خوتەنلىك تارىخچى تۇرسۇن قارى كىرىيەۋى تەرىپىدىن 1910 ـ يىلى كەشمىردە يېزىپ قالدۇرۇلغان تارىخي ئەسەر: «خوتەن» گە قاراڭ.

www.bilnur.com

قورساق ئاچ، ئىغىزمان ئوچۇق يالاڭ ـ يوپۇق، كەم ماغدۇر، قارانچۇق ياۋايى، سەپەر رەھىمسىز، ھاۋا سوغۇق، توتەك كۆپ بولۇشتەك تەتۈر پەلەك ئاستىدا قىرىلىپ تۈگىگەن. شۇڭا، ئۇيغۇر تارىخچىلىرى 1001 ئادەم قىرىلىپ، ئۆلۈكى ئايدالادا تاشلىنىپ قالغان بۇ كاپىر بەل داۋىنىنى «مىڭگە بىر داۋىنى»، «جەسەت داۋان» دەپ ئاتاشقانىدى. . .

ھۆرمەتلىك كىتابخان، يول ـ داۋان ھەققىدىكى سۆزلىرىمىزنى ئەمدى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇپ، باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق.

* * *

قازارا، قالماق شاھنەسى زەڭگى ئۆزىنىڭ خان چېدىرىدا ئاپاق خوجىنىڭ ئىلىبالىقىقا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ۋەكىلى شاھ مەشرەپ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— سىلەر خوتۇنلارنىڭ بەزى ئوسال قىلىقلىرىدىن بىزگەندىم! — دەپ سۆز باشلىدى زەڭگى، — سىلەردە: «ئوتتۇردا قاڭشار بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ» دىگەن بىر سۆز بار. مۇبادا سىلەر خەقنى بىزدەك ئادەملەر سورىمايدىغان بولسا، بىر ـ بىرىڭلارنى يەپ تۈگىتىدىكەنسىلەر!

— شاھنە جانابلىرى، قانداق دەيدىلا؟ — دەپ سورىدى شاھ مەشرەپ ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ.

— مەن سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا شاھنە بولۇپ تۇرغان مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە، سىلە خەقنىڭ ھەممە ئىشىڭلارنى ياقتۇردۇم. ئەمما، سىلەر خەقنىڭ خۇشامەتچىلىك، سۇخەنچىلىك قىلىپ ئادەم چاقىدىغان ئىشىڭلار — نىزە، زادىلا ياقتۇرمىدىم! ئەسلىدىغۇ، بوشۇكتۇخانىنىڭ سىلەر ئەھلى خوتۇنلاردىن ئولپان ـ تارتۇق ئېلىشتىن باشقا مەخسىتى يوق

www.bilnur.com

ئىدى. ئەمما، مۇشۇ بىر نەچچە يىل مابەينىدە، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى خۇشامەتچىلەرنىڭ سۇخەنچىلىكىدىن مانا مەن بىكاردىن بىكارغا ئاۋارە بولۇپ ئىلبالىققا — بوشۇكتۇ خانىنىڭ ئالدىغا سىلەردىن ئالىدىغان ئولپان ـ تارتۇقنى كۆپەيتىشنى مەسلىھەتلەشكىلى كېتىۋاتىمەن. ئاراڭلاردىكى خۇشامەتچىلىك بىلەن ھەسەتخورلۇقنى ئۆزىگە كەسىپ مەجبۇرىيەت قىلىشىۋالغانلاردىن گوياكى قېرى تۇرۇپتىن زېرىككەندەك ئەجەبمۇ زېرىكتىم.

— شاھنە جانابلىرى، سىلى ئۇچۇن خۇشامەتچىلىك، چېقىمچىلىقنىڭ نېمە يامىنى بار؟ بىز خەقنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئۇقالايلىغۇ؟ — دەپ گەپ تەشتى شاھ مەشرەپ.

— ئۇغۇ شۇنداق. ئەمما، — دېدى قالماق شاھنەسى، — سەن خەقنىڭ يول تالىلىماي ھەممە ئىشنى چېقىپ كېلىۋېرىدىغىنىڭ يامان — زە، كىچىكلىرىڭ چوڭلىرىڭنى چېقىشىسەن، چوڭلىرىڭ يەنە چوڭلىرىڭنى چېقىشىسەن! زادى چاقىدىغان ئادەم تېپىشالمىساڭ، ھەتتا ئۆزلىرىڭنىڭ ئەھلى ئاياللىرىڭنىمۇ چېقىپ كېلىشىسەن! بىر ـ بىرىڭلارنى چاقىمەن دەپ بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا قانچە قېتىملاپ كېلىشكەنلىكىڭلارنى ئۆزەڭلارمۇ ئۇنتۇپ قېلىشىسەن! بىز بولساق كۆندە ۋاقىت چىقىرىپ، كەلگەنلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىمىز. بەزىدە ئۆزىمىزمۇ بىلەلمەي قېلىپ، مۇكاپات ئورنىغا جازا بېرىپ سالغان ۋاقتىمىز بولغان!

— بۇ گېپىڭىزمۇ خاتا ئەمەس، شاھنە جانابلىرى، — دېدى شاھ مەشرەپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — چۈنكى، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىپ ئادەم چاققانلار ھەسەتخور ئادەملەردۇر. ھەسەتخور ئادەملەر خۇدانىڭ نېمەتلىرىدىن قىزغىنىشىدۇ ۋە بىگۇناھ بەندىلەرنى دۈشمەن كۆرسىتىدۇ! پادىشاھقا خىزمەت قىلىشنىڭ

www.bilnur.com

ئىككى تەرىپى بولىدۇ: ھەم نان ئۈمىدى، ھەم جان قايغۇسى. چۈنكى، «مۇبادا، قورساق ئالدىراتمىغان بولسا، ھېچبىر قۇش تۇزاققا دەسسىمەس ئىدى، شۇنداقلا سەييادنىڭ ئۆزىمۇ تۇزاق قۇرماس ئىدى.»

— ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭ، باخشى! — دېدى قالماق شاھنەسى، — ئەمما، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئادەملەرمۇ بارغۇ؟ مەسىلەن، سېنى ئالايلۇق، ساغان نويۇن سېنىڭدىن بەك قورقىدىكەن، شۇڭا سېنى ئۆزىدىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن ماڭا قوشۇپ قويدى.

— تامامەن توغرا، مەن ئۇلارغا ئوخشىمايمەن، چۈنكى، ئۇلار ياخشى ئادەملەر ئەمەس! — دەپ جاۋاب بەردى شاھ مەشرەپ، — بىز خەقتە مۇنداق بىر ھېكايەت بار، مۇبادا، شاھنە جانابلىرىنىڭ كۆڭلى خالىسا، ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىن.

— مېنىڭغۇ باشقا ئىشىم يوق، سۆزلە، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى قالماق شاھنەسى قىزىقىپ.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى شاھ مەشرەپ، — بۇ پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆرمەكچى بولۇپتۇ — دە، ئۇلارغا:

— ماڭا ئۈچ يامان ئادەم تېپىپ كېلىڭلار، تاپالمىغىنىڭلار مەندىن يۈز تىللا مۇكاپات ئالىسىلەر، تاپالمىغىنىڭلار يەتمىش كالتەك يەيسىلەر، — دەپتۇ.

بۇ ۋەزىرلەر پايپېتەك بولۇشۇپ كېتىشكەن بولسىمۇ، ئۈچ يامان ئادەمنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئەمما، يەنە بىر دانىشمەن ۋەزىر بار ئىكەن. ئۇ ئۈچ يامان ئادەمنى — جاللات، قاسساپ ۋە سەييادنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپتۇ. تاپالمىغانلىرى بولسا، پادىشاھتىن يەتمىش كالتەك ئىنئام ئېلىپتۇ.

www.bilnur.com

— سىلەر ئۈچ يامان ئادەمنىڭغۇ تاپالمىدىڭلار. ئەمدى، بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن يامان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلارچۇ تەقسىرلەر! — دەپتۇ پادىشاھ. ئەمما، ھېلىقى ۋەزىرلەر جاۋاب بېرىشەلمەي، بۇتتەك بېزىرىشىپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ھېلىقى دانىشمەن ۋەزىر بولسا، ئۆزى تېپىپ كەلگەن ئۈچ يامان ئادەمگە مۇنداق تەبىر بېرىپتۇ:

— جاللاتقا پەرمان بولسىلا بولدى. ھەقمۇ، ناھەقمۇ سوراپ ئولتۇرمايلا، ئالدىغا كەلگەنلىكى ئادەمنى بوغۇزلاۋېرىدۇ؛ قاسساپ مالنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سويىدۇ؛ سەيياد جانىۋارلارنى ئوۋلايدۇ. چىرايلىق قۇشلارنى تور تاشلاپ تۇرۇپ قەپەسكە سولايدۇ، ئۇلارنى گۈزەل ھاياتتىن بەھىر ئېلىشقا يول قويمايدۇ...

قالماق شاھنەسى شاھ مەشرەپنىڭ بۇ ھېكايىسىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ناھايىتى تېرەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندى-دە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى ئىنسانىي خىسلەتكە باب تۇرلۇك خۇلق-مىجەز ھەققىدە سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى.

— بىلمىدىمكى، — دېدى قالماق شاھنەسى بىر پەس سۈكۈتتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، — سەن خەقنىڭ باخشىلىرىغا ئادەم چېقىشنى نېمە قويدى؟ نويۇنلارنىڭ ئالدىدا ئىككى پۈكلىنىپ، ئايىغىغا يىقىلىپ يۈرگەندىن كۆرە، ئۆيلىرىڭدە ئولتۇرۇۋشۇپ قومۇش قەلەملىرىڭ بىلەن نوم-بېتىكلەرنى يېزىشساڭ بولماسمىدى؟ ھېچ بولمىغاندا، سىلەرمۇ ئادەمدەك ياشاڭلار — دە!

— ناھايىتى بەلەن گەپ قىلدىڭىز، شاھنە جانابلىرى، — دېدى شاھ مەشرەپ، — ھەممە ھۆكۈمدارلار سىزدەك بولسا، ئادەم چاقىدىغانلار ئازايغان بولاتتىمكىن — تاڭ! ئەمما، ھۆكۈمدارلارنىڭ كۆپى خۇشامەت پاراڭنى، چېقىمچىلىقنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. ئەمدى ئەھلى ئىلىملەر ئىچىدىكى

www.bilnur.com

ھەسەتخورلارغا كەلسەك، بۇ خۇددى توختام سۇنىڭ ئاقمىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. ئۇلار خۇي - پەيلى تۆۋەن، ھىممەتسىز كىشىلەردۇر. ئۇلار بەستلىك كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ كۆز-قارنى خۇددى چايانىنىڭ كۆز - قارنىدەك تار ۋە كىچىك بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنداق ئادەملەرنى ئەھلى ئىلىملەر ئارىسىدىكى ئۇستىگە كىتاب ئارتىلغان قېچىرغا ئوخشىتىشىدۇ ۋە ئۇنداقلارنى «قېچىر چايانلار» دەپ ئاتىشىدۇ. مەنمەنلىك، خۇشامەتكويلۇق، مەنپەئەتپەرەسلىك — ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەسلىدە، ئىلىم — ئەڭ ئاۋۋال مەنىۋى ھۇزۇردىن بەھىر ئېلىش بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇ ھەسەتخور باخشى - مولللار مانا مۇشۇنداق ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن مەھرۇم. شۇڭا، ئۇلارنى: «داستىخان يوغان بىر نان يوق، سەللە يوغان ئىمان يوق» دەيمىز. بۇنداق ئادەملەر يامانىنى ياخشىغا، ھارامنى ھالالغا چىقىرىشتەك دىيانەتسىزلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان بىر توپ پاسىقلاردۇر. شاھنە جانابلىرى، مۇبادا بىزدىكىگە ئوخشايدىغان مۇشۇنداق ئادەم چۇپرەندىلىرى سىزنىڭ قالماق تائىپىڭىزدە بولغان بولسا، سىز ئۇلارنى ئادەم ھېسابلىغان بولاتتىڭىزمۇ؟

— بىزنىڭ تائىپىمىزدىكىلەر كۆك تەڭرىدىن قورقىدۇ. شۇڭا، بۇنداق قىلساق، تەڭرى ئالدىدا گۇناھكار بولىمىز، دەپ قارايمىز!

شۇ ئەسنادا، خان چېدىرىنىڭ تېغىدا ئادەملەرنىڭ ئۇپۇر-توپۇر بولۇشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئىككى قالماق نۆۋكىرى خان چېدىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى:

— نويۇنغا مەلۇم بولغايكى، بىر ئەركەك ئالبات بىلەن بىر غالچا چوكان قاچقان ئىكەن، ساقچىلىرىمىز قوغلاپ تۇتۇۋاپتۇ. ئەمرىڭىزنى كۈتىمىز! — دەپ مەلۇم قىلدى.

— فارامىن بويىچە، ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلسۇن! — دەپ

www.bilnur.com

ئەمر قىلدى قالماق شاھنەسى باياتىن ئۆزىگە ھەمسۆھبەت بولغان شاھ مەشرەپكە قاراپمۇ قويماستىن.

— قۇللۇق، ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۈرگەيمىز! — دەپ ھېلىقى ئىككى قالماق نۆكەر خان چېدىرىدىن چىقىپ كەتتى.

شاھ مەشرەپ قالماق شاھنەسىنى ئىنساپقا، رەھىم - شەپقەتكە ئۈندەش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچاي دېيىشىگە، ئۇ:

— مېنىڭ بىلەن چىقىپ، جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كۆرگىڭىز كەلمەمدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

شاھ مەشرەپ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

تالادا قوللىرىنى ئارقىغا قايرىپ، چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن بىر قىز بىلەن بىر يىگىت تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى يەردە يانتاق دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى.

قىز رەڭگى - رۇخسارى تولىمۇ كېلىشكەن، زىبا بويلۇق چىرايلىق بىر قىز ئىدى. بۇ قىزنى قالماق شاھنەسى بىر كۆرۈپلا تونۇدى. قەشقەردە ئۇ غالچا چوكانلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، بۇ قىزنىڭ رەڭگى - رۇخسارىنىڭ باشقا قىز - چوكانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇنى يولدا ئالاھىدە قورۇقداپ مېڭىشنى قالماق نۆكەرلىرىگە تاپىلاپ قويغانىدى. . .

ھېلىقى ئالبات يىگىت بولسا، موي - ساقاللىرى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان، قەددى - قامەتلىك بىر خارەت① ئىدى.

بىر سوپى سەردار قالماق شاھنەسىنى كۆرۈپ، دەرھال يەرگە قولىنى تىرەپ پۈكلەندى — دە:

— قاراخان ئالىيلىرىغا سالامدىن سۆڭرە مەلۇم بولغايكى، چېرىكلىرىمىز ئالدىدا قاچقان ئالتە نەپەر ئالباتنى تۇتالماپتۇ. بۇ ئىككىسى كىشەننى تولۇق چاقالمىغانىكەن، ئاسانلا تۇتۇۋالدۇق.

---

① خارەت — ياغاچچى.

www.bilnur.com

پــرىمىزنىڭ قائىــدىسى بويىــچە ياغ قايىنــاق قىلىشــمىز كېرەك ئىدى. ئەمما. . . — دېيىشىگە، قالماق شاھنەسى:

— ياغنى ئىسراپ قىلىپ قانداق قىلاي دەيسەن! يانتاقتا كۆيدۈرسەڭمۇ ئوخشاشلا كۆيۈۋېردۇغۇ؟! — دەپ ئۇنىــڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى.

قالماق شاھنەسى ھېلىقى تۇتقۇن ئالباتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن ھېلىقى تۇتقۇن غالچا چوكاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قولى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئەركىلەتتى:

— ئاپپاق قىز، ئات ـ جۇنۇڭ نېمە؟

— چاپامسەن، كۆيدۈرەمسەن، ئىختىيار ئۆزۈڭدە، ئات ـ جۇنۇمنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

— بۇ قىزنىڭ قولىنى باغلاقتىن ئازاد قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى قالماق شاھنەسى نەۋكەرلەرگە.

قالماقلار قىزنىڭ قولىنى بەندىلىكتىن بوشاتتى. قالماق شاھنەسى:

— قىزنى خان چېدىرىغا ئېلىپ كىرىڭلار! — دېدى ـ دە، ئۆزى خان چېدىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

نۆۋكەرلەر قىزنى خان چېدىرىغا ئېلىپ كىردى. قالماق شاھنەسى نۆۋكەرلەرگە:

— چىقىپ كېتىڭلار! — دەپ قولىنى سىلكىدى.

خان چېدىرىنىڭ ئىچىدە قالماق شاھنەسى بىلەن ناتىۋان ئۇيغۇر قىزىلا قالدى.

— ھەي قىز، نېمىــشقا قاچتىــڭ؟ مەن «قاچقانلار كۆيدۈرۈلىدۇ!» دېمەپمىدىم؟

— ئەركىنلىككە ئىنتىلىش — ھەر قانداق ئىــنساندا بــولىدىغان خىسلەت، — دەپ دادىل جاۋاب بــەردى تۇتــقۇن قىز، — مۇبادا ئۇنىڭدا ئىنسانىي غۇرۇر بولىدىغان بولسا!

www.bilnur.com

— ماڭا خوتۇن بولۇشقا ماقۇل بولساڭلا، سىنى ئوتتا كۆيدۈرمەيمەن! — دېدى قالماق شاھنەسى خىرقىراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — تىرىك قالىسەن — دە، مېنىڭ قوينۇمدا يېتىپ، دۆلەت كۆرىسەن! مەن سىنى گۈل قىلىپ چېكەمگە قىسىشىم مۇمكىن!

— سېنىڭ قوينۇڭدا ياتقۇچە، گۈلخاننىڭ قويندا ياتارمەن! سەندەك ئىمانسىز قالماقنىڭ گۈلى بولغۇچە، يانتاقنىڭ گۈلى بولارمەن!

— ياش جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ھەي نادان قىز!

— ئىشىكىڭدە ئىت كەبى يالاق يالاپ خورلۇق ئىچىدە ياشىغۇچە، بۇنداق جاننى يانتاقنىڭ ئوتىدا ئۆرتىۋەتكەن مىڭ ياخشى!

— خەير، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ! ھوي، قايسىڭلار بار؟ ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار! جازانى دەرھال ئىجرا قىلىڭلار!

ئىككى سوپى چېرىك بىلەن ئىككى قالماق چېرىكى تۇتقۇن قىز بىلەن تۇتقۇن خارەتنى سۆرىگىنىچە يانتاق دۆۋىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى.

— ئەگەر، مەقسىتىڭ بىزنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش بولسا، — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى ياش خارەت، — سۆيگىنىمدىن ئاۋۋال مېنى كۆيدۈرۈش!

— ياق! مېنى ئاۋۋال كۆيدۈرۈش! ھېچ بولمىغاندا مەن ئۆلۈپ بولغۇچە، يىگىتىم بولسىمۇ تىرىك تۇرسۇن!

چېرىكلەر ئىككىلىنىپ قېلىشتى.

— ياق، ھەر ئىككىلىسىنى تەڭ ئوتقا تاشلاڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى قالماق شاھنەسى.

بىر سوپى چېرىك بىلەن بىر قالماق چېرىكى ھېلىقى ئالبات يىگىت بىلەن غالچا چوكاننىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەنگەن يانتاققا ئوت

www.bilnur.com

ياقتى. قورۇق يانتاق گۇپپىدە ئوت ئالدى — دە، چاراسلاپ كۆيگىلى تۇردى.

بۇ پاجىئەگە زادىلا چىداپ تۇرالمىغان شاھ مەشرەپ ئۇلارنى ئوتتىن قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۇچۇن ئۆزىنى ئېتىۋىدى، ئىككى قالماق چېرىكى نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭ بېقىنىغا تىرەپ تۇرۇۋالدى. . .

دۆۋىلەنگەن يانتاقلار راسا پاراسلاپ كۆيۈپ، قىز بىلەن يىگىتنى يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى. قىز بىلەن يىگىت ناھايىتى تېزلا پەلەككە كۆتۈرۈلگەن ئوت لاۋىسى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. . .

شاھ مەشرەپ بۇ زالىملارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇنداق ۋەھشىيلىكلىرىگە شاھىت بولۇپ قېلىشنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ تۇرغان يېرىگىلا تىزلىنىپ چۆكتى — دە، ئىككى قولىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئىلاھا پاك پەرۋەردىگارا، ئەھەدا سەمەدا مەلەكا پادىشاھا كىردىگارا، ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ساڭا قىلغان تائەت - ئەمەللىرىنىڭ ۋە كۆزىدىن ئاققان قان ياشلىرىنىڭ سېنىڭ دەرگاھىڭدا قۇربى يېتىدىغان بولسا، ئۇل خۇنرىزلارنىڭ باشىغا غەزىپىڭدىن قار - بوران ياغدۇرغايسەن. ئەجەل تاشلىرىنى ئۇلارنىڭ شۇم باشلىرىغا ئاتقايسەن! — دەپ زار - زار قاقشىدى. . .

* * *

ئىلىبالىققا كېتىۋاتقان بۇ غايەت زور كارۋان سېپى ئون كۈندىن كېيىن مۇزداۋاننىڭ تېگىدە پەيدا بولدى. قالماق شاھەنسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 200 قاتار تۆگىدىن تەشكىل قىلىنغان تۆگە كارۋىنى ھەممىنىڭ كەينىدە ماڭىدىغان، ئاتلىق

www.bilnur.com

قالماقلار غالچا چوكانلارنى ئېلىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، قالماق شاھنەسى ۋە پىيادە قالماق چېرىكلىرى غالچا يىگىت ۋە ئالباتلارنى ھەيدەپ ئوتتۇرىدا ماڭىدىغان، سوپى چېرىكلەر كارۋان بىلەن بىللە ماڭىدىغان بولدى. كۈن قايرىلغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىنقى يېرىمى مۇزداۋاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولالىدى.

تەڭرىتاغلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاقباش چوققىلىرىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىۋالغانىدى. كىشىلەر داۋاننىڭ ئۈستىدە تىمىسقىلاپ كېتىپ بارغاندا، ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بىرنەچچە دەقىقىنىڭ ئىچىدىلا ئاسمان بىلەن داۋاننىڭ ئۈستىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالدى. چاقماق قارا بۇلۇتلارنى يىرتىپ تاشلىيالمايۋاتقانىدى. ھەيۋەتلىك گۈلدۈرماما داۋاننىڭ باغرىدىكى بۇلۇتلار ئارىسىدا ئېغىنىغاندىن كېيىن داۋان ئۈستىدە ياز يامغۇرى شارقىراپ ياغقىلى تۇردى. بىردەمدىن كېيىن قار ئارىلاش يامغۇرغا ئۆزگەردى. شىمال تەرەپتە چېقىلغان چاقماق گوياكى قارا بۇلۇتنىڭ بىر پارچىسىنى يىرتىپ تاشلىۋەتكەندەك بىرمۇنچە يەرنى ئاپئاق قىلىپ يورۇتۇۋەتتى. يامغۇر ئارىلاش چىقىۋاتقان بوران داۋان ئۈستىدە پىيادە ۋە ئاتلىق كېتىۋاتقانلارنى ئاتلىرى بىلەن قوشۇپلا ھاڭغا ئۇچۇرۇۋەتكۈدەك تىترىتەتتى. ئالباتلار تەمتىرەپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشىۋىدى، ئالدى تەرەپتىن قالماق شاھنەسىنىڭ «شۇلۇن! شۇلۇن بول!» دەپ توۋلىغان قەھرلىك ئاۋازى ئاڭلاندى. قالماق چېرىكلىرىنىڭ قولىدىكى سىم قامچىلار ئالباتلارنىڭ، غالچا چوكان ۋە غالچا يىگىتلەرنىڭ باشلىرىغا تاراسلاپ تەگكىلى تۇردى. ئادەملەر داۋان ئۈستىدە بىر قەدەم ــ بىر قەدەم ئالغا سىلجىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر چاقماق دەھشەتلىك چېقىلدى — دە، بىر پارچە ئوت ئۇدۇل قالماق چېرىكلىرىنىڭ سېپىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى ۋە ۋال ـ ۋۇل قىلىپ ئوت چاقناپ كەتتى. كۆيگەن گۆشنىڭ سېسىق

www.bilnur.com

پۈرنقى ئادەملەرنىڭبۇرنىغا پۈرىدى، ئادەملەر سەسكىنىپ كېتىشتى! «ۋاي بولمىدى! نويۇننىڭ بېشىغا چىقىن چۈشۈپ كەتتى! ۋاي، ئادەملەر ھاڭغا دۈملاپ كەتتى!» دەپ ۋەھىملىك ۋارقىرىغان ئاۋازلار، ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ دەھشەتلىك چىرقىراشلىرى ئاڭلاندى...

قارا يامغۇرنىڭ توختىشى ۋە ھاۋانىڭ ئېچىلىشى بىردەملىكلا ئىش ئىدى. شامال قارا بۇلۇتلارنى بىر چەتكە سۈرۈپ ئېلىپ كەتكەنىدى. داۋان ئۈستىدە كۆن پارقىراپ ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى.

قالماق شاھەنسىنىڭ نازارىتىدە كېتىۋاتقان غالچا چوكان، غالچا يىگىتلەر ۋە ئۇلارنى ئېلىپ ماڭغان قالماق چېرىكلىرى ئەمدى داۋان ئۈستىدە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنى مۇزداۋاننىڭ تېگى يوق تىك قىيالىق ھاڭلىرى يۇتۇپ كەتكەنىدى[1]...

نەزمە

غەم مەنزىلىن ئۆزگە ماكان ئەتكەن بىز،
كۆز ياش تۆكۈپ يۈرەكنى قان ئەتكەن بىز.
ئالەم جاپاسىغا بىز جاپاكەشلەرمىز،
زۇلۇم ئاستىدا ئۆزىنى ناتىۋان ئەتكەن بىز.

— ئوبۇل ھەسەن رۇداكى

① تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شۇ قېتىمقى قارا - بوراندا جەمئىي 1900 ئادەم ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. قالماق شاھەنسى زەڭگىمۇ شۇ قېتىمقى قارا - بوراندا ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

www.bilnur.com

## ئونىنچى باب

# ئەل قىساسى مىنەلھەق!

— ئەي زالىم، بۇ كۆك ئاسمان گۈمبىزىدە كۆرۈنگەنلەرنى يۈلتۇز دەپ ئويلاپ قالما، ئۇ سېنىڭ بېشىڭغا تەگكۈچى مالامەت تاشلىرىدۇر!

**مىلادى** 1692 ـ يىلى (مايمۇن يىلى) باش ياز.

قەدىمكى ئاستانە — يەكەن شەھىرىنىڭ يۇقىرى كۈنپېتىش تەرىپىدە، شەھەردىن تەخمىنەن يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتا ئىشقول دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمكى يۇرت بار ئىدى. يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋە بەش ئاي داۋاملىشىدىغان «ئىشقول سەيلىسى» مانا مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەچكە، بۇ يۇرت پۈتۈن قەشقەرىيە ھۆدۈتلۇقىدا يىراق ـ يېقىنغا مەشھۇر ئىدى.

ئادەتتە ھەر يىلى باھار كېلىپ، گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ ئۈجمە پىشقاندىن باشلاپ تاكى قارا قوغۇن پىشقانغا قەدەر بولغان بەش ئاي ئىچىدە ھەر جۈمە كۈنى يۇرت ـ يۇرتلاردىن سەيلىچىلەر بۇ جايغا كېلىپ سۇ بويىدىكى سالقىن، ھاۋالىق تال سۆگەتنىڭ تەنگە راھەت بېرىدىغان سالقىن سايىسى ئاستىدا بەزمە تۈزۈشۈپ

www.bilnur.com

بارائەت ئۆتكۈزۈشەتتى.

يولنىڭ ئىككى تەرىپى بوك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلىك بولۇپ، ئاسمانغا قاراپ تىك ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەر، سەرۋى قامەتلىك چىنارلار يولغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. پىيادە، ئېشەكلىك ۋە مەپىلەردە ماڭغان سەيلىچىلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ، گەپتانلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەن قىزىقارلىق چۆچەكلىرىنى ئاڭلىغاچ يول ماڭسا، يەنە بەزىلىرى يول بويىدىكى ئۆجمىگە چىقىشىۋېلىپ، تويغۇچە ئۆجمە يەپ، باش يازنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى. يولدا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان هارۋا ـ مەپىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

بۇ يەر جەننەتنىڭ ئۆزى ئىدى! هاۋاسى كىشىگە يېقىشلىق بولۇپ، باغلىرىدا مېۋىلىك دەرەخلەر، بۇ باغلارنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار، سۇ بويىدا هۇپپىدە ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر، قۇشلارنىڭ چۇچۇك سايراشلىرى سەيلىچىلەرگە باشقىچە زوق بەخش ئېتەتتى. هەر جۇمە بولىدىغان ئىشقول سەيلىسىدە بۇ يەر بىردەمدىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى. ئاشپەزلەر، سامسىپەزلەر، قاسساپ، كاۋاپچىلار، زاسۇپپەزلەر ۋە هەر خىل ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى ساتقۇچىلارنىڭ خېرىدار چىللاپ ۋارقىراشقان خىلمۇ خىل ئاۋازلىرى بۇ سەيلىگاھ ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ياڭراشقا باشلايتتى:

— ماۋۇ بىر مانتا، ئىككى مانتا، ئۈچ مانتا!... مانتا، مانتا، ئوتتۇزمانتا! كېلىڭلار، ئوغۇل باللار يەيدىغان تاماق بۇ! ئەجەب ئوخشاپتۇ ماۋۇ سامسا، گۆش يەپ، ياغ چاينا!... ساراڭ دۇغ[①] يۈرەكنى ياشارتىدىغان ساراڭ دۇغ!...

غىزا ـ تائاملارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى سەيلىچىلەرنىڭ

① ساراڭ دۇغ — قىيام، مۇز قېتىق قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان ئەجەش دۇغ. ئىشقولنىڭ ساراڭ دۇغى ئاچچىق ـ چۈچۈكلۈكى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

www.bilnur.com

دىماغلىرىنى غىدىقلاپ، ئىشتىھاسىنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا قوزغاپ تۇراتتى. . .

سەھەرلىق غۇنچە بويلۇق لىۋەن قىز ـ چوكانلار مەخسۇس ئىشقول سەيلىسى ئۈچۈن تەييارلىغان شېرىن ـ شەربەت ئۇجمە ھالۋىلىرىنى تاۋاق ـ تاۋىقى بىلەن ئالدىغا تىزىشىۋېلىپ، ئۆز ئەتراپىغا ھالۋا خۇمارلىرىنى يىغاتتى.

باغلاردا قوللاردىكى دۇتار ـ تەمبۇر ۋە راۋاپلىرىنى زارلىتىپ، يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان شوخ مۇزىكىلارغا چالغان سازەندىلەر يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن تەڭكەش قىلىپ غەزەلخانلىق قىلىشسا، ئەتراپتا ئولتۇرغانلار ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. دارۋازلار، سېھىرگەرلەر كىشىنى ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ھۈنەر ـ ئويۇنلىرى بىلەن سەيلىچىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىغسا، مەدداھ ـ ۋائىزلار ئاشىق ـ مەشۇقلار ھەققىدىكى داستانلارنى، جەڭنامىلەرنى سۆزلەپ، كىشىلەرنى گاھ يىغلىتىپ، گاھ كۈلدۈرەتتى. چايخانىلارنىڭ بۇگلۇكلىرىدە ۋە ئۆستەڭ بويىغا قۇرۇلغان كات ـ مىسىللەردە چايخور قېرىلار چاي ئىچىشكەچ دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدىن قالغان كونا پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىشەتتى.

خوتۇن ـ قىزلارمۇ بۇ سەيلىلەرنىڭ سىرتىدا قالمايتتى. چىرايلىق ياسىنىشقان چوكان ـ سېكىلەكلەر، قىرىق كوكۇلىلىق زىبا قىزلار باغۇ ـ ئېرەملەردە ئايرىم سورۇن تۈزۈشۈپ قىرىق قىز ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىپ، سەيلىگە ھۆسن قوشاتتى.

پالۋان چېلىشچىلار ئۆز ئارا تۇتۇشۇپ، كۈچ سىنىشاتتى. . . «مال خىلى بىلەن، ئادەم قاياشى بىلەن» دېگەندەك، خوراز سوقۇشتۇرغۇچىلار، قوچقارۋازلار، ئىتاچىلار، كالا سوقۇشتۇرغۇچىلار، كەكلىك، بۆدۈنىۋازلار، ئوغرى ـ قىمارۋازلار ۋە باشقا ھەر كەسىپتىكىلەرمۇ ئۆز تائىپىسى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشاتتى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى

www.bilnur.com

بولمايتتى. سەيلىچىلەر ئويناپ ـ كۈلۈپ چارچىغاندا، توپا ئېقىنىغا قانغۇچە سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاندىن قۇمغا كۆمۈلۈپ، ئاللانىڭ نېمىتىدىن، سېخىي تەبىئەتنىڭ گۈزەل مۇھىتىدىن قانغۇچە بەھر ئېلىپ ھۇزۇرلىناتتى. قارا قوغۇن پىشقاندا، سەيلىچىلەر بارا ـ بارا ئازلاپ، بۇ يەر بىلەن خوشلىشاتتى — دە، بىر پەسىلدىن كۆپرەك قايىنغان بۇ سەيلىگاھ ئادەتتىكىدەك قىشنىڭ جىمجىتلىقىغا چۆكەتتى. . . .

بۈگۈن بۇ يىلقى ئىشقول سەيلىسى باشلانغان تۇنجى جۈمە ئىدى. بىراق، يوللاردا كېتىۋاتقانلار سەيلىچىلەر بولماستىن، بەلكى سوپىلارنىڭ نازارىتىدە ھەيدەپ مېڭىلغان توپ ـ توپ ھاشارچىلار ئىدى. ئادەتتە جۈمە كۈنى قىزىپ كېتىدىغان ئىشقول جامەسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى سەينا ھازىر چۆللىشىپ بوران ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. سوپىلارنىڭ كىشىلەرنى ھاشارغا ھەيدەپ جارقىراشقان ئاۋازلىرى بىلەن بالىلار ۋە ئاياللارنىڭ يىغلىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازلىرى ھەممە ياقنى قاپلىغانىدى.

— ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇ ـ خاس! يۇرت بېگى، مىڭبېگى، تۈمەن بېگى، مىڭبېشى، يۈز بېشى، ئون بېشى، كۆكبېشى، قاپبېشى، چوڭ ـ كىچىك، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق مۇرشىد ـ مۇخلىسلار، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، بۇزرۇكىم ئاپاق خان خوجامنىڭ پەرمانىدۇر بۇ! ئون بەش ياشتىن ئاتمىش ياشقىچە بولغان بىچىرىم ئەر، قىران ئوغۇللارنىڭ بەرى بۇزرۇكۋار پېشۋا خوجام مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشاننىڭ سەرمازارى[1] ۋە باشقا مازارگاھلار، مۇقەددەس قەدەم جاي، قۇتبىخانىلار ھاشىرىغا تەخىرسىز ماڭغاي، قەتئىي ھايالشىمىغاي! مۇشۇ جاكارنامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۇقىرىقى ئادەملەر بىردىن

① سەرمازار ـ قەشقەر ھەزرىتىگە ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ بۇرۇنقى نامى.

www.bilnur.com

كەتمەن، بىردىن زەمبىل، بىردىن قاپ ۋە ئوزۇق ـ تالقان، قىلىچ ـ قالقان، چويۇن داشقان قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ، ھەزرەت ياغدۇدىكى مازار خوجام ھاشىرىغا ئىشلەپ قايتقاي! مۇبادا، بۇ مۇبارەك ئىشقا سۇسلۇق قىلىپ، ئىشنى ئاقسانقۇچىلار كۆرۈلسە، قاتتىق جازاغا تارتىلىپ قازا يولى ھاشىرىغا ھەيدەلگەي! ھەرگىز رەھىم ـ شەپقەت قىلىنمىغاي! ئەييۇھەنناس، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ئامۇ ـ خاس! . . .

قەشقەر شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان ياغدۇ دېگەن يەردىكى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشاننىڭ مەقبەرىسى بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى غەزەپلەنگەن ئالىمان تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلانغاندىن بۇيان، ئاپاق خوجا ئاتىسىنىڭ مازىرىنى يېڭىۋاشتىن ياسىتىش ئۈچۈن ئۇدا بىرنەچچە قېتىم تەمشەلگەن بولسىمۇ ئەمما ئىلىبالىققا ئەۋەتىلىدىغان ئولپان ـ سېلىقنى ئۆز ۋاقتى ـ قەرەلىدە تەييار قىلىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ زادىلا پۇرسەت چىقماي كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە زادىلا تەن بەرمەيۋاتقان قارا تاغلىقلار بىلەن سابىق سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئۆز ئاراتىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، ھېلى ئۇ يەردە توپىلاڭ كۆتۈرسە، ھېلى بۇ يەردە ئاھالىنى قۇترىتىپ، ئىش چىقىرىپ، ئاپاق خوجىنىڭ بېشىنى ئۇچاق ئېتىۋەتكەنىدى.

نىھايەت، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قارىغاندا، مۇلكىي قەشقەرىيەدە غەلىيانلارنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ جاھان تىنچىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، ئاپاق خوجا چۈشىگە تولا كىرىپ ئارام بەرمەيۋاتقان مەرھۇم ئاتىسى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشاننىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئىشقول سەيلىسى باشلانغاندىن تارتىپ كەڭ كۆلەمدە ھاشار تۈتۈپ، سەرمازار، خانىقا، مۇقەددەس قەدەم جاي ۋە قۇتبىخانىلار قۇرۇلۇشى قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. بۇ «سەرمازار ھاشىرى» يېزا ـ قىشلاقلار ئۈچۈن

www.bilnur.com

ئاپەت بولدى! ئاھالە ئارىسىدىكى 16 ياشتىن ئاتمىش ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن قوشۇپ ھاشارغا ھەيدەپ كېتىلدى. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى تېخى سۆڭىكى قاتمىغان ئۆسمۈر ئوغۇللار، قېرى - چۆرىلەر ۋە خوتۇن - قىزلار بىلەن چامبۇل ئېشەكلەرگە قاراشلىق قالدى. يەرلەر تېرىقسىز، بۇغدايلار ئورۇقسىز، خامانلار تېپىكسىز، قوناقلار پەرۋىشسىز قالدى! دېھقانلار قاقشىماقتا ئىدى! يەرلەرمۇ قاقشىماقتا ئىدى!

* * *

بۇ يىلقى تومۇز بالدۇر كىردى، ئېتىزلىقتىكى بۇغدايلار تۇتاش سارغىيىپ پىشىپ كەتكەنىدى. تومۇزنىڭ زەھەردەك ئاپتىپى ھەممە نېمىنى كۆيدۈرمەكتە. يەكەننىڭ تومۇز ئايلىرىدا بولىدىغان تىنچىق ئىسسىقى يەر - جاھاننى قىزىتىپ ھامامغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، يەكەندە كىشىلەر بۇنداق ئىسسىقنى «سېرىق ئىسسىق» دەپ ئاتىلاتتى.

ئۇزاقلاردا چاڭ - توزاندىن ھاسىل بولغان ئاقۇچ بۇلۇت يۇقىرى ئۆرلىمەكتە. يىراقتىكى بىر دۆڭنىڭ ئاستىدىكى سوزۇنچاق ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ، بىر كىچىك قارا گاھ ئىگىلىپ، گاھ كۆتۈرۈلۈپ ئورما ئورۇۋاتقانىدى. بۇ موللا قۇۋان بىلەن ئانىسى مەمنىخان ئىدى.

موللا قۇۋانلارنىڭ ئۆيى ئىشقولنىڭ ئايىغىدىكى توپا ئېقىنى بويىغا جايلاشقانىدى. توپا ئېقىنى مەھەللىنىڭ ئايىغىدىن ئايلىنىپ ئاقاتتى. ئىشقول مەھەللىسى كۇنچىقىش تەرىپى ساسلىق، ئوتتۇرىسى دۆڭرەك بىر مەھەللە ئىدى. ساسلىقنىڭ بويى تېۋۇلغىلىق ئىدى. ساسلىقنىڭ ياقىسىغا قەدەر ھەممىلا يەردە كۆك يانتاق ئۆسكەن بولۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەردىكى دوڭغاق

www.bilnur.com

جىگدىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا دەل - دەرەخلەر يوق ئىدى.

شاخلىرى كالتە، ئەڭ ئۇزۇن شېخىمۇ بىر غۇلاچتىن ئاشمايدىغان قىسقا غوللۇق تېۋىلغىنىڭ قويۇق يېشىل يوپۇرماقلىرى ئۇستى - ئۇستىگە ئۆسۈپ، قاتمۇقات بولۇپ كەتكەنىدى. يەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن مەھكەم يېپىشقان بۇ ئۆسۈملۈكلەرنى ھەرقانداق كۈچ قومۇرۇپ تاشلىيالماتتى. كىشىلەرمۇ ئۆزى تۇغۇلغان زېمىندىكى تۇپراقنىڭ خۇسۇسىيىتىگە بېقىپ ئۆسۈپ چوڭ بولسا كېرەك. موللا قۇۋان مۇشۇ كۆك يانتاق بېسىپ كەتكەن ئۇنۇمسىز تۇپراقلىق يەردە تۇغۇلۇپ ئۆستى. دادىسى ئارۇۋاخۇن ئۆتكەن يىلقى سەرمازار ھاشىرىدا گۈمبەز ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئاستىدا قالغانلىقتىن مەڭگۈ ناكا بولۇپ قالدى. موللا قۇۋان ئون تۆت ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بويى زادىلا ئۆسمىگەنىدى، ئۇنىڭ يەلكىلىرى تار، جەينەك - پاقالچاقلىرى خۇددى ساسلىق بويىدا ئۆسىدىغان تېۋىلغىدەك ئىنچىكە ئىدى. تېرىلىرى قورۇلۇپ كەتكەن، سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققانىدى. يۈزى قارىقۇمچاق، كۈن نۇرى كۆيدۈرگەندەك ئىدى. ئۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئېسىگە دەرھال ھېلىقى تېۋىلغا دېگەن چاتقال كېلەتتى. ئۇ ھەم پاكار، ھەم جىۋەك ئىدى. مىجەزى تېۋىلغىدەك جاھىل، كەسكىن ۋە قاتتىق ئىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى بوۋاق بالىنىڭ لەۋلىرىدەك قىزىل بولۇپ، بۇ لەۋلەردىن ھەر دائىم بىر خىل مۇلايىملىق، تەبەسسۇم ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ چۇس ۋە قەيسەر قىياپىتىگە بەكمۇ يارىشاتتى.

موللا قۇۋان ئانىسى بىلەن ئاخىر بۇغدايلىرىنى ئورۇپ بولۇشتى ۋە تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۇرۇپ، ئاخىرقى بىر باغ ئۇنچىنىمۇ خامانغا توشۇپ بولدى. ئۇلار بۇ ئۇنچىلەرنى تەكشى يېيىتىپ خامان راسلاشقا كىرىشتى، ئۇنچىلەردىن كۆمۈر چېكىنغا

www.bilnur.com

ئوخشايدىغان دىماغىنى قورۇيدىغان قاپقارا بىر خىل چاڭ توزۇيتتى. ئەتىگەندىن بۇيان تىنماي ئۇنى توشۇغان ۋە بۇ ئۇنچىلەرنى خامانغا تەكشى يېيىتىپ چىققان موللا قۇۋاننىڭ يۈز-كۆزى قاپقارا بولۇپ كىشى تونۇيالمايدىغان هالغا كېلىپ قالغان، ئۇنىڭ پەقەت ئۇنچىدەك چىشلىرىلا ئاپئاق پارقىراپ تۇراتتى. نىهايەت، ئۇ ئۇنچىلەرنى پايخانلاشقا تاشلاپمۇ بولدى. ئاياغ شۇنچە ئېگىز دۆۋىلەندىكى، خامانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى موما ياغىچى بۇ ئۇنچىلەر ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالايلا دەپ قالغانىدى.

— ئانا، سەن هاردۇق ئال، مەن ئىشلەي، — دېدى موللا قۇۋان ئانىسىغا ئىچى ئاغرىپ.

— ياق قوزام، سەن بەك هاردىڭ. ئاۋۇ جىگدە سايىسى ئاستىدا جىندەك يېتىپ هاردۇق ئېلىۋال، ئۇنىڭغىچىلىك مەن بېرىپ ناشتىلىقنى قىلىپ ئېلىپ كېلەي، — دېدى ئانىسى مەمىدىغان.

* * *

تومۇزنىڭ پىژ - پىژ ئىسسىقىدا موللا قۇۋان شۇنچە كۆپ ئورمىنى بىر ئۆزى يالغۇز دېگۈدەك ئوروپ تۈگەتتى. كېيىن يەنە خامان ئېتىش ئۈچۈن ئانىسى بىلەن بىرنەچچە كۈن ئېغىرتاش تولۇقنى سۆرەپ يەرنى چىڭدىدى. مانا ئەمدى بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى خامان تېپىۋاتىدۇ. ئۇ ئېغىر مېهنەت ئاستىدا ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى، يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ، كۆزلىرى بىر يەرلەردە قايناپ قالغان، قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

كۈن چاشگاه بولدى، موللا قۇۋان ئارام ئالماستىن ئىشلەۋەردى. ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن ئۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى. ئاچچىق تەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كىرىپ

www.bilnur.com

ئېچىشتۇرۇۋەتتى بولغاي، ئۇ قولىنى يۈزىگە سۈركىدى ۋە قولىغا چىققان تەرنى سىلكىپ چۈشۈردى. كۈن نۇرىدا پارىلداپ كەتكەن ئېگىزلىق كۆزنى قاماشتۇراتتى. موللا قۇۋان ئېگىزغا قويۇۋەتكەن چامبۇل ئېشىكىگە بىر - ئىككى قېتىم قاراپ قويدى. ئېشەكنىڭ ئەتراپىدا بىزەڭ چىۋىنلار، نەشتەرلىك كۆكۈيۈنلەر غۇڭۇلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. موللا قۇۋان كۆكۈيۈنلەرنىڭ ئاچچىق چېقىشىغا چىدىيالماي تولغىنىپ كېتىۋاتقان بىچارە ئېشەككە ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئەبگا ئېشەك ئاخىر چىدىيالماستىن ئېگىزغىلا ئېغناپ بىر - ئىككى دومىلىدى — دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى پۇتىغا بېشىنى سۈركەشكە باشلىدى.

موللا قۇۋان كۈنگە قاراپ بېقىپ، ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئېشەكنى يېتىلەپ كېلىپ مىڭ جاپادا تولۇققا قاتتى ۋە ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى يېغىردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئېشەككە مىندى — دە، مومىنى ئايلانغان هالدا ئۈنچىلەرنى پايخانلاشقا باشلىدى. ئەبگا ئېشەك دەسلەپتە ئۈنچىنى يېرىپ ماڭالماي، پات - پات ئىزىدا تۇرۇۋالاتتى. ئاخىر، موللا قۇۋان ئېشەكتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئېشەك بىلەن مېڭىپ ئۈنچىنى بىللەپايخانلاشقا باشلىدى. ئۇ ئېشەك بىلەن بىر كەملەرگىچە ئۈنچىگە پېتىپ ئېگىز - پەس دەسسەپ يۈرۈپ پايخانلىغاندىن كېيىن ئۈنچىلەر سەل بېسىلغاندەك قىلدى. مانا ياغاچ تولۇق ئۈنچىلەرنىڭ ئۈستىدە شىتىر - شىتىر قىلىپ يېنىك ئايلىنىشقا باشلىدى.

چۈشكە يېقىن خاماندىكى ئۈنچىلەر خېلى ئوبدانلا يۇمشىدى، سېلىنغان ئاياقنىڭ قارىسى كېتىپ، سامان ئاقىرىشقا باشلىدى. ئايلىنىۋاتقان تولۇقنىڭ كەينىدىن ئۇششاق، ئالتۇنسىمان توزان كۆتۈرۈلۈپ، موللا قۇۋاننىڭ بۇرنىنى هەدەپ ئېچىشتۇرغىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا، يانتاقلىقنىڭ كەينىدىن بىرسىنىڭ بېشى كۆرۈندى. بىرئازدىن كېيىن موللا قۇۋان مەھەللە تەرەپتىن

www.bilnur.com

كېلىشۋاتقان كىشىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

ئانىسى قارا تەرگە چۆمۈلگەن، ئۇ ئىككى قولىدا تاماق سېلىنغان ئاپقۇر بىلەن سوغۇق چاي قاچىلانغان خۇمرىنى كۆتۈرگەن بولۇپ، قوللىرى يەرگە تەگكۈدەك دەرىجىدە سوزۇلغانىدى.

مەمىدىخان قولىدىكى خۇمرا بىلەن تاماق سېلىنغان ئاپقۇرنى ھېلىقى دوڭغاق جىگدە تۈۋىگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن ئىتتىك بېرىپ ئوغلىنىڭ قولىدىن ياغاچ ئارىنى ئالدى ۋە:

— قانداق بولدى قوزام، پايخانلاپ بولاي دېدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ھەممىسى پايخانلىنىپ بولدى.

— ئۇنچىلەر قېلىن بولۇپ كەتمىگەندۇ؟

— قېلىن بولۇشىنىغۇ بولدى ئەمما يۇمشاپ قالار دەيمىنا، — دېدى موللا قۇۋان خاماندىكى ئاياقتىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— قېنى قوزام، ئارىنى ماڭا بەر، سەن ناشتاڭنى قىلىپ بولغۇچە، مەن ئورنۇڭدا ئىشلەپ تۇراي، — دېدى ئانىسى مەمىدىخان.

موللا قۇۋان قولىدىكى ياغاچ ئارىنى ئانىسىغا بېرىپ، ئۆزى ئېتىز بېشىدىكى دوڭغاق جىگدىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ داستىخاننى ئاچتى. ئانىسى ئۇنىڭغا بىر ئاپقۇردا قېتىق بىلەن ئىككى زاغرا ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئاپقۇردىكى قېتىقنى ھېجىرغا بۆلدى — دە، زاغرىدىن بىرنى ئۇششاق ئۇشتۇپ قاچىدىكى قېتىققا چىلىدى، ئۈستىگە قېتىقتىن ئازاراق قۇيۇپ، ياغاچ قوشۇق بىلەن تەكشى ئىلەشتۈردى — دە، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئۇ ناشتىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن دوڭغاق جىگدىنىڭ سايىسىدە سەل ئارام ئېلىپ ياتتى. ئۇنىڭ بېشى سايىدە، بىلىنىڭ تۆۋىنى ئاپتاپتا ئىدى. ئۇ بەكمۇ ھېرىپ

www.bilnur.com

كەتكەچكە، بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ كەتتى. . . .

* * *

موللا قۇۋان ئويغانغان چاغدا، پېشىن بولۇپ قالغانىدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە خامانغا يۈگۈردى.

— ئانا، ھاردىڭمۇ؟ بىچارە ئانا، سەن بەك ھېرىپ كەتتىڭ-ھە! — دېدى ئۇ.

— كەل قوزام! — دەپ قايغۇلۇق ھالدا بوينىنى ئەگدى ئانا، — داداڭ بىچارە ساق - بىجىرىم بولغان بولسا ئىدى، سەنمۇ كىچىك تۇرۇپلا بۇنداق جاپاغا قالمىغان بولاتتىڭ! . . .

ئىككى كۈندىن كېيىن خامان سورۇلدى. ئۈچىنچى كۈنى ياخشى يانجىلماي قالغان سامان ئارىلاش چارلار يەنە پايخان قىلىندى. تۆتىنچى كۈنى خامان چەشلەندى. قىپقىزىل بۇغداي دانلىرى خاماننىڭ ئوتتۇرىسىدا دۆۋىلىنىپ پارقىراپ تۇرماقتا ئىدى. موللا قۇۋانلار بۇغدايلارنى تاغارلارغا قاچىلاپ ئۆيىگە توشۇيالمىدى. بۇغداي چەش پېتى خاماننىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇراتتى.

زاكاتچىدىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. چۈنكى، زاكاتچى كېلىپ چەشنى ئۆلچەپ قالماق خوجام بىلەن ئاپاق خوجامنىڭ ئۈلۈشىنى ئايرىپ بولمىغۇچە، دېھقانلار خاماندىكى چەشنى تاغارغا قاچىلىيالمايتتى. شۇڭا، موللا قۇۋان نەچچە كېچە پاشىغا تالىنىپ خاماندىكى چەشنى ساقلاپ چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە زاكاتچى يەنە كەلمىدى. چۈش بولدى، يەنىلا خەۋەر يوق. نامازدىگەرگە يېقىن، سېمىز ئاتقا مىنگەن زاكاتچى — ئىسفەندىيار سوپى دورغىلىرىغا ھارۋىسىنى ھەيدەتكۈزۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تۇرۇلگەنىدى. ئۇنىڭ سوغۇق تەلەتىنى كۆرگەن

www.bilnur.com

مەمەدىخاننى قورقۇنچ باستى، چۈنكى، مەمەدىخان بۇ سوغ تەلەتنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

ئىسفەندىيار سوپى مەمەدىخاننى يېنىغا كېلىشكە ئىشارەت قىلدى ۋە دورغىسىغا:

— بەشتىن ئىككىسى قالماق خوجامنىڭ ھەققىگە، يەنە ئىككىسى ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ دۆلەتخانىسىغا، بىرسى ئۆزىگە!— دەپ بۇيرۇدى.

مەمەدىخان زاكاتچى سوپىنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلدى:

— ئۇنداق قىلما، چىرايلىق سوپۇم! بىزگىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسۇن! مىڭبىر جاپالاردا ئالغان ئاشلىق بۇ! بىزگىمۇ ئازراق قالدۇر. بولمىسا، بۇ يىل قىشتا ئاچلىقتىن ئۆلىمىز! ئىنساپ قىل، ئاياغلىرىڭغا سۆيەي، چىرايلىق سوپۇم!

— ۋايىسما قېرى! ھەزرىتى ئاپاق خان خوجام ھەققىگنى قالدۇردىغۇ؟!

— مېنىڭ ھەققىم ئۇچتىن بىرى ئىدى! — دېدى بىچارە مەمەدىخان زار - زار قاقشاپ.

زاكاتچى ئاتىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ مەمەدىخانغا ئېگىشتى ۋە ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— سەن تېرىغان يەر قانداق يەر؟

— خېنىيە![1]

— كىمنىڭ؟

— قالماق خوجامنىڭ!

— سۇ كىمنىڭ؟

— سۇمۇ قالماق خوجامنىڭ!

— ھەببەللى! شۇنداق ئىكەن، سەن قېرىنىڭ ھەزرىتى قالماق خان خوجامنىڭ يەر - سۇ ھەققىنى بەرمەي ھەددىڭمىدى؟

---

① خېنىيە — خانلىق يەر دېگەن مەنىدە، ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلكىدىكى يەرلەرنىڭ ئورتاق نامى.

www.bilnur.com

مەمىدىخان سارغىيىپ كەتتى:

— قۇلۇڭ بولاي، چىرايلىق سوپۇم، ئارۇۋاخون ئۆتكەن يىلقى «سەرمازار ھاشىرى» دا گۇمبەز بېسىۋېلىپ ناكار بولغاندىن بېرى، پۈتۈن روزىغارىمىز مۇشۇ مۇشتۇمدەك بالىمىزغا قاراشلىق بولۇپ قالدى. بىز غېرىب - غۇرۋالارنىڭ قىشلىق ئوزۇقىنى قالدۇرۇپ قوي، بولمىسا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەك، ئۇۋالىمىز ساڭا بولىدۇ.

ئەمما ئىسفەندىيار سوپى ھەرگىز ئېرىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

دورغا چەشنى ئۆلچەشكە باشلىدى. ئىككى چارەكنى جوڭغار قاراخانغا، ئىككى چارەكنى ئاپاق خوجىنىڭ دۆلەتخانىسىغا، يېرىم چارەكنى بولسا، زاكاتچى سوپىنىڭ تەركە ھەققى ئۈچۈن، ئاخىرقى يېرىم چارەكنى «ھەزرىتى ئاپاق خان خوجامنىڭ ھىممىتى» ئۈچۈن موللا قۇۋانلارغا قالدۇردى. يېڭىدىن تۆكۈلۈۋاتقان بۇغداي دۆۋىلىرى تېزلا زورايغىلى تۇردى. ئەسلىدىكى چەش بولسا بارغانسېرى كىچىكلەپ تۈگەپ كېتىۋاتاتتى.

ئېتىز ياقىسىدىكى دوڭغاق جىگدىنىڭ شېخىدا ئەمدىلەتىن ئۈچۈرتما بولغان بىر قۇشقاچ بالىسى ئۈگىدەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى شاختا ئانا قۇشقاچ ھازىرلا بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك، بالىسىنى خۇددى بىرسى تۇتۇپ كېتىدىغاندەك ئەنسىزلىنىپ تىنماي چىكىلدايتتى.

بىرەر نەرسىگە ئەجىر - تۆھپە قانچە كۆپ سەرپ قىلىنغان بولسا، ئۇ زىيانغا ئۇچرىغاندا، يۈرەكنى شۇنچە كۆپ ئېزىدۇ!

— چىرايلىق سوپۇم، رەھىم قىل! — دەپ زار - زار قاقشاپ كەتتى بىچارە ئانا، — ئىگەكىم قالماق خوجامنىڭ تېنىنى سالامەت، ھەزرىتى ئاپاق خان خوجامنىڭ مەرتىۋە - دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئۇلۇغ قىلغاي. ھەزرىتى ئاپاق خان خوجام قالماق

www.bilnur.com

خوجاملارنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەندە: «تار كوچاڭلارغا كىرمەيمىز، نەرسە - كېرەكلىرىڭلارغا تەگمەيمىز، خوتۇن - قىزلىرىڭلارغا چېقىلمايمىز!» دېسە، راست ئوخشايدۇ، دەپ چىنپۇتۇپ قالماق خوجاملار بىلەن يىغلاپ كۆرۈشۈپتىكەنمىز. شۇ يىغلىغانچە هالا بۇگۈنگە قەدەر يىغلاۋاتىمىز! ئۇلۇغ ئاپاق خان خوجامنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئۆشرە - زاكاتقا بارلىق ۋەجۇ - ۋەسلىمىزنى بەردۇق! قانداقمۇ قىلارمىز ئەمدى؟ بىر دەم «ساهىپ جام»، بىردەم «قوش پۇلى»، بىردەم «دېيەك پۇلى»، بىردەم «سامان پۇلى»، بىردەم «مىراب پۇلى»، بىردەم «تاناب پۇلى»، بىردەم «مۆهۈر ھەققى»، بىردەم «تەركە پۇلى»، بىردەم «سەرانە»، بىردەم «ئوتۇن پۇلى»، بىردەم «يول پۇلى»، بىردەم «تەرى قارا»، بىردەم «سەرمازار»، بىردەم «قەدەم جاي»، بىر دەم «خانىقا»، بىر دەم «قۇتبىخانا»...[1]، ئاھ، ساناۋەرسەڭ ئايىغى يوق!

مەمدىخان ئۆزلىرىگە قالدۇرۇلغان بۇغدايىنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، زاكاتچىغا يالۋۇرۇپ باقتى، قاقشاپ باقتى، ئاخىر ئاڭلىمىغاندىن كېيىن دۇئاغا كۆتۈرىدىغان ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئىسفەندىيار سوپىنىمۇ، قالماقلارنىمۇ، ئاپاق خوجىنىمۇ قارغاشقا باشلىدى:

— ئىلاھا پاك پەرۋەردىگارا، ئەھەدا سەمەدا مەلەكا پادىشاھ كىردىگارا، ئەگەر مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ ۋە مېنىڭ قىلغان تائەت- ئەمەللىرىمنىڭ، كۆزلىرىمدىن ئاققان قان - ياشلىرىمنىڭ سېنىڭ دەرگاھىڭدا قۇربى يېتىدىغان بولسا، شۇ بۇغدايلارنى ھەرقايسىسىغا يېگىلى نېسىپ قىلمىغايسەن! ھۇ كۇسا سوپى، شۇ قالماق خوجاڭنى، شۇ ئاپاق خوجاڭنى چېكەڭگە تاڭ! مەندىن تارتىۋالغانلىرىڭنى تېۋىپقا خەجلەپ تۈگەتەرسەن! ئىلاھىم، بۇ

---

① ئاپاق خوجا هاكىمىيىتى مۇلكىي قەشقەرىيەدە يولغا قويغان باج - سېلىقلارنىڭ نامى.

www.bilnur.com

بۇغدايلار قارنىغا زۇقۇم، ھەلقۇمىغا تىغ بولۇپ قادىلار!

مەمىدىخان ئۆزىنى زادىلا تۇتۇپ تۇرالمىدى، زارلاپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە ئوغلىنى پۇتۇن كۈچى بىلەن قۇچاقلاپ باغرىغا باستى.

— قانداقمۇ قىلارمىز ـ ھە! قولىمىزنى نەگىمۇ سۇنارمىز؟ ئاھ خۇدا، كۆزۈڭ كور بولمىسا، نېمىشقا بىز يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولمايسەن؟!...

*　　　*　　　*

سەئىدىيە زامانىسىدا ئوردا تەرىپىدىن سۇ چىقىرىپ ئاۋات قىلىنغان يەر ـ زېمىنلار «خېنىيە» دەپ ئاتىلاتتى. ئاپاق خوجا زامانىسىدا مۇشۇنداق خېنىيە يەرلەر تەۋەسىدىكى يايلاق ۋە قىشلاقلار شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق ياكى ئۇنىڭغا يېقىن كەنت ـ مەھەللىلەردىكى پۇقرالارغا ئىجارىگە بېرىلىپ، بۇ يەرلەردىن كىرگەن كىرىم ئاپاق خوجىنىڭ دۆلەتخانىسىغا يىغىۋېلىناتتى. ئۆزىنى بارچە مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرىنىڭ باشپاناھى، نىجاتكارى ۋە «قۇتبىل ئەقتاب»، «سۇلتانۇل مۇھەققىقىن» دەپ ئاتىۋالغان ئاپاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيە پۇقرالىرىغا شۇنچىلىك ئېغىر باج ـ سېلىقلارنى سالدىكى، سەئىدىيلەر زامانىسىدىكى باج ـ سېلىقلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى مۇنداق كەڭ خېنىيەلەر ئەللىك ـ ئاتمىش لەك[①] تاناب[②] بولۇپ، ئاپاق خوجىنىڭ دۆلەتخانىسىغا بۇ كەڭ يەر ـ زېمىنلاردىن يىلىغا بەش ـ ئالتە يۈز مىڭ تەڭگە كىرىم كىرىپ تۇراتتى.

ئاپاق خوجا بۇ پۇللارنى ئۆزىنىڭ يۇرت ـ يۇرتلارغا قويغان

① بىر لەك ئون مىڭغا باراۋەر.
② تاناب — قەدىمكى ئۆلچەم بىرلىكى، تەخمىنەن بىر گېكتارغا تەڭ.

www.bilnur.com

زاكاتچىلىرى ئارقىلىق يىغىۋالاتتى. ھەر يىلى خامان مەزگىلىدە، ھەرقايسى جايلاردىكى زاكاتچىلار «خېنىيەلەرنىڭ ئىجارە ھەققى تولۇق تۆلەنمىگەن ئىكەن، بىز تەركە قىلغىلى كەلدۇق» دەپ يالغانلەتىن تەھقىقلەپ باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، «كېمىنى تولدۇرۇپ بېرىسەن» دەپ پۇقرائىي - پەقىرلەرنى زار - زار قاقشىتىپ، نېمىسى بولسا شۇنى دۆلەتخانىغا تارتىۋالاتتى. يەنە تېخى: «مەزكۇر زېمىننى مەنكى ھەزرىتى ئاپاق خان خوجا ئىجارىگە بېرىپ، ھەققىنى ئالدىم» دەپ خەت - چەك يېزىپ مۆھۈرلەپ بېرەتتى. كېيىنچە يەنە: «ئىجارە بەرگەن خېنىيەلەرنىڭ مۆھۈر ھەققىنى بەرمىگەن ئىكەنسەن» دەپ بىر تەڭگىگە بىر چاقا[1] ئون تەڭگىگە بىر مىسقال، يۈز تەڭگىگە تۆت تەڭگىدىن مۆھۈر ھەققى ئېلىپ، پۇقرادىن لەكمىڭ - لەكمىڭ تەڭگەڭ پۇل ئۇندۇرۇۋالاتتى. ھالبۇكى، بۇ پۇللار ھەر يىلى جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان ئولپان - سېلىقتا ۋە سەرمازار، خانىقا، قۇتبىخانا، قاشى - ساراي قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنىپ تۈگىتىلەتتى.

* * *

خېلى كۈنلەردىن بۇيان، موللا قۇۋان كەمسۆز بولۇپ قالغاندى. ئۇنىڭ بالىلىقى چىقىپ تۇرغان چىرايىدا، قەغەزدەك يېپىزلىشىپ كەتكەن كالپۇكىدا بىر تامچە قان دىدارى قالمىغان، ساماندەك سارغايغان، ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى. بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ خىيال سۈرگىنى سۈرگەنىدى. پۈتۈن جېنى ۋە پۈتۈن ھاياتىي كۈچى، نەپرىتى ۋە مۇھەببىتى، قورقۇنچى ۋە غەيرىتى ئۇنىڭ ئاشۇ يوغان كۆزلىرىگە

[1] بىر چاقا — بىر تىيىن، دېگەن مەنىدە. شۇ چاغلاردا ئەڭ كىچىك پۇل بىرلىكى ئىدى.

www.bilnur.com

تۇپلانغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يىغىنىڭ ئۇچىدەك ئۆتكۈر غەزەپ ئۇچقۇنلاپ «لاپ» قىلىپ چاقناپ، «لاپ» قىلىپ ئۆچەتتى. ئۇنىڭدىن قورقمىسا بولمايتتى؛ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىش لازىم ئىدى. چۈنكى، ئېتىلىپ كېلىپ ئادەمنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىشكە تەييارلانغان قاپلاننىڭ كۆزىدىنمۇ ئاشۇنداق ئۇچقۇن يېنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇچقۇن نەدىن كەلگەن؟ بەلكىم، يارىلىشىدىن تارتىپ شۇنداقتۇر. ئەڭ توغرىسى، موللا قۇۋاننىڭ كۆزلىرىدىكى بۇ غەزەپ ئۇچقۇنى ئۇ چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەت، جەۋر ـ جاپالارنىڭ ۋە دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ نەتىجىسى. بۇ ئۇچقۇن ئۇنىڭ كۆزىدە ئۇ ئەمدىلا ئېسىنى تېپىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، موللا قۇۋاننىڭ مەسۇم كۆزلىرىدە ھەيرانلىق، قىزىقىش، خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنايتتى...

*　　*　　*

مىلادى 1693 ـ يىلى (توخۇ يىلى). قارا قۇغۇن پىششىقى.

ئاقسارايىنىڭ پەنجىرىلىك دېرىزىلىرىدىن قۇتبىخانا ئىچىگە قۇياش نۇرى زادىلا چۈشمەيتتى. قۇتبىخانا ئىچىدىكى جىمجىت ھۇجرىلار، ئايلانما يولەكلەر نەقىشلىك ۋادەكلەر بىلەن ئىھاتە قىلىنغان بولۇپ، ھۇجرىلادىن ئاشۇ ۋادەكلىك يولەكلەر ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە ئۆتكىلى بولاتتى. ھۇجرىلارنىڭ ئىشىك دېرىزىلىرىگە، نەقىشلىك ۋادەكلەرگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بولۇپ، قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ پارقىراپ كۆزنى چاقنىتاتتى. ھۇجرا ـ ئۆيلەر گەج بىلەن سىلىق سۇۋالغان بولغاچقا، تاملىرى پارقىراپ، دېرىزىلەر يالتىراپ تۇراتتى. ئاقساراي سەئىدىيە مېمارچىلىقىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ، شۇ چاغلاردا، پۈتۈن

www.bilnur.com

مۇلكىي تۈركىستاندا بۇنداق كاتتا ئىمارەت ساناقلىق دېگۈدەكلا ئىدى. ئاپاق خوجا تەختكە ئولتۇرغاندا، ئاقسارايىنى ھەددى ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش سەرپ قىلىپ يېڭىۋاشتىن بېزەپ چىققانىدى. ئاقساراي ئىچىدىكى ھۇجرىلار بىلەن بۇ ھۇجرىلارغا كىرىدىغان نەقىشلىك ئىشىكلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئەگەر بىر ئادەم ئۇقۇشماي بۇ ئىمارەت ئىچىگە كىرىپ قالغۇدەك لسا، ئۆمۈرۋايەت چىقالماي قالاتتى. شۇڭا، ئاپاق خوجا:

— ئەگەر ھۆر ـ پەرىلەر سەيلە قىلىپ ئول مۇبارەك قۇتبىخانا ئىچىگە كىرىپ قالغۇدەك بولسا، چوقۇم ئېزىپ قېلىپ، كىرگەن يولىنى تاپالماي قالىدۇ! — دېگەنىدى. ئۇنىڭ «قۇتبىخانا» دېگىنى مۇشۇ ئاقسارايىنى كۆرسىتەتتى. شۇ چاغلاردا بۇ يەر ئاقساراي دەپ ئاتالماستىن، «قۇتبىخانا» دەپ ئاتىلاتتى.

بۈگۈن كەچ قۇتبىخانىنىڭ ئىچى چىراغلارنىڭ شولىسىدا خۇددى باھار پەسلىدىكى سۇبھىدەك يورۇپ كەتكەنىدى. خانىنىڭ ئىچى شۇ قەدەر پاكىز ۋە كۆركەم ئىدىكى، گويا جەننەتۇل رىزۋانىنىڭ ئۆزى ئىدى. قۇتبىخانىنىڭ تاملىرىنىڭ چېتىگە دەرەخ ۋە گۈللەر نەقىشلەنگەن، شاراب تولدۇرۇلغان شىشىلەر تامدىكى ئويۇق ـ مەرەپلەرگە تىزىپ قويۇلغان، دەرەخ شاخلىرىغا ئۇدۇللاپ ئېسىپ قويۇلغان ئالتۇن قەپەسلەر ئىچىدىكى تۇتى، تۇمۇچۇق، تورغاي، بۇلبۇل، كەكلىك ۋە خوتەن پاختىكى قاتارلىق ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا قۇشلار مۇشكى ـ ئەنبەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى ۋە شاملارنىڭ شولىسى ئىچىدە خۇددى بوستان ئىچىدە تۇرغاندەك خەندان ئۇرۇشۇپ تىنماي سايرىشاتتى.

قۇتبىخانا ئىچىدىكى شاھ سۇپىلارغا بىساتلار سېلىنغان، ئەتلەس ۋە زەرباب داستىخانلار يېيىلغان، ئەيش ـ ئىشرەت لازىمەتلىكلىرى ۋە تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر مول، سىراب تەييارلانغان بىللۇر مەي شىشىلىرى، كۈمۈش ۋە ئالتۇن تىللادىن، قىممەت باھا تاشلاردىن كۆز قويۇلۇپ ياسالغان ئۈزۈن

www.bilnur.com

بويۇنلۇق مەي ئىدىشلىرى تەخلەنگەن، ئاپئاق شاملار تىللا ۋە كۈمۈش شامدانلاردا نۇر چېچىپ تۇرغان، خۇشرۇي ۋە ئاي سۈپەت شوخ - ئويناق سازەندە - بازەندىلەر خۇشناۋا بىلەن مەجلىس ئەھلى ئەتراپىدا قارار تاپقانىدى، نەزەردىن ئۆتكەن ساقىيلار ۋە زەرباب كۇلاھ كىيگەن غۇلاملار، بەللىرىگە قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن كەمەر تاقىۋالغان مۇلازىملار ھەر يەردەرە خەۋەردار بولۇپ، چەبدەسلىك بىلەن باراۋەر سەپ تۈزۈشۈپ ئاپاق خوجىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى.

ئاپاق خوجا قۇتبىخانا ئىشىكىدە كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭ شاھ سۇپىلاردا ئولتۇرۇشقان خوجا - ئىشان، خەلىپە - سوپىلار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشۇپ تەنتەنە قىلىشتى ۋە باشلىرىنى ئېگىپ قول باغلىشىپ ھۆرمەت بىلەن سالام بىلدۈرۈشتى. ئاپاق خوجا ئۇلارنىڭ سالاملىرىغا بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى — دە، ئۇدۇل بېرىپ تۆردىكى تەخت ئۈستىگە ئولتۇردى ۋە رەئىيەتكە «ئولتۇرۇڭلار» دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپىياتى چاغ ئىدى.

سەۋدەر باشى غۇلاملارغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ھەشەمەتلىك لىباسلارنى كىيگەن ئىككى مۇلازىم ئالدىغا چىقتى: بىرىنىڭ قولىدىكى كۈمۈش پەتنۇستا ئالتۇندىن ياسالغان ئىككى جام بار ئىدى. يەنە بىر غۇلام ئالتۇن ياپقۇچلۇق بىر مەرۋايىت كوزىنى كۈمۈش پەتنۇستا ئېلىپ كەلدى. سەۋدەر باشى ئالتۇن جامدىن بىرىگە ھېلىقى كوزىدىكى خۇشپۇراق شەربەتتىن لىق تولدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆزى بىر ئوتلام ئىچتى. ئاندىن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ئاپاق خوجىغا تەۋەززۇلۇق بىلەن تۇتتى. ئاپاق خوجا ئالتۇن جامدىكى شەربەتنى سۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ لېۋىنى جامغا تەگكۈزۈپ بىر ئوتلام ئىچتى. بۇ شەربەت ناھايىتىمۇ تاتلىق ۋە خۇشپۇراق بولغاچقا، ئۇنىڭغا بەك تېتىپ كەتتى — دە، يەنە بىر ئوتلاپ:

www.bilnur.com

— بۇ نېمىدۇر؟ ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ شەربەتىل ھاياتدۇر. ئۇ مەيخورلارنىڭ باش ئاغرىقىنى تۈگىتىپ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ. ئۇ سەندىل ۋە مۇشكبىيد ئەرەقى، تەرەنجبىل، ئانار شەربىتى، مۇشكى - ئەنبەر قاتارلىقلاردىن ياسالغان، — دەپ جاۋاب بەردى سەۋدەر باشى.
ئاپاق خوجا سەۋدەر باشىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ خاتىرجەم بولدى — دە، ئارقا - ئارقىدىن لىق تولدۇرۇپ ئۈچ جام شەربەتىل ھايات ئىچتى ۋە شاھ سوپىلاردا ئولتۇرۇشقان مەجلىس ئەھلىگىمۇ ئىچىشكە ئىجازەت بەردى.
مەجلىس ئەھلى ئىچىدە يەكەننىڭ شەيخۇلئىسلامى مىرزا بارات ئاخۇن ئەئلەممۇ بار ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپاق خوجىغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن قولىغا مەي توشقۇزۇلغان جامنى ئېلىپ:
— ھەممە پاساھەتلىك سۆزلەرنىڭ ئۈستۈنى — دېدى تەنتەنە بىلەن، — دىن، مەزھەپ، ئولۇس، ئۇسۇللارنى ئەھيا قىلغۇچى، ئالىي دۆلەت ۋە تەرىقەتنىڭ بىناسىنى تۈزگۈچى، شەرىئەتنىڭ مەرىكە مەيدانىدا ئات چاپتۇرغۇچى، تەرىقەتنىڭ مەيدانىنى تۈزگۈچى پالۋان، ئالەمىي ھەقىقەتنىڭ سۈپىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچى، ساخاۋەتنىڭ، ئەدلۇ - ئادالەتنىڭ خەزىنە ئاچقۇچىنى قولىدا تۇتقۇچى، مەرىكە مەيدانىدا نام چىقارغۇچى ئەۋلىيالارنىڭ ئەڭ پېشۋاسى، شەرىئەت، تەرىقەت، ئۇسۇلى سۇلۇك، ھەقىقەت ۋە ئۇممەتلەرنىڭ تاجى، ئەۋلىيالارنىڭ قۇتبىل ئەقتابى جانابىي ئالىي ھەزرىتى ھىدايىتۇللا ئافاق خان خوجىغا خاستۇر. ئول زاتنىڭ ھىدايەت ئاپتىپى جىمىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا باراۋەر چۈشكەندۇر. ئۇزات يۈلتۇزلىرىنىڭ يورۇقى جىمىكى كىشىنىڭ دىلىنى يورۇتۇۋاتقان، شۇنداق ئۇلۇغ كىشىنى بىزگە يەتكۈزگەن ئۇلۇغ ئاللاغا ئەتە -

www.bilnur.com

ئاخشاملارنىڭ ھەممىسىدە شۈكۈر قىلىمىز، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز![1]

مەجلىس ئەھلىمۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ گوياكى گۈرۈلدىشىپ كېتىشتى.

— ئىنشائاللا، شۈكۈرۈللا، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز!

ئاپاق خوجا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. بۇ ئۇنىڭ مەسىلە ـ مەرۇپ قىلىپ، مەسنۇي شېرىن ئوقۇيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، مەجلىس ئەھلى دەرھال جىم بولۇشتى. پۈتۈن قۇتبىخانا چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىق ئىچىدە سۈكۈتكە چۆمدى.

ئاپاق خوجا ئادىتى بويىچە ئىنتايىن يېقىملىق قىرائەت ئاھاڭىدا مەسىلە ـ مەرۇپ قىلىشقا باشلىدى:

گۇناھ ئالۇدىدە قۇلىمەن، قىل شاپائەت ئى ئاللا،
غېرىب بىناۋا قۇلىمەن، قىل شاپائەت ئى ئاللا.
خىجالەتتىن سالىپ باشىم قويىغە غەرق گۇناھلەرغە،
كەرەم كۆرگۈز قىلىبان رەھىم شەپقەت ئى ئاللا.

ئۇ مۇناجاتنى قىرائەت قىلىپ بولۇپ، سەل تىنىۋالدى — دە، ئاندىن مەسىلە ـ مەرۇپنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ۋەسەد ھەزرا تۆھپەئى تەھىيات ۋە بەرەكات ئەۋلادى مۇكەررەم ۋە ئەرۋاجى مۇئەززەم نىسارى ۋە ئەسھابى مۇھتەشەم ۋە ئەتبائى مەھرەملەرى ۋەسىلەلەرى بىرلە بولغايكىم، ئۇلارنىڭ ھەربىرلارى ستارە ئەۋج سەۋەرى ۋە سەييارە بۇرج مىھتەردىلەر-كى، «ئەسھابى كەننۇ جومى، بىئەييھۇم ئىقتەدەيتۇم ئىــــھە

① «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قوليازما.

www.bilnur.com

دەيتۇم» بۇلارنىڭ شەئىنلەرىدە ۋارىدۇرلار![1] (ئۇنىڭ كەرەملىك ئەۋلادلىرى، بۇيۇك خوتۇنلىرى، ھەشەمەتلىك ساھابىلىرى ۋە مەھرەملىرىگە يۈز مىڭلىغان دۇئا ۋە سالام تۆھپىلىرى نىسار بولسۇن. ئۇلارنىڭ ھەربىرى يۈكسەكلىك يۇلتۇزلىرىنىڭ سەردارى، ئۇلۇغلۇق سەييارىلىرىنىڭ سەركەردىسىدۇر. «مېنىڭ ساھابىلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ قايسىسىغا ئەگەشسەڭلار يول تاپقىنىڭلار شۇ!» دېگەن ھەدىس شۇلارنىڭ شەنىدە ئېيتىلغان)

ئۇ سەل تىنىۋېلىپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— بىر غاپىل ۋە ئازغۇن، بەدكىردار سۇپەت، سىگال دېۋانە بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەتقىلىق نەپسى ئۈچۈن، بىر جامائە خەلقنى ئۆزىگە تەۋە قىلىش ئۈچۈن بازارغا قاراپ قەدەم قويدى. ئول خاۋارىج دۇنياغا ھېرىسمەن كىشى ئىدى. رىزىقنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن ئۇستىۋېشىغا بىر يېشىل يېپىنچىنى ئارتىپ، بۇ ئىش بىلەن يامان يولغا ئۇندىگۈچى نەپسىنى خۇشال قىلماقچى بولدى. ئۇ بازاردىكى بىھېساب نازۇ ـ نېمەتلەرنى كۆرۈپ تاقىتى ـ تاق بولغان ھالدا، رىياكارلىق بىلەن ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئۇنىڭغا بۇزغۇنچى نەپسى ئەگرىنى تۈز قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئاخىر قەلەندەرلىك مىكرىنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشتى. گاھ يېقىملىق مەسنىۋى شېرىنتىن سۆزلىسە، گاھ «كەسىپ ـ كامالەتلىرى» نى كۆز ـ كۆز قىلاتتى؛ بەزىدە خەلق ئارىسىدا ئۆزىنىڭ «كەسىپ، كارامەت» لىرىنى نەقىل كەلتۈرسە، يەنە بەزىدە ئەقىل ۋە شەرىئەت يوللىرىنى ئىزھار قىلاتتى. ئول سىگال بەتبەشىرە دېۋانە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يۈزلەرچە مىكىر ۋە ئەپسۇنلارنى ئىشقا سېلىپ ، خالايىقتىن بىر لوقما تائام ۋە ياكى بىر دەرەم پۇلغا ئىگە بولاتتى. كىشىلەرگە ھىيلە ـ مىكىر

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 1 ـ نەشرى. 10 ـ بەت.

www.bilnur.com

ئىشلىتىپ يۈز قىسمىغا نەيرەڭ ۋە ئويۇنلارنى كۆرستىپ، نەپسىنىڭ تىلىگىنىنى ئۇلاردىن ئېلىپ يەيتتى. نەشە ۋە مەينىڭ تەسىرى بىلەن ھەرنەپەستە يۈز قىسما بۇزۇق خىياللارنى سۈرەتتى. كۆڭلىدە مىڭلىغان خام تەمە ۋە بىمەنە نىيەتلەردە بولاتتى. ئۇنىڭغا بىر كۈنى توساتتىنلا بىر مەردانە ۋە ئۇلۇغ كىشى ئۇچراپ قالدى. ئۇ كىشى ناھايىتى كامالەتكە يەتكەن كارامەت ئىگىسى ئىدى. ھېلىقى غاپىل سىگال دىۋانە بۇ ئاقىل كىشىنى كۆرۈشى بىلەنلا يامان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى ۋە چىرايىنىڭ ئۆڭى ئۆچتى. ئول ھەزرىتى ئەزىزان بۇ غاپىلغا:

— ئالدىڭدا ئېرىشكەن نەرسىلىرىڭنى ماڭا ئۇزاتقىن، تاپقان سەدىقىلىرىڭنى مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

ئۆزىدىن پەس دىۋانە ئۆزىنىڭ تاپقانلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ كاشكۇلىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدە پۇتۇنلەي نىجاسەتلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى — دە، بۇ خاۋارىجنىڭ خەستەك جىسمىغا ئوت تۇتاشتى. ئول سۇلتانۇل مۇھەققىقىن يەردىن بىر ئوچۇم خاك - تۇپراق ئېلىپ خەسىس دىۋانىنىڭ قولىغا بەردى — دە:

— بۇنىڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەيسەن، — دېدى. دىۋانە ئېلىپ قارىسا، ئۇپاك زاتىنىڭ بەرگەن تۇپىسى ئالتۇن، تاشلىرى بولسا گۆھەر، ياقۇت، مەرۋايىتلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. كالتە پەم دىۋانە بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ئالدىغا قارىسا، ئول پاك ئىنسان كۆز ئالدىدىن غايىب بولۇپتۇ. ئۇ ئەقىلسىز سىگال دىۋانە خىجالەتچىلىكتە قالدى. ھەسرەتلىك ئاھ چەكتى. بۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىدى. ئەي غاپىل مۇخلىسلىرىم، سىلەرگە ئاشۇ كارامەتلەر ئىگىسى بولغان زاتى شەرىپ ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قەدرىنى بىلمىسەڭلار، پۇرسەت ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ، نالە - پىغان قىلغان بىلەن پايدا تاپالمىغايسىلەر. چۈنكى، پۇرسەت ئۆتكۈر قىلىچتۇر!

www.bilnur.com

— يا ئەلھەزەر، يارەببى! — دەپ گۆرۈلدەشتى مەجلىس ئەھلى، ئۇلارنىڭ جور بولۇشىدىن پۈتۈن ئاقساراي لەرزىگە كەلدى. . .

* * *

ئاپاق خوجا شەربەتىل ھاياتىنىڭ كۆچى بىلەن تازا قايناپ مەسىلە ـ مەرۇپ قىلىۋاتاتتى، موللا باقى تېز كىرىپ كەلگىنىچە ئۇدۇل شاھسۇپا ئۈستىگە چىقتى ۋە ئېگىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى شىۋىرلىدى.

— نېمە؟! بۇ — . . . بۇ ئېنىقمۇ؟ — دەپ ۋەھىمە بىلەن ۋارقىرىدى ئاپاق خوجا.

— ھەزرىتى خوجام پادىشاھىم، ئول خەۋەر ئېنىقتۇر! — دەپ جاۋاب بەردى موللا باقى ئىككى پۈكلىنىپ تۇرۇپ.

ئاپاق خوجا:

— قېنى ئۇ بىزنىڭ بەگلىرىمىز؟ قېنى ئۇ بىزنىڭ باھادىر سوپى چېرىكلىرىمىز؟ قېنى ئۇ بىزنىڭ ھىماتچىمىز بولغان قالماق خوجام؟! — دەپ چالۋاقىغىنىچە تەخت ئۈستىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە مەجلىس ئەھلىگە ئىشارەتمۇ قىلماستىن تەخت كەينىدىكى خۇپىيەخانىسىغا قاراپ ئىتتىك ماڭدى. . .

* * *

ئۆتكەن يىلى يازدا، ئاپاق خوجا قەشقەر ياغدۇدىكى ھەزرەت مازىرىنى قايتىدىن ياساش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەندىن بۇيان، يۇرت ـ ئايماقلاردىن تۆمەنلىگەن بىجىرىم ئەرلەر «سەرمازار ھاشىرى» غا تۇتۇپ كېتىلدى. بۇ ئىشقا ئاپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى يەھيا خوجا مۇئەككەل بولۇپ قەشقەردە

www.bilnur.com

تۇردى. بۇ قۇرۇلۇشقا نەچچە مىڭ ئۇستا ـ ھۈنەرۋەن ۋە نەچچە تۈمەن مەدىكار بىر يىلدىن كۆپرەك ئىشلىدى ۋە يۈز مىڭلاپ كۈمۈش دەرھەم سەرپ قىلىندى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، قەشقەر شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ياغدۇدا مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشاننىڭ مازىرى ـ ھەزرەت مازىرى ئاۋۋالقىدىنمۇ ھەيۋەتلىك، ياسىداق بولۇپ پۈتۈپ چىقتى.

بۇ ھەزرەت مازارىنىڭ گۈمبىزى تولىمۇ مۇشەققەت ئىچىدە پۈتكەنىدى! گۈمبەز — پۈتكۈل ھەزرەت مازىرى قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ ھالقىلىق مۇھىم بىر قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى. گۈمبەزنىڭ خىشلىرىنى تۈۋرۈكسىز ھالدا بىر ـ بىرىگە ياپسالاپ تۇرغۇزۇش كۆپ ھۈنەر تەلەپ قىلىدىغان تولىمۇ مۇشەققەتلىك بىر ئىش ئىدى. مەقبەرىنىڭ گۈمبىزى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ھەر قېتىمدا بىرمۇنچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى ۋە بىرمۇنچە ئادەملەرنى كېرەكتىن چىقىرىپ ناكار قىلدى! ھەزرەت مازىرى ھەقىقەتەنمۇ پۇقرالارنىڭ جېنىغا تۆرەلگەن دەخمىزە، ناشۇكۇر بىر ئىمارەت ئىدى!

دېمەك، «سەرمازار ھاشىرى» يوقسۇل پۇقرالارنىڭ زىممىسىدىكى ئالۋان ـ سېلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەچكە، زۇلۇمغا چىدىيالمىغان بىرنەچچە تۈمەن ھاشارچى دېھقان ئاخىر ئىشقول سەيلىسىدىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى. بۇ چاغدا ئاپاق خوجا سوپى چېرىكلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئاقسۇدىكى ئاقباش خان ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىۋەتكەن، ئاستانە يەكەندە بىر بۆلۈك ساقچى قىسمىدىن باشقا ھېچقانچىلىك ھەربىي كۈچ قالدۇرمىغانىدى.

ئىشقولدا كۆتۈرۈلگەن ئىسيان يالقۇنى تېزلا ئەتراپتىكى مەكىت، يېڭىسار، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېڭىيىپ، پۈتۈن زېمىننى قاپلىغان زور يانغىنغا ئايلاندى. شۇ يىلى جامادىيەل

www.bilnur.com

ئاۋۋالىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى (جۈمە كۈنـــى) پولات شەيقاۋۋۇل باشچىلىقىدىكى ئاتمىش مىڭ قوزغىـلاڭچـــى دېھقان يەكەنگە باستۇرۇپ كىردى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ يەكەندىكـى ساقچـــى قىسمىنى پاك - پاكىز يوقاتتى.

ئاقسارايغا ھۇجۇم قىلغان ئىسيانچىلارغا پولات شەيقاۋۇل سەردار ئىدى. ئۇ مىلادى 1682 - يىلى يۈز بەرگەن مۇھەممەت ئىمىن خان ئىسيانىنىڭمۇ ئاساسلىق تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن خان ئاپاق خوجا تەرىپىدىن سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن پولات شەيقاۋۇل يوشۇرۇنۇۋالغا- نىدى. ئەمما، ئۇ مۇشۇ ئون يىل جەريانىدا مۈلكىي قەشقەرىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاپاق خوجىغا قارشى تەرغىبات قوزغاپ، كۈرەشنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماي كەلگەنىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى ئىشقول سەيلىسى ئىسيانىنىڭمۇ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئىسيانچىلار ئاپاق خوجىنىڭ قۇتىبخانىسـىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، ھىيلىگەر، قېرى تۈلكىدىنمۇ قۇۋ ئاپاق خوجا ئۆزىنى دەرھال چەتكە ئېلىپ ئۆلگۈرگەن بولسىمۇ ئەمما ئاقساراي ئىسيانچىلارنىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىسىدە قالغانلىقتىن، خۇددى «چولمىغا چۈشكەن بېلىق» تەك ھېچيەرگە قاچالماي ئاخىر قولغا چۈشتى!

* * *

ئىسيانچىلار ئاپاق خوجىنىڭ خۇپىيەخانىسىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، ئۇ قارشىلىق كۆرستىپ قولىدىكى قىلىچى بىلەن بىر ئىسيانچىنى چېپىپ تاشلىدى، قانلىق قىلىچنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر ئىسيانچىنى چاپماقچى بولغاندا، يەنە بىر ئىسيانچى قولىدىكى ئۇزۇن كالتەك بىلەن بىر ئۇرۇپلا ئاپاق خوجىنىڭ قولىدىكى

www.bilnur.com

قىلىچنى چۇشۇرۈۋەتتى.

ئاپاق خوجا قورققىنىدىن تۇرۇپلا قالدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى:

— سـ . . .لەر ـ . . .كىم ـ . . . كىم بول ـ . . . بولىسىلەر؟ بۇ يەرـ . . . بۇ يەردە نېـ . . . نېمە ئىـ . . . ئىشىڭلار بار؟

ئىسيانچىلار ئارىسىدا قولىغا قىلىچ ئالغان قامەتلىك بىرەيلەن مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن ئاپاق خوجىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ مىيىقىدا بىر كۈلۈپ قويدى — دە، قولىدىكى قىلىچنى ئاپاق خوجىغا شىلتىپ ھەملە قىلدى، ئۇ ئېيتتىكى:

— ئەي ئەقىلسىز دۆت ئاپاق، سەن مېنى تونۇيالمايۋا. تامسەن؟! مەن دېگەن سەن تۇتۇش پەرمانى چۈشۈرگەن پولات شەيقاۋۇل دېگەن مەندۇرمەن. بۈگۈن سېنىڭ پەيمانىڭ توشقان كۈندۇر!

— ئى جەۋانمەرد مۇخلىسلىرىم، سىلەرنىڭ غەرىزىڭلار نېمىدۇر؟ ئەگەر مېنىڭ خەزىنەمدە سىلەرگە لايىق نەرسە بولسا، سىلەردىن ئايىمىغايمەن لېكىن مېنى مۇنداق قورقۇتماڭلار! ـ دېدى ئاپاق خوجا تىترەپ تۇرۇپ. ئۇ مۇشۇ تاپتا خۇددى ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، تورغا چۈشكەن بېلىقتەك تېپىرلايتتى، گوياكى داۋاسىز ئەلەمگە گىرىپتار بولغان ماتەمدار كىشىلەردەك پەرىشان ئىدى.

— ھى، ھى. . . — دەپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى پولات شەيقاۋۇل ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن يىرگىنىپ، — سەن ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئەپلاتونىنىڭ زەنجىرىنى ئۈزىدىغان، ياۋۇزلۇقتىن يىرتقۇچ بۆرىنى مەككار تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىغا، قۇترىغان قاۋاننى چۈمۈلە ئۇۋىسىغا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر قىلالايدىغان، ھەسەلدەك شېرىن تىلىڭ بىلەن شېكەر تىللىق تۇتىنى قىلتاققا چۈشۈرەلەيدىغان ئادەمسەن! بىزنى ئۇزاق يىللاردىن ئالداپ،

www.bilnur.com

ئەرلىرىمىزنى غالچا، خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنى دېدەك قىلىپ قالماققا تۇتۇپ بەرگەن ئەبلەخقۇ سەن؟!

— سۆزۈڭ توغرا، — دېدى ئاپاق خوجا مۇغەممبەرلىك بىلەن، — مالۇ ـ دۇنيا ھېرىسى ۋە ئۇلۇغلۇق دەۋاسى ئەقلىمنى زەئىپلەشتۇرۇپتۇ، كۆزۈمنى خىرەلەشتۇرۇپتۇ. نەتىجىدە، ئەقىل ۋۇجۇدۇم، نەپسىم بوينۇمغا مىنگىشىپ قاپتۇ. تاجۇ ـ مەنسەپ تەمەنناسى خۇددى تەنناز جوۋاندەك مىكىر نازۇ ـ كەرەشمىلەر بىلەن ئەقىل كۆزۈمنى كور قىلىپتۇ. كۆزۈمگە ئالتۇن خەزىنە بولۇپ كۆرۈنگەن بۇ يەتتە ئىقلىمنىڭ ئەسلىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن!

— ئى خۇدا ئۇرغان تۇزكور خوجا، ئەمدى توۋۋا قىلغىنىڭنىڭ پايدىسى يوقتۇر، — دېدى پولات شەيقاۋۇل، — چۈنكى، سەندىن گۇناھلىرىڭغا توۋۋا قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، سەن نائىنساپ، دىيانەتسىز خوجادۇرسەن! تۇزكورلار ئەزەلدىن يىلاندىن تۆرەلگەن بولۇپ، يامانلىقنى ئۆزلىرىگە ھۈنەر ـ كەسىپ قىلىشقاندۇر. ئۇنداقلار ئاۋۋال ئۆز خەلقىگە، ئۆز ۋەتىنىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشىدۇ. ئاندىن ھاياسىزلىق قىلىشىدۇ!

— ۋەللەھەمكى، مەن بىسيار خىجالەت مەھزۇنلۇق، پۇشايمان ئىلكىدە چەكسىز ئىزتىراپ چەكمەكتىمەن، — دېدى ئاپاق خوجا پولات شەيقاۋۇلنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ، — ھەممە پۇشايمان ـ مەھزۇنلۇقۇم ئول نادامەت ئۇچۇندۇركى، ئەسلىدە بىر پۇلغا ئەرزىمەيدىغان پوچەك دۇنيانىڭ بىردەملىك ئاپتاپتەك مېھرىگە ئالدىنىپتىمەن. خۇددى زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، سىڭمەيدىغان غىزا ـ تائامنى يەپ ھالاكەتكە ئۇچرىغان بىمارغا ئوخشاش، ئىشنى باشقىلارنىڭ ھاياتلىق شېمىنى ئۆچۈرۈشتىن باشلاپ، باشقىلارنى ھالاك قىلىشقا ھەرىكەت قىلىپتىمەن. ماڭا ئوخشاش ئەقلى كوتا،

www.bilnur.com

ئەخمەق خوجىنىڭ بېشىغا ھەر بالالار كەلسە راۋا بولۇر. مەن بۇنى ئۆزۈمنىڭ ئۇسال خۇي - پەيلىمدىن دەپ بىلىشىم كېرەك. چۈنكى، ئەل قىساسى مىنەلھەق!

— ئـــى ئاپاق، — دېدى پولات شەيقاۋۇل، — سەن مەخدۇمزادىلەرگە بىر سائەتمۇ راھەت كۆرسەتمـــىگەندۇرسەن! ئۇلار بىر - بىرىگە جانلىرىنى پىدا قىلــــشتــــى، سەن ھىيلىگەرلىكتە قۇياش زەررىسىنى چوغ رەڭگىدىكى ئۇچاقتىن ئاللايدىغان، مەرۋايىتنى سەدەپ تېخى قېپىدا پەيدا بولمىغان ۋاقىتتا ئوغرىلىيالايدىغان كاززاپ خوجادۇرسەن، سەن ھىيلە - مىكىرلىرىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ تىرىكچىلىك كېمىسىنىــڭ تېگىنى تېشىپ، نى - نى ئوغلانلارنى ھالاكەت سۇيىدە غەرق قىلدىڭ. سەن بۇ ئەلگە باشلاپ كەلگەن قالماقلارنىڭ ھەددى ھېسابسىز زۇلۇم - ستەملىرى دەستىدىن يامان كۈنگە قالغان، تىرىكچىلىك خامىنىغا ئوت كەتكەن، پۈتۈن ئۆمرىدە مۇراد - مەقسەت چىرىغى بىرەر كېچىمۇ يورۇپ باقمـــىغان، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە يىلىكى قۇرۇپ، ھېچ مادارى قالمـــىغان بىچارىلەرنىڭ جان تارىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۈزگەندىڭ! ئۇلۇغلار: «بى رەھىمدىل كىشىگە تەڭرىمۇ رەھىم قىلمايدۇ» دېگەندى. ئى نەپرەتلىك ئاپاق، بۇ گۇناھىڭغا قايىلدۇرسەنمۇ؟

— قايىلدۇرمەن، قايىلدۇرمەن! — دەپ ئىنتىك جاۋاب بەردى ئاپاق خوجا پېشانىسىدىكـــى پۇرچاقتەك - پۇرچاقتەك تەرلىرىنى كىمخاب تونىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، شۇ تاپتا ئۇنى سۇر بېسىپ كېتىۋاتقانىدى، — سەئىدى ئەختەر باشىم ئۈستىدە قايىم بولغاندا، ھۇما قۇشى باشىمغا سايە تاشلىغاندا، تەن - تېنىم يايراپ، كىمخاب تونلارغا سىغماي قالۇرئىدى. قوۋۇرغىلىرىمغا ماموق تۆشەكلەر پېتىپ ئاغرىتاتتـــى. ئامەت دۆلدۈلىغا مىنىپ، سەلتەنەت ساماسىدا ئۇچۇپ يۈرگىنىمدە، زېمىن ئۈستىگە قانداق قونارمەن، دەپ ئويلىمىغانىــكەنمەن!

www.bilnur.com

ۋاقتىكى، ئەيش - ئىشرەتتىن ئۆزۈمنى تارتالمايدىغان خاراباتىلارنىڭ كۆزىدەك ھىجران پەردىسى قاپلىغان كۆزۈمگە ئۇل قالماق خوجامنىڭ ئاياغ - ئىزىنى كوھىلۇل جەۋاھىر سۈرمىسىدە تارتقانىكەنمەن. چۈشەندىمكى، ھايات سەپىرىنىڭ ئۆزى بىر ئىبرەتلىك ساۋاق ئىكەن. دۇنيا ھادىسىلىرى ھەر ۋاقىت يۈز خىل نەيرەڭلەرنى كۆرسىتىپ تۇرار ئىكەن.

— سەن ئۇ چاغدا تاش يۈرەكلىكنى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىلغانىدىڭ، خەلقىمىزنى كۆرگەنىدىڭ، ھەرقانچە زارلىنىپ، نالە - پەرياد ئەيلىسەڭمۇ، بىزنىڭ ئاھۇ - زارلىرىمىزغا نە قالماق، نە سەن قۇلاق سېلىشمىغانىدىڭ! بىسىيار نەۋجىۋۋان - ئوغلان، باكىرقىز - چوكان ھەمشىرىلىرىمىزنى، خىش - ئەقرەبالىرىمىزنى ئۇستەك ھېسابىدا قالماققا ئەرزانلا غالچىلىققا سېتىۋەتتىڭ! سەنلەر قالماق خوجاڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ تەقدىر تونىنى پىچىشقاندا، ھەتتاكى مۇئامىلە - تىجارەت قىلىشىۋاتقان سودىگەرلەرچىلىكمۇ بولالمىدىڭ. چۈنكى، كىشىلەر بىلەن بولىدىغان مۇئامىلە تىجارەتنىڭ رەسمى شۇكى، ناۋادا بىرنەرسىگە ئون تەڭگە باھا قويۇلدى، دېيىلسە، ئىككى تەرەپ نەرقى - ناۋا ئۈستىدە ئۇزاق تالاشقاندىن كېيىن ساتقۇچى ئالتە تەڭگىدىن ئاشۇرۇپ سېتىشنى، ئالغۇچى يەتتە تەڭگىدىن زىيادە ئالماسلىقنى كۆڭۈللىرىگە پۈككەن بولىدۇ. سەن بولساڭ ئازراقمۇ تالاشماستىنلا مۇلكىي قەشقەرىيەنى ئاتمىش مىڭ خام ۋە ئاتمىش مىڭ تەڭگە بەدىلىگە قالماققا ئەرزانلا سېتىپ، تاجۇ - مەنسەپ سودىسىدا پۇتۇشتۇڭ!

— يا ئەلھەزەر، يا رەببى! — دەپ ئىخرار قىلدى ئاپاق خوجا دەرھال، — ئەلھال، كۆزۈم غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، قارايدىغان بولسام، قالماق چېرىكلىرىنى بۇ ئەلگە باشلاپ كېلىپ ئىنتايىن چوڭ سەۋەنلىك سادىر قىلغانىكەنمەن! بالا - قازا ئۆكۈزىنى ئەلنىڭ تىرىكچىلىك خامىنىغا

www.bilnur.com

باغلىغىنىمغا، ئەجەل پالتىسىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئەلنىڭ ھاياتلىق سەرۋىسىگە چاپقانلىقىمغا قاتتىق ئۆكۈنىمەن! ئول كۈنكى، بۇ مەملىكەتنى قالماق لەشكىرىنىڭ ھىمايىسى بىرلە سەئىدىيىلەر قولىدىن سويۇپ ئالىپ، تەختنى - سەلتەنەتكە ئولتۇردۇم. شۇ ۋەجىدىن، مىنى قىيام - قىيامەتكىچە قارا يۈز، دەپ بەتنام بىرلە ئاتارلەر[1] . . . شۇڭا، تاجاۋۇزچىنى ياشىسۇن، دەپ مەسنىۋى شېرىف ئوقۇغان، ئەل - يۇرتىنى قالماققا تەقدىم قىلىپ يەنە، نەۋجىۋان - ئوغلان، باكىر قىز - چوكان، خىش - ئەقرەبالىرىنى ئۇستەك ھىسابىدا قالماققا تۇتۇپ بەرگەن ماڭا ئوخشاش سولامچى خوجىغا ھەرقانداق بالا - قازا كەلسە راۋا بولۇر. مەن بۇنى ئۆزۈمنىڭ تۇزكورلۇقۇمدىن دەپ بىلىشىم كېرەك. چۈنكى، ئەل قىساسى مىنەلھەق!!

— ئۇلۇغلار: «يۈز قۇشقاچقا بىر چالما!» دەپتىكەن، — دېدى پولات شەيقاۋۇل ئاپاق خوجىنىڭ توۋۋىسىغا پىسەنتمۇ قىلماستىن، — قالماقلار مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ دەۋران تاجىنى سەئىدىيىلەر بېشىدىن سويۇپ ئېلىپ، سىنىڭ بېشىڭغا قوندۇرغاندى. ئەمما، كۆرگەنسەن، ئول تاجۇ - تەختنىڭ بىۋاپالىقىنى؟!

— بەرھەق، بەرھەق! — دەپ ماقۇللىدى پولات شەيقاۋۇلنىڭ سۆزىنى ئاپاق خوجا دەرھال، — بۇ جاھان ھېچكىمگە باقىي بولغان ئەمەس. ئۇ — پايانى يوق چەكسىز يىللاردا ئاللانىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن ئامانىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، ئۆتۈپ تۇرغان ھەربىر دەقىقە ئۆمۈرمۇ ئاللانىڭ ئۆز بەندىسىگە سوۋغا قىلغان ئامانىتىدۇر!

— ئى خاۋارىج خوجا، — دېدى پولات شەيقاۋۇل، — سەن بۇنى بىلەمسەن؟ ئەسلىدە، ئامانەت — بارلىق ياخشى

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988- يىلى نەشرى، 57 — 61 - بەت.

www.bilnur.com

سوپەتلەرنىڭ ئۇلۇغى، دىيانەت — بارلىق ياخشى خۇي ـ ئەخلاقنىڭ يىلتىزى ئىدى. ئىمان ئامانەت ئارقىلىق كامالەتكە يېتەتتى. بىراق، سەندەك ئىمانى سۇس، دىيانەتسىز، خۇدا ئۇرغان خوجىغا بۇنداق ياخشى پېئىل، ئېسىل خۇي مەنسۇپ بولماپتۇ. ۋەللەھەمكى، تەپەككۇر نەزەرى بىلەن قارىغان ھەرقانداق بىر بەندە شۇنى بىلگەيكى، ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ بىر چېتى ئامانەتكە ـ ساداقەتكە چېتىقلىقتۇر. يەنە بىر چېتى خىيانەتكە باغلانغاندۇر! بەس، سەن ئەسلىدە ئىمانغا چېتىلغان ئامانەتنى ئۆز شەخسىيىتىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلغانلىقىڭدىن ئۇ ئالەملىك ۋە بۇ ئالەملىك تۇزكور، قارايۈز بولدۇڭ! چۈنكى، خۇدايىتائالا ھەربىر بەندىسىگە ئۇنىڭ ھەرقايىسى مۇچىلىرىنى تازا قىلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ مۇچىلەر شۇ كىشى ئۈچۈن ئەسلىدە ئامانەت ئىدى. نىھايەت، سەن ئاللانىڭ قۇدرەتلىرىنى كۆرۈشكە بېرىلگەن كۆز بىلەن ناشايان نەرسىلەرگە نەزەر سالدىڭ؛ ھەقتائالانىڭ مۇبارەك كەلىمىلىرىنى، پەيغەمبەر ھەدىسلىرىنى ۋە ئەھلىللاھىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئىشتىش ئۈچۈن بېرىلگەن قۇلاق بىلەن قالماق خوجاڭنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئاڭلىدىڭ؛ ھەتتا ئاللانىڭ زىكرى ـ تەسبىھىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئاشۇ ئۈچ ئىلىك ئۇپرىماس تىل بىلەن ئاللانىڭ روسۇلىغا شېرىك كەلتۈرۈپ، يالغان پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىپ چىقتىڭ؛ ھەتتا ئاللانىڭ نامىدىن ئۆز خەلقىڭگە ساخاۋەت قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن بىر جۈپ قول بىلەن مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم سالدىڭ. ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكتۈڭ! ئەسلىدە پۇقرالارمۇ خۇدايىتائالانىڭ پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە تاپشۇرغان ئامانىتى ئىدى. بىراق، سەن ناكەسنىڭ خىيانەتچىلىكى ئارقىسىدا، ئەركان ـ دۆلەتكە خارابلىق ۋە قۇسۇر يەتتى.

پولات شەيقاۋۇلنىڭ نەشتەردەك سۆزلىرى ئاپاق خوجىنىڭ يۈرىكىگە ھەر دەقىقىدە بىر ئاچچىق سانجىلاتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ

www.bilnur.com

ساناقلىق مىنۇت ـ دەقىقىلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدى — دە، ئەلەملىك ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۆرتىنىپ، زار ـ زار قاقشىدى:

ئەھەدا، سامئەل ـ مۇناجات،
سەمەدا، كافىئەل ـ مۇھىمات.
ھېچ پۇشىدە ئەزتۇپىنھان نىسىت،
ئالەمۇس ـ سەرى ۋەل ـ خەفىيات.
ھەر دۇئايكى مىكۇنەل بەند،
ئىستەجىب يامۇجىبەد ـ دەئۋاد.

(ئى مۇناجاتلارنى ئاڭلىغۇچى يەككە ـ يېگانە ئاللا، ئى ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ھەممە موھتاج ئاللا، ھېچقانداق نەرسە ساڭا سىر ھەم مەخپىي ئەمەس. سىرلارنى ۋە مەخپىيەتلىكلەرنى بىلگۈچى سەن. ئى مۇشكۇللۇكلەرنى ئىجابەت قىلغۇچى ئاللا، بەندىلىرىڭنىڭ ھەرقانداق مۇشكۇللۇكىنى ئاسان قىلغايسەن!)

— ھەيھات، ھەيھات! — دەپ ئاپاق خوجىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ تاشلىدى پولات شەيقاۋۇل، — ئى نائىنساپ، دەيۈز خوجا، قايسى يۈزۈڭ، قايسى ئەھۋالىڭ بىلەن ئاللاغا مۇناجات قىلۇرسەن؟! قادىر ئاللا سېنى شاراپەتلىك قىلىپ سەئىدى ئەختەرنى باشىڭ ئۈستىدە قايىم قىلغۇزمىغانمىدى؟ ھۇما قۇشىنى باشىڭغا سايە قىلىپ ئەۋەتمەپمىدى؟ ئىلىم ـ ئەدەپ، ھەسەب ۋە نەسەب بىلىملىرىنى ساڭا ئاتا قىلىپ، كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئۇلۇغلۇق سەھنىسىدە ھەممىمىزدىن ئۈستۈن كۆتۈرمىگەنمىدى؟ «ئاللا رازى بولىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈڭلار!» دەپ ئاگاھلاندۇرمىغانمىدى؟ بىزمۇ: «ئاللاغا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار؛ ئۆزۈڭلاردىن بولغان پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە، سېنىڭ ئەمرىڭنى ۋاجىپ دەپ بىلگەن ئەمەسمىدۇق؟! بىراق، سەن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟! سەن

www.bilnur.com

ئەدلۇ ـ ئادالەتنى تەرك ئېتىپ، زۇلۇم ـ ستەمنى راۋا كۆردۇڭمۇ؟ زۇلۇم چەككۈچىلەرنىڭ داد ـ پەريادىغا شەپقەتسىزلىك نەزىرى بىلەن قارىدىڭمۇ؟ غەزەپ تىغىدىن مەجرۇھ بولغانلارنىڭ جاراھىتىگە ئوغا مەلھىمىنى قويدۇڭمۇ؟ جاپا چەككەنلەر جەۋر ـ ستەم ئاپتىپىدىن هارارەت ۋە تەڭلىكتە قالسا، ئۇلارنىڭ بېشىغا كۆلپەت نەشتىرىنى ئۇردۇڭمۇ؟! بىلەمسەن، مەنپەئەت كۆرمىسىمۇ، ئەدلۇ ـ ئادالەتنى هەركىم دوست تۇتىدۇ؛ زەرەر كۆرمىسىمۇ، زۇلۇمنى هەممە كىشى دۈشمەن سانايدۇ. نۇشىرۋان ئادىل ئاتەشپەرەس كاپىر ئىدى؛ هەججاج ئىسلام يېرىدە تۇغۇلغان، ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ پېشۋالىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان مۇسۇلمان ئىدى. ئەمما، قاچانكى، نۇشىرۋان هەققىدە سۆز بولسىلا، كىشىلەر تاكى هازىرغا قادەر ئۇنى ئادىللىق، ياخشىلىق تەرەپلىرى بىلەن ياد قىلىشىدۇ؛ ۋەللەھەمكى، هەججاج هەققىدە سۆز بولسا، هېلىمۇ ئۇنىڭ زالىملىقى توغرىلىق لەنەت ياغدۇرۇشىدۇ!

* * *

پولات شەيقاۋۇل تىلغا ئالغان نۇشىرۋان ساسانىيلار سۇلالىسىدىن بولۇپ، مىلادى 531 ـ يىلىدىن مىلادى 579 ـ يىلىغىچە ياشىغان بىر ئىران پادىشاھىنىڭ نامى ئىدى. ئۇ توغرىسىدىكى مۇنداق بىر ۋەقە قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر ئاغزىدا هېكايەت قىلىنىپ كېلىنمەكتە ئىدى:

— قەدىمكى زاماندا، ئەجەم پادىشاھلىرى نۇشىرۋاننىڭ بىر زىياپىتىگە داخىل بولۇپتۇ. بىر مەھرەم نۇشىرۋاننىڭ ئالدىغا ئاش قويماقچى بولۇپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن قاچىدىكى ئاشنىڭ بىر قىسمىنى شاھنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ ساپتۇ. نۇشىرۋان دەرغەزەپ بولۇپ: «جاللات، بۇ ئەدەپسىزنى بارگاھ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ

www.bilnur.com

بېشىنى ئېلىڭلار!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. مەھرەم ھامان قالغان ئاشنىمۇ شاھنىڭ بېشىغا تۆكۈۋېتىپتۇ. شاھ:

— ھوي بەتبەخت! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بۇ گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟ — دەپتىكەن، ھېلىقى مەھرەم:

— ئى پادىشاھ، سېنىڭ ئادالىتىڭ پۈتۈن ئالەمگە ئاڭلانغاندۇر. ئېھتىياتسىزلىقتىن گۇناھ سادىر قىلىپ ئۆلۈمگە ناھەق بۇيرۇلسام، سەن پۈتۈن ئالەمدە يامان ئاتلىق بولۇرسەن. شۇڭا، مەن يەنە قەستەن گۇناھ سادىر قىلدىم. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا، سەن يامان ئاتلىق بولمىغايسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نۇشىرۋان خۇشال بولۇپ، ھېلىقى مەھرەمگە تەربىيە قىلىپ، ئۆلۈمدىن كەچۈرۈپتۇ...

پولات شەيقاۋۇل تىلغا ئالغان ھەججاج تارىختىكى مەشھۇر زالىم ھەججاج يۇسۇپ بولۇپ، ئۇ ئۇمەۋىيىلەر سۇلالىسىدىكى 5- ئەۋلاد خەلىپە، مىلادى 646 - يىلىدىن 705 - يىلىغىچە ياشىغان ئابدۇلمۇلك ئىبنى مەرۋان ئىبنى ھەكىم ئۇمەۋىينىڭ نايىبى ئىدى. ئۇ توغرىلىق مۇنداق بىر ھېكايەت قەدىمدىن تارتىپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە ئىدى:

ھەججاج مەككە بىلەن مەدىنىگە ئەمىر بولغان مەزگىلدە، بىر كۈنى سەھرادا يالغۇز سەيلە قىلىپ يۈرەتتىكەن، بىر مازارلىققا كەلگەندە، دۇئاسى ئىنتايىن ئىجابەتلىك بىر دەرۋىشنىڭ دەرەخ سايىسىدە دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. ھەججاج ھېلىقى دەرۋىشنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھوي دەرۋىش! ھەججاج ئۈچۈن ياخشى بىر دۇئا قىلىپ قويساڭچۇ؟ — دەپتۇ. دەرۋىش:

— خۇدانىڭ لەنەتلىرى ھەججاجغا تەگسۇن! ئۇ زالىم، قانخور، خۇدادىن قورقمايدىغان ئەقىلسىزدۇر. خۇدايىتائالا يەر-

www.bilnur.com

يۈزىنى ئۇ ناپاكتىن پاك ۋە خالىي قىلسۇن! — دەپ دۇئا قىلىپتۇ.

ھەججاج چۆچۈپ:

— خۇدا ھەققى، بۇ قانداق دۇئا؟ — دەپ سوراپتىكەن، دەرۋىش:

— بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى دۇئا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— مېنى تونۇمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھەججاج ھېلىقى دەرۋىشتىن.

— تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى دەرۋىش.

— ھەججاج دېگەن مەن بولىمەن! — دەپتۇ ھەججاج.

— سەنمۇ مېنى تونۇمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى دەرۋىش.

— ياق.

— مەن پالانى كىشىمەنكى، — دەپتۇ ھېلىقى دەرۋىش، — ھەر ئايدا ئۈچ كۈن ساراڭ بولۇرمەن، مانا بۈگۈن مەن ساراڭ بولغان كۈنۈمدۇر!...

* * *

ئاخىر، ئاپاق خوجا ئەينى ۋاقىتتا سەئىدىيەلەرنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن بولغان ئىسمايىل خان نەزەربەند قىلىنغان زىندانغا تاشلاندى. بۇ زىندان دەل ئاپاق خوجىنىڭ ئاق سارايدىكى شاھنىشىنىغا قويۇلغان ئالتۇن تەختىنىڭ ئاستىغا جايلاشقانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن سىياسىي رەقىبلىرىنى مۇشۇ زىندانغا تاشلاپ يوق قىلغانىدى.

ئاپاق خوجا بۇ زىنداننى ياساتقاندا گۇناھكارلارنىڭ قېچىپ كېتەلمەسلىكى ئۈچۈن، بوينى تار، ئىچى كەڭ خۇمرا شەكلىدە

www.bilnur.com

بولسۇن، دەپ ئەمىر قىلغانىدى. زىنداننىڭ ئىچى گوياكى زۇلمەت كېچىسىدەك قاراڭغۇ ئىدى. كەمەك ئەيىيار بولغان تەقدىردىمۇ بۇنداق زىنداندىن قانات ياساپمۇ ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوردىدىكى پۈتۈن ئەۋرەزلەرنىڭ ئاخىرقى ئۇچى مۇشۇ زىندانغا تۇتىشاتتى. ھاۋا ئالمىشىدىغان تۆڭلۈكى ئېتىپ تاشلانغانلىقتىن، بەتبۇي سېسىقچىلىق دەستىدىن زادىلا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى! زىندانغا تاشلانغان ھەرقانداق ئادەم گەندە - نىجاسەتكە چىلىنىپ ئۆلۈشكە مەجبۇر بولاتتى. نىھايەت، ئاخىر ئاپاق خوجىمۇ ئۆزى كولىغان زىندانغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ «كىشىگە ئورا كولىساڭ، ئۆزۈڭ چۈشەرسەن!» دېگەن سۆزنىڭ راستلىقىغا مانا ئەمدى چىنپۈتتى. بىراق، ئۇ ئۆز مەغلۇبىيىتىگە ئەزەلدىن زادىلا تەن بېرىپ باققان ئەمەس.

ئاپاق خوجا مانا ئەمدى ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ ئىقبال - قىسمىتى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى:

«. . . مەن بۇزرۇكۋار پەدەرىم بىلەن ئول زېمىنغا قەدەم باسقىنىمغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاتمىش يىلدەك بوپتۇ، — دەيتتى ئۇ خىيالەن، — بۇ ئاتمىش يىل ئىچىدە قىرىق يىلدەك سۇلۇك تەۋرىتىمەن دەپ، مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ سەھرا - قىشلاقلىرىدا تەمتىرەپ يۈرۈپتىمەن. مەن كىرمىگەن ئوي، مەن چىقمىغان دۆڭ قالماپتۇ. ئاخىر، شېھىتدۆڭ مۇزاپىتى ‹سۇلتانۇل مۇھەققىقىن› لىق شاراپىتىگە نائىل بولۇپ، مۇقەددەس ئىشقىيە سۇلۇكىمىزنىڭ پىرئەزەملىك ئېرىشاتنامىسىگە ئېرىشىپتىمەن. كېيىن يەنە بۇ ئەلدىن لالمائىت كەبى قوغلىنىپ، ماۋرا ئۇننەھر ۋە تۈركىستان سەھرالىرىدا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ ئاخىر تىبەتتىكى بۇتپەرەس كاپىرلانىڭ چوڭى دالاي لاما بۇرھانەھۇ سەللەللەھى ئەلەيھىسسالامدىن نۇسرەت مەدەتكە ئېرىشىپ، قالماق چېرىكلىرىنىڭ زورى بىلەن

www.bilnur.com

بۇ ئەلنى سەئىدىيلەر قولىدىن سويۇپ ئېلىپ، ئاخىر ئۆز تەسەررۇپىمغا ئاران ئاپتىمەن. ماڭا يىگىرمە يىلدەك مۇلكىي قەشقەرىيە سەلتەنىتىنىڭ تەخت ساھىبى بولۇش نېسىپ بولۇپتۇ. بۇ يىگىرمە يىلنىڭ مابەينىدە غالدان قالماق خوجامغا ھەر يىلى ئاتمىش مىڭ خام، ئاتمىش تەڭگە ئولپان تۆلەپ تۇرغاندىن باشقا، پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ يىللىق ساپ كىرىمىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تەسەررۇپاتىمغا سەرپ قىلىنىپ سورۇۋېتىلدى. مەن كۆرمىگەن راھەت ـ پاراغەت قالماپتۇ. ھالبۇكى، پانىي ئالەمدىكى بۇ راھەت ـ پاراغەت باقىي ئالەمدىكى سەككىز ئۇچماغدىمۇ بولۇش ناتايىن! مېنىڭ تاجۇ ـ تەخت خاھىشىم ئۈچۈن بۇ ئەل ئاقتاغلىق، قارا تاغلىق بولۇپ كېتىشتى. يىغا ـ بالالارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ھازىر قارايدىغان بولسام، بىز خوجىلار تەرىپىدىن بۇ زېمىنغا چېچىۋېتىلگەن ئاداۋەتنىڭ ئۇرۇقى بىخ سۇرۇپ ھەر تەرەپكە يىلتىز تارتىپ، تەپرىقچىلىق جاڭگىلىغا ئايلىنىپتۇ. زالىملارنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى، زۇلۇم تارتقۇچىلارنىڭ ئاھۇ ـ زارلىرى، پۇقرالارنىڭ يوپۇرۇلۇشلىرى، سوپى چېرىكلىرىمنىڭ ئۇلارنى ياۋۇزلۇق بىلەن جازالاشلىرى، ھەسەتخور موللا، تەمەگەر ئىشانلارنىڭ قاملاشمىغان مۇلايىملىقلىرى، تەلەپكارلارنىڭ بىمەھەل خۇشامەتلىرى، ئەجەل مۇئەككەللىرىنىڭ زورلۇق تىغىدىن ھاياتلىق شېمى ۋاقىتسىز ئۆچۈرۈلگەنلەرنىڭ ھازىدارلىقى، ھەددى ھېسابسىز ئېغىر باج ـ سېلىقلارنىڭ دەستىدىن بەختى قارا، تونى ئۇزۇن بولغانلارنىڭ دەردلىك پىغانلىرى، تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئالۋان ـ سېلىقلار دەستىدىن قەددى پۈكۈلگەن خەلقنىڭ نىمجان ھالىتى مېنىڭ ناپاكلىقىم ۋە تۇزكورلۇقۇم تۈپەيلىدىن، نادانلىق شارابى بىلەن مەستۇ ـ مۇستەغرەق ۋە تەكەببۇرلۇق ھەۋەسلىرى بىلەن ئىنتايىن باشباشتاق بولۇپ كەتكەنلىكىمنىڭ، ئاللاغا، ئاللانىڭ ئەلچىلىرىگە شەك كەلتۈرگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟

www.bilnur.com

ئەسلىدە بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئاجايىباتلىرىنى سىھىرگەرلىك بىلەن ئوخشاش، دەپ بىلمەسلىكىم، پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى «ھىيلە ـ نەيرەڭ» دەپ ئۆز خاھىشىم بىلەن كەمستمەسلىكىم كېرەك ئىدى! شۇڭا، مەن ئىككى ئالەملىك بەتبەخت بولۇشقا مۇناسىپ! قۇرئاندا: «ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ»[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان. «بەتبەخت ئانىسىنىڭ قورسىقىدىمۇ يەنىلا بەتبەخت» دېگەن ھەدىس بويىچە بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك خارۇ ـ زارلىقتا، ئاخىرەتتە، ئەبەدىي دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولسام، مەندەك بەتبەخت خوجىغا راۋا بولۇر، چۈنكى، ئەل قىساسى مىنەلھەق!!!»

زىنداندا نىجاسەتلەرگە مىلىنىپ ياتقان ئاپاق خوجا ھەر قېتىم پۇشايمان ئىلكىدە مۇشۇنداق پۇچۇلانغىنىدا، ئازابلىنىپ غۇنۇجىندەك تولغىناتتى. ئۇ ئوقۇغان قايسىبىر كىتابتا مۇنداق دېيىلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى:

«ھۆكۈمدارلارنىڭ زۇلۇم بولقىسى مەزلۇملارنىڭ سەۋر سەندىلىنى يارسا، مەزلۇملارنىڭ دىلىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان ئوتلۇق پىغان ـ نادامەتلىرى، ئاھۇ ـ زارلىرى زۇلۇم كوھىقاپىنى يارىدۇ؛ ئەگەر ھۆكۈمدارلارنىڭ سەلتەنەت گۈرزىسى مىسلى تاغ بولسا، خەلقنىڭ قەھرى ـ غەزىپى قۇياشنىڭ يۇرىكىگە قادالغۇچى مىسلى تىغدۇر!»

ئاپاق خوجا مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ شەيخ ئەبۇ بەكرى نىشاپۇرى[2] ھەققىدىكى مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئەسلەپ قالدى:

— بىر كۈنى شەيخ ئەبۇ بەكرى نىشاپۇرى ساياھەت قىلماقچى بولۇپ نىشاپۇر شەھرىدىن يولغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ شەيخلىق مەرتىۋىسى ئىنتايىن ئۈستۈن بولۇپ، مۇرىد ـ مۇخلىسلىرى

---

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئال ئىمران، 116 ـ ئايەت، 66 ـ بەت.
② يەنى ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەت (853 — 935) — ئىراننىڭ نىشاپۇر شەھرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شەيخ، ئەللامە، فىقھ.

www.bilnur.com

ھەددى - ھېسابسىز كۆپ ئىكەن. مەپىلىرى، تۇغ - ئەلەملىرى بىلەن گۆرۈھ - گۆرۈھ مۇرىد - مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ھەيۋەتلىك گۆرۈھنىڭ ھەشەمىتىگە قاراپ، شەيخنىڭ كۆڭلىدىن بىر بىھۇدە خىيال زاھىر بولۇپ، ئۇنىڭ خىيال - پىكىرىنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ قېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ خىيالى تەڭرىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئۆزىگىچە بىرىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ يادىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇراق ناملىق تۇلپارغا مىنىپ ئاسماننى سەير قىلغانلىقى، ئۇنىڭ بىرلىك گۆھىرىدىن تاج بەخش ئېتىلىپ، ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد پەللىسى مىراج بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يۇكسەك ئاسمان ئىككى قاش ئارىلىقىدەك يېقىن بولۇپ، ساپلىق ۋە يېقىنلىققا ئېرىشكەنلىكى، تەڭرىدىن ئۇنىڭغا خىتاب كېلىپ: «ئەي دوست، ئىستىگەن مەقسىتىڭ نىمە؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ تەڭرىنىڭ ئېھسانىغا ئۇزرىخاھلىق قىلىپ، ئاسىي ئۇممەتلىرىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشنى تىلىگەنلىكى كېلىپتۇ — دە، شەيخ: «نىمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ئادەملەرنىڭلا گۇناھىنى كەچۈرۈشنى سوراش بىلەن كۇپايىلەنگەن بولغىيتتى؟» دەپ تېڭىرقاپ كېتىۋاتسا، بىر ئېشەك ھاڭراپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئېشەك «تارت!» قىلىپ ئۇسۇرۇپ ساپتۇ. شەيخ بۇ بېشارەتتىن چۆچۈپ، خىيال ئىلكىدىن ئويغىنىپ دەرھال ئېسىگە كەپتۇ — دە، دەرھال قاقاقلاپ كۈلگىنىدىن يەرگە يىقىلىپتۇ، شەيخنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قېلىشىپ، پاتىپاراق بولۇشۇپ كېتىپتۇ. مۇرىتلار ئارىسىدىن بىرى:

— بۇ نىمە ئەھۋالدۇر؟ — دەپ سوراپتۇ سۆزلەشكە پېتىنىپ.

— ئەي سىر - ئەسرار ئىزدىگۈچى دوستۇم، — دەپتۇ شەيخ

www.bilnur.com

جاۋاب بېرىپ، — قارىسام، سان ـ ساناقسىز خالايىق ماڭا ئەگىشىپ پۈتكۈل دالانى قاپلاپ كېتىشىۋېتىپتۇ. بۇ ئىش تۇيەيلىدىن شۇم نەپسىم كۆڭلۈمگە مۇنداق بىر ۋەسۋەسىنى سالدى: «ئىككى يولباشچى پېشۋالاردىن شەيخ جونەيدى، شەيخ شىبلى، شەيخ ئوبەيد نۇرى، شەيخ ئەبۇ سەئىدىدەك ماشايىخلاردىن قايسىبىرى پېقىرلىق بوستانىدا مۇشۇنچىلىك مەرتىۋە ھەم ھەيۋەت ـ ھەشەمەتلىك مۇخلىسلار قوشۇنىغا ئىگە بولالىغان؟» ھېرىسمەنلىك نەپسىم كۆڭلۈمگە بۇ ۋەسۋەسىنى سالغا ھامان ئۇ ئېشەك مېنىڭ بۇ ئازغۇن، بىھۇدە خىياللىرىمغا دەل ۋاقتىدا ئوسۇرۇق بىلەن جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆز خىيالىمغا جاۋاب تاپقانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ئازغۇن خىياللارنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم! بۇ جاھان ئىككى ئىشىكلىك، ئالتە گۈمبەزلىك ئۆيدۇر. بۇ جاھان ئۆيىنىڭ ئۇلى زۇلۇم ـ ستەم تاشلىرىدىن قوپۇرۇلغان. بۇ تاشلار مېھنەت تېغىدىن توشۇلغان. تاملىرىنىڭ خىشلىرىنى مەزلۇملار زۇلۇم قېلىپىدا قۇيغان، غەم توپراقلىرىنى كۆزلىرىنىڭ ھەسرەت سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ لاي قىلغان. بۇ ئىككى ئىشىكلىك جاھان ئۆيى ئىككى قەۋەتتىن تەركىب تاپقان. ئاستىنقى قەۋىتى زۇلمەت كېچىسىدەك قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇ يەردە نەسلىك قۇزغۇنلىرى بىلەن زۇلمەت شەپەرەڭلىرى ئارام ئالىدۇ؛ ئۈستۈنكى قەۋىتى بولسا، ۋەيرانلىق دەستىدىن ئۈمىدسىزلىك ھۇقۇشلىرىغا ئۇۋا، ماتەم لىباسى كىيگەن كەپتەرلەرگە كۇۋۇك بولغاندۇر. بۇ ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدىن «ئەي ئەقىل ئىگىلىرى، ئېھتىيات قىلىڭلار!» دېگەن نالە ـ پەريادنى ھەمىشە ئاڭلاش مۇمكىن...

ئاپاق خوجا دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە بۇ رىۋايەتنى ئەسلەۋېتىپ، كىچىكىدە ئىسىدە قالغان مۇنداق بىر مەسنەۋىنى ئىختىيارسىز ئوقۇشقا باشلىدى:

www.bilnur.com

پادىشاھىم سەن ئىشت، بۇرناغى دەۋرانلار قېنى،
سىز بىلەنكىم ۋەدە قىلغان شاھى ـ سۇلتانلار قېنى؟
ئۇشبۇ دۇنيا بىۋەفا سىندۇردى ئول پەيمانەنى،
نەچچە يىغلاپ زارى قىلغان شەرتى يالغانلار قېنى؟
سەندەدۇر دەۋران بۇ كۇنكىم سەندىن ئۆزگە كىمدە بار،
سەندىن ھەم ئىلگەرى ئۆتكەن شاھۇ ـ سۇلتانلار قېنى؟
نەچچە مىڭ ھايۇ ھەشەملىك سائىد سەيفۇل مۇلۇك،
مەلىكە بەدىئۇل ـ جەمال ئول ئىككى جانانلار قېنى؟!
. . .

*　　　*　　　*

زىنداندىكى ئاپاق خوجىغا كۇندە ئىككى زاغرا بىلەن بىر ئىبۇرىقتا سۇ بېرىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ رىياكارلىقى تۇپەيلىدىن مۇشۇ كۇنگە قالدى. ئەمما، ئۇ توۋا قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە زادىلا تەن بەرگۇسى كەلمەيتتى. ئۇ ھىيلە ـ مىكىرنى شۇنداق پۇختا ئىگىلەپ، ۋايىغا يەتكۇزگەنكى، ئىبلىس ئۇنىڭ ماكانىدىن لاھەۋال (ئاللانىڭ قۇدرىتى زور) ئوقۇپ ئۆتەتتى؛ ئۇ بارچە ئەيىيارلاردىن چېچەن ۋە ئۇستا ئىدىكى، ھىيلە ـ مىكىرنى ئۆزىگە ئاتا كەسىپ قىلىپ، ھىيلىگەرلىك مەكتىپىدە چارا قۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ئىبلىسقا ئوخشاش شەيتان ھىيلە ـ مىكرى بىلەن كىشىلەرنىڭ سەۋر ـ تاقىتىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئۇدۇل ھىيلە ـ مىكىر دەرسخانىسىغا باشلاپ ۋەيران قىلىدىغان مەككار ئىدى.

ئاپاق خوجا ھەر ۋاقىت بىر ئېكەك بىلەن بىر خەنجەرنى ئۆز يېنىدىن ئايرىماس ئىدى. ئېكەكنى خەنجەرنىڭ غىلىپىدا يوشۇرۇپ، خەنجەرنى بولسا، مىسۋاكىنىڭ ئىچىدە مەخپىي ساقلايتتى، ھەتتا ئۇخلاۋاتقان چېغىدىمۇ بۇ ئىككى نەرسىنى ئۆز يېنىدىن زادىلا ئايرىمايتتى. پولات شەيقاۋۇللار ئۇنى تۇتۇپ

www.bilnur.com

باغلىغاندا، ئۇ ئىككى بىلەن خەنجەرنى ئۇلارغا سەزدۈرمەي زىندان ئىچىگە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كىرگەنىدى. «گەرچە مەن بۇ يەردە ئېغىر غولدا ـ زەنجىرلەرگە بەند قىلىنىپ، بۇنداق ئېغىر پالاكەتكە دۇچار بولغان بولسامۇ، ـ دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، لېكىن مەن بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ چارىسىنى قىلىشتىن بىر دەقىقىمۇ قول ئۈزمەيمەن!»

ئاپاق خوجا ھەر كۈنى ئۆزىگە بېرىلگەن زاغرا بىلەن سۇنى بىر چەتتە قويۇپ خەنجىرى بىلەن يەرنى كولاشقا باشلايتتى، تۇپىنى ئىشىرىقتىكى سۇ بىلەن لاي ئېتىپ پەلەمپەي ياسىدى. ئىككى بىلەن زەنجىرلەرنى كېسىپ، نان بىلەن جان ساقلىدى، ئۇسساپ چاڭقاپ كەتسىمۇ، بىر تېمىم سۇنىمۇ بىھۇدە ئىچمەستىن قەيسەرلىك بىلەن تاقەت قىلدى. ئۇ يەتمىش ياشقا كىرىپ قالغان چال بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭدا قىلچىمۇ قېرىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇزاق ئۆتمەي پەلەمپەيلەر شۇ يوسۇندا ئاستا ـ ئاستا ئېگىزلەپ زىندانىنىڭ تۈڭلۈكىگە يەتتى. ئۇ زىندانىنىڭ ئېغىزىغا باستۇرۇپ قويغان ئېغىر تاشنىڭ چېتىنى قولىدىكى پولات خەنجىرىنىڭ ئۇچى بىلەن بىرئازدىن چوقۇپ، ئاخىر تۆشۈك ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ تۆشۈك يوغىناپ ئاخىر ئادەم پاتقۇدەك ھالەتكە كەلدى. ئۇ ئاشۇ تۆشۈكتىن چىقىپ قاچتى...

* * *

مىلادى 1694 ـ يىلى (ئىت يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى (پەيشەنبە)، تۈن نىسپى. تۈن ئاسمىنى قويۇق قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغانىدى. گەرچە تولۇن ئاي تېخى قوتانلىمىغان بولسىمۇ ئەمما قارا بۇلۇتلارنى تېشىپ ئۆتكەن ئاجىز نۇرى بىلەن ئەتراپنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاقسارايىنىڭ يوغان

www.bilnur.com

سەيناسىنىڭ ھەشەمەتلىك ھالىتى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولغان بولۇپ، ئادەتتىكىدەك ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىمۇ غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى. يىراقتىكى خانىلارنىڭ پەنجىرىلىرىدىن سۇس سارغۇچ چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ — ئىسيانچىلار ئاقسارايىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىنكى ئاتمىشىنچى كېچە ئىدى. شۇ كېچىسى ئىسيانچىلارنىڭ سەردارلىرىدىن بىرى بولغان پولات شەيقاۋۇل قاراۋۇللارنى تەركە قىلىش ئۈچۈن قۇتبىخانىدىن سىرتقا چىققانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز يىراقتا ئاڭلىنىۋاتقان شۇبھىلىك ئاياغ تاۋۇشىنى سېزىپ قالدى. ھېلىقى شۇبھىلىك ئاياغ تاۋۇشى بارغانسېرى يىراقلىماقتا ئىدى. بىردەمدىن كېيىن بولسا، ئاقسارايىنىڭ كەينىدىكى ھەرەمخانا تەرەپتە ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— كىم؟ ! — دەپ توۋلىدى ئۇ قەھرى بىلەن، ھېلىقى ئاياغ تاۋۇشى تېخىمۇ تېزلەشتى. ئەمدى بولسا، يىراقتا بىر قارا سايىنىڭ تېز يۈگۈرۈۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. پولات شەيقاۋۇل ئىككى تاقلاپلا ھېلىقى قارا سايىگە يېتىشىۋالدى — دە، گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە ئالدىغا بىر تارتىپلا ھېلىقى ئادەمنى خارلىق بىلەن تۇپراققا يىقىتتى. ئۇنىڭغىچىلىك قالغان ساقچىلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كېلىشتى. ئەتراپ ساقچىلارنىڭ قولىدىكى ئوتقاشلارنىڭ شولىسىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى.

پولات شەيقاۋۇل يەرگە ئېگىلىپ قارىۋىدى، كۆردىكى، ئاپاق خوجا يەردە تويپىغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجىرى قانغا بويالغانىدى.

— ئاپاق خوجا؟ ! سەن زىنداندا ئەمەسمىدىڭ؟ بۇ يەرگە قانداق چىقتىڭ؟ — پولات شەيقاۋۇل كۆزىگە زادىلا ئىشەنمەي قالدى.

— ئەي پالۋان، — دېدى ئاپاق خوجا يىلىنىپ تۇرۇپ، —

www.bilnur.com

مېنىڭ ھېچ مادارىم قالمىدى. مەن ساڭا زادى نېمە يامانلىق قىلدىم؟ ماڭىلا ئېسىلىۋالدىڭغۇ؟ ياشىنىپ قالغان ئادەمگە دوزاخ ئازابىنى كۆرسىتىۋاتىسەنغۇ؟

پولات شەيقاۋۇل ئاپاق خوجىنىڭ كۆتىگە كېلىشتۈرۈپ ئىككىنى تەپتى. ئاندىن:

— ئەي بەتبەخت مۇناپىق خوجا! سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇ ئانا زېمىندا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى تېرىپ، ئاداۋەت دەرىخىنى ئۆستۈرگەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ ئۇل مۇبارەك ۋەتەننى ياتلارغا تۇتۇپ بەرگىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ سەن نى - نى ئوغلانلارنىڭ ھاياتلىق چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋەتدىڭغۇ؟ مانا ئەمدى ئەجەل شىرىنىڭ پەنجىسىگە چۈشتۈڭ! ئەمدى ئاداۋەت دەرىخىدىن قىساس مېۋىسىنى يېمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەيچۇ؟!

— ئەي رۇستەمى داستان، سەن بەجايىكى پىلتەن رويىنتەن، مەن ئاياغىڭدىكى چۇمۇلە كەبى خاردۇرمەن. مېنىڭ بېشىمنى كەسكەندىن ساڭا نېمە پايدا چىقۇر؟ مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن ئاتا - بوۋىلىرىڭنىڭ روھ - ئەرۋاھلىرىغا قول بولاي، ئۇلارنىڭ مازارىدىكى شەيخلەرنىڭ چاكىرى بولاي! — دەپ زار - زار قاقشاپ يېلىناتتى پولات شەيقاۋۇلنىڭ ئايىقى ئاستىدا ياتقان ئاپاق خوجا.

— ھۇ، ناكەس خوجا، سەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «قورۇتنىڭ داۋاسى قايناقسۇ» دېگەن مەشھۇر بىر تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئابدۇللاخان، ئىسمايىل خان ھەتتا، ئوت كەتكەن كېچىدە سېنىڭ جاللاتلىرىڭ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان مۇھەممەت ئىمىن خانلار دەل مۇشۇ ئاددىي ھەقىقەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقىنى ئۈچۈن، ھالا بۈگۈن قارا يەر قوينىدا كۆزىگە توپا تىقىلغان ھالدا ياتامدۇ؟! ئۇلارنىڭ مۇبارەك تەن - جىسمى قۇرۇت - قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ تۇرمامدۇ؟! مەن سېنى ھازىر ئۆلتۈرمەي قويۇپ بەرسەم، جاھاندا بۇ ئىنتايىن

www.bilnur.com

غەلىتە بىر ئىش بولمامدۇ؟! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغىنىچە ئاپاق خوجىنىڭ مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچىدەك ئاقارغان ساقىلىنى قاماللاپ تۇتتى — دە، ئاپاق خوجىنىڭ ئۆزى خەنجىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى قۇچقاچنىڭ بېشىنى كەسكەندەك كېسىپ، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى...

* * *

ۋادەرىخا، بۇ پەلەك خۇدى بىر ئويۇنچىغا ئوخشايدۇ. بىر پەستىلا يەتمىش خىل ئويۇن كۆرسىتىدۇ. ئۇ بەزىدە شامال ئاستىدا، بەزىدە تىغ ـ خەنجەر ئۇستىدە ۋە بەزىدە بولسا، لەنەتگەردىلەرنىڭ قولىدا ئولتۇرىدۇ. بەزىدە تەخت ۋە تاجى بەرسە، بەزىدە خارلىق زىندانىغا سالىدۇ! بۇ پەلەكنىڭ يوسۇنى مانا شۇنداق. لېكىن، بۇ پەلەك تۈزكور مۇناپىقلارغىمۇ ھېچقاچان رەھىم قىلغان ئەمەس. زالىملارنىمۇ ھېچقاچان ئاياپ قويغان ئەمەس! تاشتەك قاتتىق كۆڭۈلمۇ ئۆلۈمدىن قورقىدۇ. بۇ دۇنيا رەنجۇ ـ مۇشەققەت سارىيىدۇر. ئۇ بىراۋلارنى كەڭلىكتە تۇتقان بولسا، بىراۋلارنى تەڭلىكتە قويغاندۇر! ئاخىرىغا كەلگەندە ھېچكىممۇ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئەمەس!...

نەزمە

ئەي باش، سەۋەب سەندە، سەۋەب سەندە، سەۋەب،
ئەي تەن، ئەجەب سەندە، ئەجەب سەندە، ئەجەب.
ئەي دىل، تەلەپ سەندە، تەلەپ سەندە، تەلەپ،
ئەي جان، تەرەپ سەندە، تەرەپ سەندە، تەرەپ.

—جالالىدىن رومى

www.bilnur.com

## ئون بىرىنچى باب

# شىرىك پادىشاھلار

يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا دەسسى-
سەڭ، زەھەردە ئۆلمەكتىن باشقا
ئىشنى كۆرمەيسەن!

— ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن

**مىلادى** 1695 - يىلى (توڭگۇز يىلى) كۇز پەسلى.

ئاپاق خوجا ئۆتكەن يىلى ئىسيانچىلار تەرىپىدىن ھەلقۇم تىغ قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن چوڭ خوجىزادە يەھيا خوجا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ جەسىتىنى قەشقەر ياغدۇدىكى ھەزرەت مازىرىغا ئېلىپ كېلىپ، بوۋىسى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشانىنىڭ مەقبەرىسىگە دەپنە قىلدى.

ئاپاق خوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇن، توقاللىرى ۋە بالا - چاقىلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش ماجىرالىرى كۆتۈرۈلدى. ئاپاق خوجىنىڭ ئامراق كىچىك خوتۇنى مۆھتىرەم خېنىم قارا نىيەتتىن تولىمۇ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر ئايال ئىدى. ئاپاق خوجا ھايات ۋاقتىدا مۆھتىرەم خېنىمدىن تۇغۇلغان ئوغلى ھەسەن خوجىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا،

www.bilnur.com

ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ خوجىزادە يەھيا خوجىنى ۋەلىئەھدىلىكتىن قالدۇرۇپ، ھەسەن خوجىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تاللىماقچى بولغانلىقىنى شەيخۇلئىسلام مىرزا بارات ئاخۇن ئەئلەم بىلەن يەكەن ئەمىرى مىرزا ئەلىمشاھقا بىرقانچە قېتىم ئېيتقانىدى.

— ئول كۈنكى بۇ مەملىكەتنى، — دېگەنىدى ئۇ بىر قېتىم، — قالماق لەشكەرلىرىنىڭ ھىمايىسى بىرلە ئالىپ، تەخت، سەلتەنەتكە ئولتۇردۇم. ئەلھەمدۇلىللاھكى، بۇ فەرزەندىم ۋۇجۇدى بىرلە بۇ خىجالەتكە تەدارىك ئەيلىدىم[1]. قارا يۈزۈم ئاقاردى. . .

ئاپاق خوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئامراق توقىلى مۆھتىرەم خېنىم چوڭ خوجىزادە يەھيا خوجىنىڭ قەشقەردە سەرمازار قۇرۇلۇشىغا مۇئەككەل بولۇپ تۇرۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى قىلدى — دە، ئوغلى ھەسەن خوجىنى «ئىشان پادىشاھ» دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۆزىنى «خېنىم پادىشاھ» دەپ ئاتاپ، «ئاپاق خوجا ۋەسىيەتنامىسى» نى ياساپ چىقىپ، رەئىيەتكە جاكارلىدى.

«. . . پادىشاھلار ئولتۇرغان تەختتە، — دېيىلگەنىدى بۇ ۋەسىيەتنامىدە، — پادىشاھلاردىن كېيىن شاھزادىلەر ئولتۇرىدۇ. شاھزادە بولسا پادىشاھ بۇ ئالەمدىن كېتەر ۋاقتىدا قالدۇرۇپ كېتىدىغان تەخت ۋارىسىدۇر. قۇياشمۇ غەربكە غايىب بولىدىغان چاغدا، ئاينى ئۆز ئورنىغا ئورۇن باسار قىلىپ قويۇپ كېتىدۇ. ئەگەر باغدىن بىر تۈپ قېرى دەرەخ يوقالسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا ياش كۆچەتلەر قېپقالغانلىقتىن، باغنىڭ زىننىتىگە نۇقسان يەتمەيدۇ. شۇڭا، ئى ھەسەن خوجا، بۇ تەختتە سەن ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرگەيسەن! . . .»

بۇ «ۋەسىيەتنامە» بويىچە، 15 ياشلىق ھەسەن خوجا

---

[1] ئىلاج قىلىش دېگەن مەنىدە.

www.bilnur.com

«مەھدىي» نامى بىلەن «پادىشاھ ئىشان بولدى.» مۆھتەرەم خېنىم «خېنىم پادىشاھ» دېگەن نام بىلەن سەلتەنەتنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، چىملىدىق كەينىدە ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى[①]. ئەمما، بۇنىڭغا ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى بولغان رەئىيەت تازا قايىل بولۇپ كەتمىدى. چۈنكى، قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر سەلتەنەت ئۇدۇمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، پادىشاھتىن كېيىن تەختكە چوقۇم پادىشاھنىڭ بەيبىشەسىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، بۇ قەدىمكى ئۇدۇم بويىچە تەختكە ئاپاق خوجىدىن كېيىن كىچىك خوتۇن مۆھتەرەم خېنىمدىن تۇغۇلغان كىچىك خوجىزادە ھەسەن خوجا ئەمەس، بەلكى ئاپاق خوجىنىڭ مەكتىلىك بەيبىشەسىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى يەھيا خوجا ۋارىسلىق قىلسا دۇرۇس بولغان بولاتتى.

خوجىلارنىڭ سەلتەنەت تۈزۈلمىسىدە خوجا - ئىشانلارنىڭ تەرىقەت - سوپىلارچە باشقۇرۇش ئېڭى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەنىدى. شۇڭا، پۈتۈن قەشقەرىيىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان بارلىق روھانىي ۋە دەھرىي ھاكىمىيەت ھوقۇقى خان - خوجىلارنىڭ ۋە ئۇلارغا قول بېرىپ مۇرىت - مۇخلىس بولغان دەرۋىش - سوپىلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەرتىۋە - دەرىجىسىمۇ ئەزەلدىن يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى ئۆز قوللىرىدا تۇتۇپ كەلگەن جامائەت مۆتىۋەرلىرىدىن ۋە مەئمۇرلاردىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. ھەممە جايدا سوپى - ئىشانلارنىڭ باشباشتاقلىقى، زۇلۇم - ستەملىرى ھەددىدىن

---

① «تارىخىي نادىرىيە» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «... خېنىم پادىشاھ زامانىدا، شۇنداق خۇنرىزلىق بولغانىدىكى، مۇبادا ئىككى ئادەم ئولتۇرۇشۇپ كىرىشسە، ھەر ئىككىسىنىلا ئۆلتۈرۈشكە ئىجازەت بېرەر ئەردىلەر، خېنىم پادىشاھنىڭ بىر سىڭلىسى بولۇپ، زەينەپ خېنىم، دەر ئەردىلەر. بىسيار ساھىبجامال، تۇغمىغان ئەردى. ئۇنى ھەم رەشكتىن (يەنى كەچۈرگۈسىز گۇناھكار) دەپ قايناق ياغقا تاشلاپ ياغدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردىلەر. ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەھشە تېناك بولۇپ (ۋەھشىيلىكتىن سەسكىنىپ)، ئۇنى جاللات خېنىم، دەپ ئاتىدىلەر...»

www.bilnur.com

ئاشقان بولۇپ، تەرىقەت بىلەن سەلتەنەتنى بىرلەشتۈرگەن خوجىلارنىڭ جاھالەتلىك ئىستىبداتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئاپاق خوجىنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى مەخدۇم ئەزەم بېكىتكەن ئىشانلىق ئۇدۇمىنىڭ مەڭگۇ زىددىيەتلىك كۈرەش چارىسىدىن ھاسىل بولغان بۇنداق ئاقىۋەت نەتىجىسىدە، تەخت ئاپاق خوجىنىڭ مەكتىلىك بەيبىشەسىدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغۇل يەھيا خوجىنىڭ قولىغا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۇچتۇرپانلىق توقىلى، ھازىر «خېنىم پادىشاھ» دەپ ئاتىلىدىغان مۆھتىرەم خېنىمدىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغۇل ھەسەن خوجىغا قالدى.

ئەينى يىللاردا، مەخدۇم ئەزەم سەئىدىيلەردىن ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن، قەشقەرىيە دىيارىدا قوش تارماقلىق خوجا تۈزۈمى، يەنى كۆپ تارماقلىق سۇلۇكچىلىك تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، كۆپ سانلىقلارنى قولىغا كەلتۈرگەن ۋە ئۆز رەقىبلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەرگەنىدى. بۇنداق كۈرەش تاكتىكىسى ئاخىرقى ھېساپتا ئاپاق خوجا سۇلۇكىدىكى ئاقتاغلىقلارچە كۈرەش چارىسى بىلەن دانىيال خوجا سۇلۇكىدىكى قارا تاغلىقلارچە كۈرەش چارىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. «گەرچە، ئۇلار بىردىن بىر مەزھەپ بولغان بولسىمۇ، — دېگەن ئىدى موللا مۇسا سايرامى ئۇلار ھەققىدە، — لېكىن ئۇلار ئىككى پىرقە، ئۈچ سۇلۇك، تۆت مەزھەپ، بەش تائىپىگە بۆلۈنۈپ كېتىشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە ھەسەت - ئاداۋەت قىلىشىپ يۇرۇشتى. بىر تائىپە بىر سەيىدكە ئىناۋەت - ئىتائەت قىلىشىپ، يەنە بىر سەيىدكە ئىنكار - ئاداۋەت كۆرسىتىشتى. ئۆزلىرىگە ئاقتاغلىق ياكى قارا تاغلىق دەپ ئات قويۇشۇپ، بۇ يۇرتلارنى ۋە يۇرت ئادەملىرىنى قالماقلارغا تەۋە قىلىپ بېرىشتى. ھەتتا بۇنداق يامان ئەقىدە، نالايىق ئىشلارنى ئۆزلىرىگە راۋا ۋە مۇناسىپ كۆرۈپ، بۇ ئىشلارنىڭ يامان ۋە شۇملۇقىنى ئايرىۋالالمىدى. بەلكى، بۇ خىل جاھىل، ۋاپاسىز، مەككار

www.bilnur.com

سوپىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ناشايان قىلمىشلىرىدىن هايا ۋە ياكى نومۇس قىلىشمىدى. . . »

پادىشاھ ئىشان ھەسەن خوجا ئىباردىن كېيىن ئانىسى خېنىم پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. ئۇ ئاقسارايىنىڭ قىشلىق مېھمانخانىسىدا خاپا بولۇپ ئولتۇراتتى.
ھەسەن خوجا خېنىم پادىشاھقا يەھيا خوجا تەرەپدارلىرىنىڭ ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا غەليان قوزغاپ، سوپى ـ ئىشانلارنى خېنىم پادىشاھقا قارشى قويۇۋاتقانلىقى ئۇستىدە ئەزمىسىنى ئېزىپ ئۇزاق ـ ئۇزاق شىكايەت قىلدى.
خېنىم پادىشاھ ئوغلىنىڭ شىكايەتلىرىنى خوشياقماسلىق نەزىرى بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۇمۇ ئوغلىغا مۇشۇ تاپتا بېشىنىڭ ئىچىنىمۇ، تېشىنىمۇ قاتۇرۇۋاتقان دەردلىرىنى تۆككىلى تۇردى. گەرچە ئۇ ئاتا قاتىلىنىڭ تۇقىلى بولغان بولسىمۇ ئەمما خۇددى ھەدىستە: «سۆھبەت تەسىر قىلىدۇ» دەپ ئېيتىلغىنىدەك، خېنىم پادىشاھمۇ ئۆز مۇھىتىغا ۋە ئاپاق خوجا جەمەتىگە خاس بولغان ۋە ئانا سۈتى بىلەن قانغا سىڭگەن مۇناپىقلىقنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىگە تولۇق ئۆزلەشتۈرگەنىدى.
— ۋەزىيەت ھازىر خوجا يەھيا پايدىسىغا قاراپ ئۆزگەرمەكتە، — دېدى خېنىم پادىشاھ، — گاھى سۈلۈك پىرلىرى، ھەتتا بەزى سەئىدلەر خوجا يەھياغا ئىناۋەت ـ ئېتائەت قىلىشىپ، بىزلەرگە ئىنكار ۋە ئاداۋەت كۆرسىتىشمەكتە.
ئۇ سەل سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:
— بۇنداق ئەھۋالدا، ئەقىلگە ئەڭ لايىق يول — دۈشمەنلەر ئارىسىنى بۇزۇشتۇر. بىر ئامال قىلىپ، خوجا يەھيا تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆملۈكىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. شۇنداق

www.bilnur.com

قىلالىساقلا، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئوتىدا ئۆزلىرىنى قورۇيدىغان قىسمەتكە مۇپتىلا قىلىپ قويغىلى بولىدۇ. يەنى دېمەكچىمەنكى، ئىسھاقىيچى خوجىلارنىڭ قولى بىلەن خوجا يەھياغا ئەجەللىك زەربە بېرىش كېرەك!

ھەسەن مۇرىسىنى قىسىپ قويدى ۋە:

— بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قىلىش بىر سىلى ئۆزلىرىگىلا خاستۇر. بىزلەرنىڭ بۇ ئىشقا ئەقلىمىز قىسقىلىق قىلىپ قالۇر، — دېدى. ئەمما ئارقىدىنلا يەنە:

— بىراق، چۈشەنمىدىمكى، سەلتەنەت قىلىچى ئۆزلىرىنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. خوجا يەھيا خۇددى ئاياغلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ ياتقان نىمجان چۈمۈلىدەك زەئىپ تۇرسا، يەنە ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ ئولتۇرماقلىرىنىڭ سەۋەبى نېمىدىندۇر؟

— سەن تېخى كىچىك، كۆپ ئىشلارنى بىلمەيسەن، ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىغا تېخى خام، — دېدى خېنىم پادىشاھ ئۇنىڭغا كايىپ، — دۈشمەننى ھەقىر ۋە زەئىپ چاغلاپ، ھەرگىز ئۇنىڭدىن غاپىل بولغۇلۇق ئەمەس! قارىماققا خار - زەبۇن كۆرۈنۈپ تۇرۇپ، ئاخىر قەست قىلغان كىشى رەقىبىنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرالايدۇ. ئىلاھىم، دۈشمەنلىرىمىزنى زەبۇن، سەلتەنىتىمىزنى ئۇزۇن قىلغايسەن!

خېنىم پادىشاھ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇزاققىچە پىچىرلاپ دۇئا قىلدى، ئاندىن ئوغلىغا قاراپ:

— ساڭا قەدىمكىلەردىن قالغان ئىبرەتنامىلەردىن : «قۇشقاچ بىلەن يىلاننىڭ ھېكايىسى»نى ئېيتىپ بېرەي، قۇلاق سېلىپ ئوبدان ئاڭلا ۋە ئېسىڭدە مەھكەم تۇت! — دېدى.

— قۇللۇق، ئانھەزرىتىم! قۇلىقىم سىلىدە، مەرھەمەت قىلغايلا.

— بىر ئۆينىڭ پېشايۋىنىنى ۋەتەن تۇتۇپ، ئۇۋا سالغان ئىككى قۇشقاچ بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى خېنىم

www.bilnur.com

پادىشاھ ، — ئۇلار بالا چىقىرىپتۇ. ھەر كۈنى تالاغا چىقىپ، تاپقان يەملىرىنى ئېلىپ كېلىپ، بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا يۇمشىتىپ سالىدىكەن. بىر كۈنى، ئەركەك قۇشقاچ ئوزۇق ئىزدەپ كەچ قاپتۇ. قايتىپ كېلىپ قارىسا، چىشىسى بەك ئىزتىراپ بولۇپ، ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، چىكىلداپ نالە - پەرياد قىلىپ يۈرگۈدەك.

— ھەي خان، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا ئۇنداق پاراكەندە بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئەركىكى.

— نېمىشقا پاراكەندە بولماي، بىردەم غايىب بولۇپ كەلسەم، يوغان بىر يىلان پەيدا بولۇپ، تېخى قىزىل گۆش بالىلىرىمىزنى يېمەكچى بولۇپ قەست قىلىۋاتقانىكەن. شۇنچە زارلاندىم، شۇنچە يالۋۇردۇم ئەمما ئاھىم ئۇ زالىمغا قىلچە تەسىر قىلمىدى. ئۇ ماڭا:

— مېنىڭ قارا كۆڭلۈمنىڭ ئەينىكىگە سېنىڭ ئاھىڭنىڭ يېلىدىن ھېچ ئەسەر يەتمەيدۇ، — دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

— ئېھتىيات قىل، مەن ۋە بالىلىرىمنىڭ دادىسى سېنىڭ پېيىڭگە چۈشۈپ، ھالاك قىلىش كويىدا بولىمىز! — دېدىم. يىلان مېنىڭ بۇ گەپلىرىمگە كۈلدى ۋە:

— چۈمۈلە قاپلانغا ئۆزىنى پەنجى، يەتكۈزەلىگەيمۇ ئۇنىڭغا رەنجى، — دېدى. ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي، پەرياد قىلسام، دادىمغا يېتىدىغان ھېچ كىشى چىقمىدى. ئاخىر ئۇ زالىم بالىلىرىمىزنى يەپ، چاڭگىلىرىمىزنى ئىگىلەپ يېتىۋالدى، — دەپتۇ چىشى قۇشقاچ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەركىكىنىڭ جان خامىنىغا ئوت چۈشۈپتۇ ۋە چېكە مورىسىدىن تۈتۈن يېنىپتۇ. شۇ چاغدا، ئۆي ئىگىسى چىراغ ياندۇرماقچى بولۇپ پىلىكنى ياغقا چىلاپ ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ چىراغدانغا قويغان ئىكەن. ئەركەك قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ، ئوتلۇق پىلىكنى تۇمشۇقى بىلەن چىشلىگىنىچە بىرىپ

www.bilnur.com

يىلان ياتقان چاڭگىغا تاشلاپتۇ. ئۇ زالىم يىلاننى ھالاك قىلىشنى ئويلىغان ئىكەن، لېكىن ئۆي ئىگىسى: «ئۆيگە ئوت كېتەرمىكىن» دەپ قورقۇپتۇ — دە، دەرھال قولىغا كەتمەننى ئېلىپ ئۆگزىسىگە چىقىپتۇ ۋە چاڭگىنىڭ تۆشۈكىنى چېپىشقا باشلاپتۇ. چاڭگا ئىچىدىكى يىلان ئوتنىڭ قورقۇنچىسىدىن ۋە ئۇستىدىكى شەپە - ھەيۋىتىدىن تۇرالماي، ئۆگزە تەرەپتىكى تۆشۈكتىن بېشىنى چىقارغان ئىكەن، بوينى كېسىلىپ ئۆلۈپتۇ...

15 ياشلىق پادىشاھ ئىشان — ھەسەن خوجا ئانىسىنىڭ سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىنى گاھ چۈشىنىپ، گاھ چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

— سەلتەنەت ۋە سىياسەت تىغىنىڭ مەڭگۈ ئۆز قولىدا بولۇشىنى ئويلايدىغان بىر ھۆكۈمران چوقۇم ھوشيار بولۇشى، سۇبھى ۋاقتىدا ئاگاھتىن غاپىل بولماسلىقى لازىم. شۇنداق قىلغان ھۆكۈمدار بىلەن دۈشمەنلەشكەن ۋە ئاداۋەتلىشىشنى ئىختىيار قىلغان ھەرقانداق بىر رەقىب ئۆلۈمنى مىڭ سىرتماق بىلەن ئۆزىگە تارتقان ۋە تىرىكلىكنى نەچچە مەنزىل ئۆزىدىن بىرى قوغلىغان بولىدۇ، — دېدى خېنىم پادىشاھ ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا.

* * *

بىر كۈنى يەكەن شەيخۇلئىسلامى مىرزا بارات ئاخۇن ئەئلەم يەھيا خوجىنى ئاستا بىر خىلۋەتكە تارتىپ ئېلىپ كىردى — دە:

— ئى خوجا يەھيا! مەملىكەتنى تەسەررۇپقا ئالماق قىيىن ئىشتۇر. خېنىم پادىشاھ مەزلۇم، زەئىپ كىشى بولغانلىقتىن، سەلتەنەت ئىشىغا خامدۇر. مۇبادا، ئايال كىشى سەلتەنەت

www.bilnur.com

تەختىدە ئولتۇرسا، بۇ بىشىمىز ھەرگىز ساقايماستۇر. بىر تەرەپتە قىرغىزلار، بىر تەرەپتە قالماقلار بىزلەرنى تەسەررۇپقا ئېلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇپتۇ. سىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان خانلىق ئۇدۇمى بويىچە يەكەنگە بېرىپ تەختنى ئىگىلىشىڭىز زۆرۈردۇر. خېنىم پادىشاھ بىلەن ئىشان پادىشاھ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ھەزرىتى ئاپاق مازىرىدا دۇئاگوي بولۇپ ئولتۇرسۇنلەر، شۇنداق بولغاندا رەقىبلىرىمىز بىزلەردىن بىرەر ئېۋەن تاپالماس! مەملىكەتمۇ ئاسايىشلىق تاپۇر! — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى.

— ھەيھات، ھەيھات! — دېدى ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى ئازا خوپ كۆرمىگەن يەھيا خوجا، — بۇنداق قىلسام باشقىلار: «پەدەرىنىڭ جەسىتى تېخى سوۋۇماي تۇرۇپلا شەھەر تالاشقىلى تۇرۇپتۇ!» دەپ مېنى ئەيىبلىمەسمۇ؟

— سەلتەنەتكە شەرمى - ھايا كېرەك ئەمەستۇر! — دېدى مىرزا بارات ئاخۇن ئەئلەم، — شەرمى - ھايانى دېسىڭىز مەملىكەت خاراب بولۇر. نۆۋەت قولدىن كېتۇر، نۆۋەت كەتكەندىن كېيىن قىلىنغان پۇشايمان پايدا بەرمەس.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشنىڭ ئېپى نېمىدۇر؟ — دەپ سورىدى يەھيا خوجا ئۇنىڭدىن.

— ئاتىڭىزنىڭ قىرىق نەزىرىگە ۋالىدىڭىز خېنىم پادىشاھ بىلەن ئىنىڭىز پادىشاھ ئىشاننى چىللايدۇرسىز، مۇبادا، ۋالىدىڭىز يەكەندىن ھەزرىتى سەرمازار تامان كەلسە، ئىشنىڭ يېرىمى پۈتۇر. قالغىنىغا يەنە ئازماس ئاللا باردۇر! خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئىشنى موللا ساقىغا تاپشۇرسىڭىز بولۇر! — دېدى ئۇ.

ئۇلار بۇ ئىشنى مەسلىھەتلەشكەندە، موللا ساقىمۇ شۇ يەردە ئىدى. كېيىن ئۇ بۇ سىردىن خوتۇنىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويدى. بۇ سىرنى موللا ساقىنىڭ خوتۇنى خېنىم پادىشاھقا يەتكۈزدى.

www.bilnur.com

خېنىم پادىشاھ بەتگۇمان بولۇپ، يەھيا خوجىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ پېيىگە چۈشتى...

يەھيا خوجا ئاتىسى ئاپاق خوجىنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى ياغدۇدىكى ھەزرىتى سەرمازار — مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ مازىرىدا «قىرىق مىڭ تۆگە، قىرىق مىڭ ئات، قىرىق مىڭ كالا، قىرىق مىڭ قوتاز، قىرىق مىڭ قوي، قىرىق مىڭ ئۆچكە، قىرىق مىڭ توخۇ ئۆلتۈرۈپ، قىرىق مىڭ پاتمان گۈرۈچ، قىرىق مىڭ پاتمان ئاق ئۇن، قىرىق مىڭ پاتمان قوناق ئۇنى، قىرىق مىڭ پاتمان سۆك بىلەن نەزىر ئېشى ئېتىپ، مۇرشىد - مۇخلىسلارغا كاتتا نەزىر بەردى...»①

شۇ كۈنى كەچتە خېنىم پادىشاھ پادىشاھ ئىشان بىلەن يەھيا خوجىنى ئاپاق خوجىنىڭ مەقبەرىسى ئالدىغا باشلاپ كەلدى ۋە:

— ئى خوجا يەھيا، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — سىز ناشۇكۇر ئازغۇنلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ، بىز تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلنىڭ بەختىگە قارا ساناپ ئۆلتۈرۈپسىز. سىزدىن نەلازىمدۇركى، بىزنى بۇ يەردە قوندۇرۇپ، ئۆزىڭىز شەھەردىكى ئوردىڭىزدا راھەت - پاراغەت ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ ياتىپتۇدۇرسىز! مەن مېھمان بولسامۇ، يەنىلا سىزنىڭ ئىككىنچى ۋالىدىڭىزدۇرمەن. مەن يەكەنگە يانغۇچە ئۇل سەرمازاردا بىزلەر بىللە بىرنەچچە كۈن تۇنىمىسىڭىز، بۇ ئەدەپسىزلىك بولماسمۇ؟ سەلتەنەت سىزدە تۇرسا ۋە ياكى بىزلەردە تۇرسا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ سىزلەرنىڭ قايسى ئاتاڭىزلەر پادىشاھ بولۇپ كەلگەن؟ بىزلەرنىڭ ئاتا - بابامىزغا دۇئاگۇي بولۇپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، سىزنىڭ خانلىق دەۋاسىنى قىلماغىڭىز بىمەنىلىكتۇر! — دەپ يەھيا خوجىنى ئەيىبلىدى.

① موللا ياقۇپ ئىبنى ئۆمەر روزى قەشقەرى: «تەزكىرەئى ھىدايەت»، ھىجرىيە 1300- يىلى (مىلادى 1883- يىلى) كۆچۈرۈلگەن.

www.bilnur.com

— مەن ھەزرەتكە — سىزلەرگە خىزمەتتە بولۇرمەنكىمىن، دەپ كاشغەردىن نېرى بارمىغانىدىم، — دېدى يەھيا خوجا ھولۇقۇپ كېتىپ، — مېنىڭ ھەزرىتى سەرمازاردا دۇئاگويلۇق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشتىن باشقا تامايىممۇ يوق!

— يوق بولسا، ناھايىتى بەلەن گەپ ئىكەن، — دېدى خېنىم پادىشاھ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ئۇنداق بولسا، مەن خاتىرجەم بولسام بولۇر ئىكەن، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭىز، خۇدا خالىسا، سىزنىڭ ئورنىڭىزنى ھەممىسىدىن ئۈستۈن قىلۇرمىز!

شۇنداق قىلىپ، خېنىم پادىشاھ قەشقەردىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ پادىشاھ ئىشان — ھەسەن خوجىنى ئېلىپ يەكەنگە قايتتى...

* * *

خېنىم پادىشاھ قاراخان چاغانتاشنى ئاقسارايىنىڭ ھەشەمەتلىك قوبۇلخانىسىدا كۈتۈۋالدى ۋە ئالاھىدە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەختى يېنىدىكى ئالتە پۇتى قۇيما ئالتۇندىن ئىشلەنگەن، ئۈستى پۇتۇنلەي مەرغۇپ تاشلار بىلەن بېزەلگەن، ياسىداق مىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى.

خېنىم پادىشاھ بېشىغا قارا جىيەك تۇتۇلغان ئاق يىپەك رومال ئارتىپ، قارامتۇل كۆمۈشرەڭ كىمخابتىن يان ئىزمىلىق نىمچە كىيگەنىدى. ئۇنىڭ رومال ئۈستىگە كىيگەن زەرباب دوپپىسىدا كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان شالاڭ مەرۋايىت دانىلىرى چىراغ نۇرىدا ۋالىلداپ تۇراتتى. رومالغا رەڭمۇ رەڭ لەئەل - ياقۇت، مەرۋايىت، قەھرىۋا، ئېسىل ھېقىق مارجانلار ۋە گۆھەرلەر ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن قادالغانىدى. قۇلىقىغا ئىككى دانە ئۆزۈن ئالتۇن سىرغا، بويىنىغا رەڭلىك دۇر - مەرۋايىتتىن تىزىپ ياسالغان قىممەت باھا زۇننار ئېسىلغانىدى.

www.bilnur.com

خېنىم پادىشاھ بويى زىلۋا، روھىي ھالىتى غەمكىن ئىدى. بۇنداق جاۋاھىراتلار ئارىسىدا گۈزەل خوتۇن ـ قىزلار ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان چوڭ سۆيەت نەۋجۇۋان — خېنىم پادىشاھنى كۆرگەن جۇڭغار قاراخانى چاغانتاش بىــــردىنلا ھودۇقۇپ قالدى. بۇ چوكاننىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان تۇنجى تەسىراتى بېجىرىملىــك، گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئىدى. «بۇ ئەگەر گۈل بولسا، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز كۆڭلىدە، — چوقۇم غۇنچىنىڭ ئىچىــدىن چىقتى؛ گۆھەر بولسا، چوقۇم سەدەپنىڭ قېپىدىن ئۆزىنى نامايان قىلدى. ئون تۆت كۈنلۈك تولۇنئاي بولسا، چوقۇم بۇلۇتلارنىڭ پەردىسىنى يېرىپ چىقتى!...»

قاراخان چاغانتاشنىڭ سەل ئوڭايسىزلانغانلىقىنى سەزگەن خېنىم پادىشاھ خاتىرجەم كۈلۈمسىرىدى:

— جانابىي قالماق خوجام، سىز بىز تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلغا پاسىباندۇرسىز. شۇڭا، خۇددى ئۆز ئۆيىڭىزدىكىدەك بەخىرامان ئولتۇرىڭىز!

— كۆپ تەشەككۈر! سىزلەرنى كۆك تەڭرى ئامان قىلغاي!

قاراخان چاغانتاش ئوتتۇز ياش ئۆپچۆرىسىدىكــى جەسۇر ھەربىي كىشى بولۇپ، كۆپ جەڭلەرنى باشتىــــن كەچۈرۈپ سۆڭەكى قاتقان، بويىنى بۇقىنىڭ بويىنىدەك سېمىز ئىــدى. ئۇستىدە قارا مەخمەلدىن تىك ياقىلىق كۆك خىتاي شايىسىدىن تىكىلگەن قالماقچە تون، بېشىدا موغۇلچە قالپاق، بېلىدە رەڭمۇ رەڭ قىممەت باھا تاشلار بىلەن كۆز قويۇپ ياسالغان تاسما كەمەر بولۇپ، قولىدا كۈمۈش ساپلىق قوش تىللىق قامچا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆڭىنىڭ قارا، بۇرنىنىڭ پاناق ئىكەنلىكىنــى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزى كېلىشكەن، خۇشچاقچاق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى كەڭ ئىدى. تۇرقىدىن قارىغاندىمۇ ئۇ خۇشچاقچاق، مىجەزى ئوبدان بىــر ئادەمدەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇ قىلچىمۇ مادارا قىلمايدىغان، مۇستەھكەم

www.bilnur.com

ئىرادىلىك ئىدى.

چوڭپەردىلىك قىز - جوۋانلار كۈمۈش پەتنۇستا شاراب كەلتۈرۈشتى. يۈزلىرىدە يۇپقا قارا يىپەك چۈمپەردىلىرى بار بۇ قىز - جوۋانلارنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ خېنە يېقىلغان نازۇك بارماقلىرى، يىپەك نىمچىلەر بىلەن ئورالغان ئىنچىكە بەللىك تولغان بەدەنلىرى ۋە بۆرتۈپ چىققان بىر جۈپ كۆكسى بۇ ئاياللارنىڭ ياش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

چاغانتاشنىڭ ئۇلارغا يەۋەتكۇدەك قاراپ قالغانلىقىنى كۆرگەن خېنىم پادىشاھ شوخ كۈلكە بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى - دە، ئۇنىڭغا قارىدى:

— قالماق خوجام، ياردىمۇ؟ يەكەننىڭ خام يۇتۇپ ئالغۇدەك گۈزەل قىز - چوكانلىرى سىزگە ئىشتىياق باغلاپ، مۇشتاق بولۇۋېتىپتۇ. ئاڭلىساق، سىلىدەك شۇنداق كېلىشكەن ساغلام ۋە شۇنداق جەسۇر باھادىر سەركەردە تا ھازىرغا قەدەر بويتاق ئۆتەرسىز ئىمىش، بۇ راستمۇ؟

— جانابىي خېنىم پادىشاھ، بۇ گەپلىرى راست، — دېدى قاراخان چاغانتاش، — ئەمما، بۇ دىياردىن ئۆيلىنىش خىيالىمىز يوقمۇ ئەمەس.

— قالماق خوجام، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز خوشلا بولىدىكەن، خانىدانىمىزدىن سىزگە مۇناسىپ گۈزەل ۋە ئەقىللىق قىز - چوكانلار تېپىلىدۇ! — دېدى خېنىم پادىشاھ خۇشامەت بىلەن.

چاغانتاش خېنىم پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنەتتى. چۈنكى، مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئۆيلىنىش ئۇنىڭ تەرەپدارىغا ئايلىنىش، دېگەن سۆز ئىدى. قاراخان چاغانتاش خېنىم پادىشاھنىڭ ئۆگەي ئوغلى يەھيا خوجا بىلەن چىقىشالمايتتى. خېنىم پادىشاھمۇ دەل مۇشۇ زىددىيەتتىن پايدىلانماقچى ئىدى. شۇڭا، چاغانتاش ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمەي،

www.bilnur.com

خۇپسەنلىك قىلىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى.
خېنىم پادىشاھ قىز - جۇۋانلارغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇلار شاملارنىڭ ئۇچىنى تۈزەپ بولۇپ، ھەشەمەتلىك قوبۇلخانىدا ئۇنىڭ بىلەن جۇڭغار قاراخانى — چاغانتاشنى خالىي قويۇپ، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى.
خېنىم پادىشاھنىڭ گۈزەل رەڭگى - رۇخسارى قالماق قاراخانىنىڭ دىققىتىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.
بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن خېنىم پادىشاھ ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى:
— قالماق خوجام، سىزلىنى بىمەھەل ئاۋارە قىلدۇق. جانابلىرىغا ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىدىن تولاراق ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بەزى ئىشلار خۇسۇسىدا سىزلىنىڭ مەسلىھىتىنى ئالايلۇق دېۋىدۇق، — دېدى خېنىم پادىشاھ چاغانتاشقا ئېڭىشىپ تۇرۇپ، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ جىڭگىلماچ چاچلىرى قاراخانىنىڭ يۈزىگە تېگىپ تۇراتتى.
— بۇ ئۇلۇغ مەرھەمەتلىرى ئۈچۈن مەن سىلىگە ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن! — دېدى چاغانتاش ئورنىدىن تۇرۇپ.
— يوقسۇ، يوقسۇ، ھەرگىز تۈزۈت قىلمىغايسىز، مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرغايسىز، — دېدى قاراخانىنىڭ شاپائىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن خېنىم پادىشاھ، — بىز گەرچە مەرھۇم ھەزرىتى ئەزىزان — ئاپاق خان خوجىنىڭ غوماسى[①]ۋە زەئىپ مەزلۇمى بولغان بولساقمۇ ئەمما قالماق خوجاملارنىڭ دۆئاسىنىڭ بەرىكاتىدا سەلتەنەت سۈرۈپ كېلىۋاتىمىز، كىچىك خوجىزادە — پادىشاھ ئىشان ئۆسۈپ، تەڭرىگە شۈكرى، ئەقلى - ھوشىنى تونۇماقتا. بۇ پەرزەنت تولىمۇ رەھىم - شەپقەتلىك، مېھرىبان، كارامىتى چەكسىز، ئىلمۇ - ئېرپان

① غوما — ئىككىنچى خوتۇن، توقال.

www.bilnur.com

گۈلزارىدا گۈلتاجى، رەڭگى - رۇخسارىدا يۈسۈپ سانى ۋە شىجائەتتە دەۋر يەكتاسى بولۇپ تونۇلماقتا. شۇڭا، سىزلەردىن يوشۇرىدىغان ھېچ سىر - ئەسرارىمىز يوق.

خېنىم پادىشاھ ئىنچىكە قاشلىرىنى ئۈيىنتىپ، سەل توختىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— كىچىك خوجىزادىمىزنىڭ ئىقبالى ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ يولنى دۇرۇسلاش لازىم، دەپ ئويلايمىز. بىزگە ئايانكى، ھەرقايسى خوجىزادىلەر، بولۇپمۇ چوڭ خوجىزادىنىڭ ئۆز كۆڭلىدە ئارزۇ - ئارمانلىرى باردۇر. ئۇنىڭ ئېتىبارلىق ئادەملەردىن تەربىيىچىلىرى باردۇر. ۋەللاھەمكى، چوڭ خوجىزادىنىڭ ئادەملىرى بىزكى تۇل خوتۇن ۋە يېتىم ئوغۇلنىڭ يەكەندە تۇرۇشىغا قارشى. نىھايەت، ئۇلارنىڭ چوڭ خوجىزادىنى مەرھۇم ئەزىزان ئاپاق خان خوجامنىڭ ۋەلىئەھدى سۈپىتىدە يەكەنگە يېتىپ كېلىپ تەختكە - سەلتەنەتكە چىقىشىغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقلىرى بىزگە ئايان بولدى. ئۇنداق بولغاندىكىن، ئوغلىمىز ئۈچۈن مەزلۇمە باشىمىزغە ئۆزىمىز قايغۇرمىساق بولماس ئىكەن. . . بىزلىنىڭ پىكرىمىز قالماق خوجامغا ئۇقۇلغان بولسا كېرەك؟ — خېنىم پادىشاھ پىسقى - فوجۇر بىلەن تولغان مىكىرلىك تەنناز كۆزلىرىدە قاراخان چاغانتاشقا قارىدى.

— ئى دۇنيادىكى گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، — دېدى قاراخان چاغانتاش قولىدىكى جامنى پىرقىرىتىپ تۇرۇپ، شېرىن مەي ئۇنىڭغا خېلى ئوبدانلا تەسىر قىلغانىدى، — سىلىنىڭ ناز - ئىشۋىلىرىگە جان - دىلىم ئەسىر، شېرىن سۆزلىرىگە تېنىم پىدا بولغاي، ھەر ۋاقىت سىزلىگە بىرەر ھادىسە يولۇقسا، مەن سىلى ئۈچۈن جېنىمنى تەقدىم قىلىشقا تەييياردۇرمەن. مەن بۇ ۋاقىتقىچە مەرھۇم ساغان خوجا ۋە سىلىنىڭ نان - تۇزلىرىنى يەپ پەرۋىش تېپىپ، دۆلەتلىرىگە شېرىك بولۇپ كېلىۋاتىمەن.

www.bilnur.com

شۇڭا، بۇ يولدا ئۆزۈمنى سىلىگە ئاتىشىم ۋاجىپ ۋە زۆرۈردۇر!

— ۋاي، چىرايلىق قالماق خوجام، مېنى پەقەت سىلىلا چۈشىنىدىلا، — دەپ كۇلۇمسىرىدى خېنىم پادىشاھ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، غالدان خوجامغا قانداق قۇل بولغان بولسام، سىلى قاراخان خوجامغىمۇ شۇنداق قۇلدۇرمەن! ئەسلىدە مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ تەخت - سەلتەنىتىدە سىلىدەك جەسۇر، ئىرادىلىك، باھادىر ئادەم ئولتۇرسا ئېلىمىز مەڭگۈ ئاسايىشلىق تاپقان بولاتتى!

قاراخان چاغانتاش خېنىم پادىشاھنىڭ يەھياخوجىغا كۆڭلى قارىلىق قىلىپ، «ماڭا بولمىسا، ئۇنىڭغىمۇ بولمىسۇن!» دېگىنىدىن، ئۇلار تالىشىۋاتقان بۇ مەملىكەتنىڭ ئۇلاردىن پەقەت بىرىگىلا تەگكىنىدىن كۆرە، قايناتىسىمۇ قېنى قوشۇلمايدىغان ياتقا تەگكىنىنى ئەۋزەلرەك كۆرۈۋاتقانلىقىنى سەزدى. چۈنكى، بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرىنىڭ نەزىرىدە ياتلار ئۇلارنىڭ بۇنچىلىك ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىيالمايتتى. «مۇبادا، خېنىم پادىشاھقا ياردەم قىلىپ ئانا - بالا ئىككىيلەننى يەھيا خوجىدىن كېلىۋاتقان خەۋپتىن خالاس قىلالىسام، — دەپ ئويلىدى چاغانتاش، — كۇنلەرنىڭ بىرىدە مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ تەختىنى تەنھا ئىگىلەپ، شاھلىق تاجىسىنى بېشىمغا كىيىپ، سۇلتانلىق ناغرىسىنى ئۆزنامىمغا سادىغا كىرگۈزۈش قانچىلىك ئىش ئىدى؟!»

— ھەببەللى، بۇ گېپىڭىز تولىمۇ ئورۇنلۇق بولدى، — دېدى قاراخان چاغانتاش بېشىنى كۆتۈرۈپ مەنىلىك كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن سادىق ئادەملىرىڭىز ئارقىلىق ھەرقانداق ئىشلار توغرىسىدا بىر - بىرىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرمىقىمىز لازىم ۋە كىچىك خوجىزادىنىڭ بەختى ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تەدبىرلەرنى كۆرمىكىمىز زۆرۈر! بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ خوجىزادىنىڭ ئوردىدىكى كۆز - قۇلاقلىرىنى تۇتۇپ

www.bilnur.com

يوق قىلماقلىرى ھەممىدىن مۇھىم. ئاندىن قالسا، ئاشكارا پەرمان جاكارلاپ، چوڭ خوجىزادىگە «نايىب دۆلەت» مەرتىۋىسىنى بەرمەكلىك لازىم. قاچانكى، ئۇل خوجىزادە بۇ مەرتىۋىنى قوبۇل قىلغان پەيتتە، ئۇنىڭ شۇبھى ـ گۇمانلىرى سۇسلىشىدۇ — دە، شۇ چاغدا قول سېلىپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بىلەن تەڭ يوق قىلماقلىرى لازىمدۇر! بىزكىم جۇڭغار چېرىكلىرى بۇ ئىشتا سۈكۈت قىلىپ بىتەرەپ تۇرغايمىز!

— كۆرسەتكەن ئەقلىڭىزگە بارىكاللا. تەشەككۇر، كۆپ تەشەككۇر جانابىي قالماق خوجام! — دەپ خۇشال بولغىنىدىن ئايناقشىپ كەتتى خېنىم پادىشاھ، — ھەزرىتى ئەزىزان ئاپاق خان خوجامنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن بىز تۆل خاتۇن، يېتىم ئوغۇلنىڭ كۆڭلى ناھايىتى غەمكىندۇر. گەرچە بىزنىڭ ناتىۋان كۆڭلىمىز دەرد ـ ئەلەمدىن يىلاندەك تولغىنىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن سىزلىنىڭ نەسىھەتلىرى جېنىمىزغا راھەتتۇر!...

شۇنىڭ بىلەن خېنىم پادىشاھ ھۇزۇرىدىكى قوبۇل تامام بولدى. قارا خان چاغانتاش خېنىم پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، ئاقسارايدىن چىقىپ كەتتى...

* * *

ئاق سارايدىكى سالام ۋاقتىدا خېنىم پادىشاھ يەھيا خوجىنى ئالاھىدە قىزغىن مۇئامىلە بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ نايىب دۆلەت ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلىماقچى بولغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

نايىپ دۆلەت ـ قەشقەرىيىدە شۇ چاغلاردا خېنىم پادىشاھ بىلەن پادىشاھ ئىشاندىن قالسىلا ئۈچىنچى رۇتبىدە تۇرىدىغان ئالىي مەرتىۋە ئىدى.

— سىزلى غايەت تەجرىبىلىك، سەلتەنەت ئىشىدە بىلەرمەن

www.bilnur.com

ئادەم، — دېدى خېنىم پادىشاھ قەتئىيلىك بىلەن، — ئاتىخانلىرى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن سەلتەنەت بىز تۇل خاتۇن، يېتىم ئوغۇلغا توغرىلانغان بولسىمۇ ئەمما ھاكىمىيەتچىلىك تەجرىبىمىز كۆپ ئەمەس. ئارىمىزدا ئۆتكەن كۆڭۈل ئاغرىشلارغا ئەمدى خاتىمە بېرەيلۇق. شۇڭا، جانابلىرىغا بىز ۋە پادىشاھ ئىشاندىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان نايىب دۆلەتلىك ئۇنۋانىنى بەرسەكمىكىن، دەيمىز. لېكىن، بىر شەرت بار، — دەپ لېۋىنى چىشلەپ يەھيا خوجىغا تىكىلىپ قارىدى خېنىم پادىشاھ.

— مۆھتىرەم ئاتىخانىمىز ۋاقىتسىز قازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئوتتۇرىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، — يەھيا خوجا ئۆزىنى دانىشمەنلەردەك تۇتۇپ، — بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمەسلىكنىڭ نەتىجىسى، دەپ بىلىمەن. شۇڭا، بىزلەر ئىچكى سىرلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرۇپ، بىر - بىرىمىزنىڭ پېيىدا بولۇپ يۈردۇق. نىھايەت، بۇنى خېنىم پادىشاھ بىلەن پادىشاھ ئىشان جانابىي ئالىيلىرىمۇ ھېس قىلىپتۇ. شۇنداق بولغانىكەن. بىزلەرنىڭ سىرلىرىمىزنى پىنھان تۇتۇپ يۈرۈشىمىزنىڭ ئەمدى ئورنى بولمىسا كېرەك. چۈنكى، خاتالارنى تۈزىتىش - ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ئىشىدۇر. قېنى، جانابىي ئالىيلىرى ئېيتماقچى بولغان شەرت قايسىكىن؟

— دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئىسھاقىيچى كاززاپلارنى ئۇرۇق - يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشتا ھەمكارلىشايلى، — دېدى خېنىم پادىشاھ ئاستا سۆزلەپ، — ھەمكارلىق شۇكى، ھېچقاچان سىزلى ھېچقانداق يەردە بىز تۇل خاتۇن، يېتىم ئوغۇلنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلمىسىلا، بىز خاتۇن كىشى بولساقمۇ، پادىشاھ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىزلەرنىڭ تەدبىر - سىياسەتلىرىمىزگە ھەمىشە قارشى كەلمىسىلە، ئىسھاقىيچى كاززاپلارغا قارشى تۇرۇشتەك ئورتاق ئىشتا ھەرقانداق

www.bilnur.com

مۇشكۇللۇكنى ھەمجەھەتلىك بىلەن بىللە ھەل قىلالايلۇق.

— ناھايىتى توغرا شەرت، — دېدى يەھيا خوجا خۇشال بولۇپ، — ئەسلىدە ئاۋۋالدىنلا بىز مۇشۇ شەرتكە بويسۇنۇشىمىز لازىم ئىدى. خەير، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ كونا خامىنىنى سورۇپ يۈرمەيلۇك.

— ۋەدىگە ۋاپامۇ؟ — دەپ قەتئىي سورىدى خېنىم پادىشاھ.

— ۋاپاسىزلىقتەك قەبىھ بەتنام يوق، خۇدا بىر، تەرىقەت بىر، سۇلۇك بىر، پىر بىر، سۆز بىر!

ئىككىنچى كۈنى، يەھيا خوجا خېنىم پادىشاھ ۋە پادىشاھ ئىشانىنىڭ رەسمىي يارلىقى بىلەن نايىب دۆلەت بولۇپ تەيىنلەندى...

*　　　*　　　*

بىر كۈنى، خېنىم پادىشاھ يەكەن ئەمرى مىرزا ئەلىمشاھ باشلىق ئىشەنچلىك دەپ سانالغان ئەكابىر - ئەشرەبلىرىنى مەخپىي يىغىن بار، دەپ ھۇزۇرى مۇبارەككە چاقىرتتى. ئۇلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشقا پەرمان قىلدى ۋە ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، شىرىن سۆپەت سۆزلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بەرگەندىن كېيىن بۇ ۋەزىر - ۋۇزرا ۋە ئەمرۇل - ئۇمەرالارغا مۇنداق دېدى:

— جۇڭغار خانى پەلەكتەك ھەيۋەت، ھەشەمەتلىك جاھانگىردۇر. ئۇ پۈتۈن موغۇلىستان ۋە مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، كۈچلۈكلەرنى باش ئەگدۈردى. ئەسىرلەردىن بۇيان، مۇلكى قەشقەرىيىنى ئۆز تەسەررۇپاتىمىزدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان بىزدەك قەدىمكى خاندانمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا قالغىنى يوق. ئەلھال، بۇ قەدەر ھەشەمەت بىلەن كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغان جۇڭغار خانىنىڭ بىزگە مۇشۇنچىۋالا ئائىتدارچىلىق

www.bilnur.com

كۆرستەرنى ئۇيلىمىغاندۇق. جۇڭغارلار بۇ جايلارنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن دۇشمەنلىشىشنى تاشلاپ، مۇرەببىم، مەرھۇم ھەزرىتى ئەزىزان ئاپاق خان خوجامنىڭ ۋە بىزكىم تۇل خاتۇن، يېتىم ئوغۇلنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاپ، بۇ يەرلەردە قاراخان تۇرغۇزۇپ، بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلىدى. قاراخان بىزگە ئۆز تەختىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. بىلەمسىزلەركىن، ئەگەر ئۇ زۇلۇمنى ئىختىيار قىلغان بولسا، لەشكەرلىرىمىز بىلەن پۇقرالىرىمىزنى ھېسابسىز زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتقان بولاتتى. ئەمما، قالماق قاراخانى چاغانتاش جانابلىرى مەرھەمەت يولىنى تۇتۇپ، ياخشىلىق ۋە ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپ قىلدى. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممەڭلار ئول جانابنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئىلتىپاتىدىن بەھرىمەن بولغانسىزلەر. بىزكىم مەزلۇمە گەرچە پادىشاھ بولساقمۇ لېكىن قارا خان جانابلىرىنىڭ خىزمەتكارى ھېسابلىنىمىز. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز يەكدىللىق بىلەن قالماق خوجام چاغانتاش جانابلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. بىز گەرچە قالماق خوجامنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن چوڭ خوجىزادىگە نايىب دۆلەتلىك مەرتىۋىسىنى بەرگەن بولساقمۇ ئەمما ئۇ بىزگە بويۇن تولغىماقتا. ئەلھال، قادىر ئاللا بىزگە ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلار كۆرسەتمەكتە. بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولماقتىمىز. بىر سىرنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، ئەمما سىلەر ھېچكىمگە ئېيتماڭلاركى، بۇ سىرنى مۇتلەق مەخپىي تۇتقايسىلەر.

مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەممىسى بۇ سىرنى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇپ، ھېچكىمگە ئاشكارىلىماسلىق ھەققىدە ئانت - قەسەملەرنى ئىچىشتى. خېنىم پادىشاھ تولىمۇ مەمنۇن بولغان ھالدا سۆزىنى سىرلىق داۋاملاشتۇردى:

— ماڭا چوڭ خوجىزادە، نايىب دۆلەتنىڭ يېقىنلىرىدىن

www.bilnur.com

بىرى خەت يېزىپ ئەۋەتتى. بۇ خەتتە: «. . . خوجا يەھيا بىزگە ناھايىتىمۇ كۆپ زۇلۇم قىلدى. قاتتىق رەنجىگەنلىكىمىزدىن ئۇنىڭدىن كۆڭلىمىز قالدى. رايىمىز قايتتى. بۇ ئەھۋالنى سىزگىمۇ خېنىم پادىشاھمۇ ئاڭلىغاندۇرسىز. بۇ خەتنى يېزىشىمىزدىكى مەقسەت، خوجا يەھيا ئەتە ـ ئۆگۈن سىزنىڭ مۇبارەك ھۇزۇرىڭىزغا بارىدۇ. بۇ ئوبدان پۇرسەتتۇر، شاھىنشىن ئەتراپىغا چوماقچى پالۋانلاردىن بۆكتۈرمە قويغايسىز. قوبۇل ۋاقتىدا ئول تەخت تەمەخورىنى تۇتۇپ، بېشىنى كەسكەيسىز. . .» دەپ يېزىپتۇ. ھەممەڭلار بۇ ئىش ھەققىدە ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق مەسلىھەتىڭلار بولسا بېرىڭلار!

— ئى كەرەملىك شاھسانىيە، — دېدى يەكەن ئەمرى مىرزا ئەلىمشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، — سىز ساددا بولماڭىز، «سېرىق ئىتمۇ چىلبۆرىگە ئوخشايدۇ» دېگەننى ئىشىتمىگەنمۇ؟ ئەگەر قارا خان چاغانتاش بىلەن سەلتەنەتكە شېرىك بولىمەن دەپ، خوجا يەھيانى ئۆلتۈرسىڭىز، ئەجدىھانىڭ ئېغىزىدىن قۇتۇلۇپ، لەھەڭگە يەم بولغان بولماسىز بۇنىڭغا ئەڭ ياخشىسى، ھېچ ئىككىلەنمەيلا، قالماق قارا خانى چاغانتاشنىمۇ، خوجا يەھيانىمۇ بىللە جەھەننەمگە يوللاپ، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل خالاس بولۇشتۇر.

قەدىمكىلەردىن قالغان مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ھېكايە بۇ سۆزۈمگە ئىسپات بولالايدۇ:

— بىر دەريادا نۇرغۇن بېلىق توپى بار ئىكەن. ئۇلار ھەمىشە سۇ تېپىش ئۈچۈن تەشنا بولۇپ يۈرۈشىدىكەن. ئۇلار سۇغا ئېرىشىشنىڭ ئارزۇسىدا: «سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمى قانداق بولىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى بەكمۇ كۆرگۈمىز بار» دېيىشىپتۇ. ھەممە بېلىقلارنىڭ جىسمى ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمان ئوتلىرىدا كۆيىدىكەن. لېكىن، ھېچبىرى ئۆزلىرىنى سۇغا ئېرىشكەندەك ھېس قىلىشمايدىكەن. ئاخىر بىر بېلىق ئۆكۈنگەن

www.bilnur.com

ھالدا: «دېڭىز دولقۇنىدا بىر چوڭ باشلىق لەھەڭ بار. ئۇمىدىم شۇكى، ئۇ بىزگە سۇ بار جايىنى ئېيتىپ بېرىپ، بىزنىڭ مۇشكۇللىرىمىزنى ئاسان قىلغۇسى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە بېلىقلار سۇغا يېتىش ئارزۇسىدا دېڭىز تەرەپكە قاراپ يول ئېلىشىپتۇ. ئۇلار دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئەتراپىغا يېغىلغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى پىرقىراۋاتقان پەلەكتەك قايىنامنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇ يەردىكى دولقۇن ۋە قايناملارنىڭ كۆتۈرۈشلىرى سەۋەبىدىن بېلىقلار تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ چۈشۈپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشىپتۇ. ئۇلار قورقىنىدىن تال ياپرىقىدەك تىترەشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا، دېڭىز قاتتىق چايقىلىشقا باشلاپتۇ — دە، بىردىنلا بەھەيۋەت بىر لەھەڭ پەيدا بولۇپ، بىر - بىرىدىن جۇدا بولۇشقان ھېلىقى بېلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يالماپ يۇتۇپ قورسىقىغا يىغىپتۇ. ھېلىقى بېلىقلار لەھەڭنىڭ قورسىقىغا كىرگەندىن كېيىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنى پۇتۇنلەي سۇ ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى ئاندىن ھېس قىلىشىپتۇ ۋە ھەسرەت - نادامەت قىلىشقان بىلەن قىلچە پايدىسى بولماپتۇ، ھەممىسى لەھەڭنىڭ قورسىقىدىكى ئوتقا غەرق بولۇپ، كۆيۈپ كۈل بولۇشۇپتۇ...

يىغىن ئەھلى ئارىسىدا يەكەننىڭ شەيخۇلئىسلامى مىرزا بارات ئاخۇن ئەئلەممۇ بار ئىدى. ئۇ ھەمىشە خېنىم پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى مەخپىي ئەھۋاللارنى يەھيا خوجىغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. خېنىم پادىشاھنىڭ قىلغان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەكتۇپ ئارقىلىق يەھيا خوجىغا توختاۋسىز يوللاپ تۇراتتى. خېنىم پادىشاھنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭغا چېقىلماي كەلگەنىدى. ئۇ قاراخان چاغانتاش بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن قالماقلارنىڭ خوجا يەھيادىن رايى قېلىشقا باشلىغانلىقىنى سەزدى — دە، كۆڭلىگە ئاجايىپ بىر مەسلىھەت كەلدى. شۇڭا، يەكەن ئەمرى مىرزا

www.bilnur.com

ئەلىمشاھنىڭ بايامقى سۆزىنى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا، باشقا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقان مىرزا بارات ئاخۇن ئەئلەم خېنىم پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى مەخپىي يىغىندىن چىقىپلا يەنە خەت يېزىپ يەھيا خوجىغا ئەۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان يەھيا خوجا ۋەھىمە ئىچىدە ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يا ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىق ناغرىسىنى ئاشكارا چېلىپ چىقالماي، ياكى ئۆزىگە قەست قىلماقچى بولغانلارنى تۇتۇپ يوقىتىشقا پېتىنالماي، ئىككىلىنىپ قالدى. ئاخىر، ئۇنىڭ جاسارىتى سۇسلىشىپ، خېنىم پادىشاھ بىلەن سۇلھىلىشىپ، ئۇنىڭ «شاھ سانىيە» لىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە شېرىك پادىشاھ بولۇشقا تەن بەردى. خېنىم پادىشاھمۇ ئۆزىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسى ئارقىلىق تەختىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە ئاخىر يەتتى.

ئۇزاققا قالماي، يەكەننىڭ شەيخۇلئىسلامى مىرزا بارات ئاخۇن ئەئلەم خېنىم پادىشاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىرنەچچە ئەسەبىي سىگال دىۋانىلەر تەرىپىدىن پالتا بىلەن ۋەھشىيلەرچە چاناپ ئۆلتۈرۈلدى...

* * *

بۇ، رامزاننىڭ ئاخىرقى كېچىلىرىدىن بىرى ئىدى. قەشقەر ئاسمىنى قارا بۇلۇتلار ئىلكىدە ئىڭرىماقتا ئىدى. تۇمەن دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولغان، دەريا يۈزىنىڭ مەنزىرىسىمۇ غۇۋا ئىدى. ئاسمان بىلەن زېمىن، يىراق بىلەن يېقىندىكى مەنزىرىلەر، كۆرگىلى بولىدىغان ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان ھەممە نەرسىلەر بۇ زۇلمەت ئىچىدە بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. قاراڭغۇلۇق قوزغۇنى

www.bilnur.com

ئۆزىنىڭ قاپقارا قاناتلىرىنى ئاقسارايىنىڭ ئۈستىگە ياپقانىدى. ئادەتتە يىراقتا قارىيىپ كۆرۈنىدىغان ئاخۇنۇمنىڭ يارلىقى قارا بۇلۇتلۇق ئاسمان ئاستىدىكى پاناھلىق ئىچىگە مۆكۈنگەنىدى. تۇمەن دەرياسى چوڭقۇرلۇقتا بىر خىللا ئىڭراپ، قايغۇ دولقۇنلىرى ئىچىدە ئىگىز يار بويىغا ئۇرۇلۇپ ئاقماقتا ئىدى. «گۈلدۇر!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، يارنىڭ بىر پارچىسى گۇمۇرۇلۇپ سۇغا چۈشتى — دە، ئارقىدىنلا سۇنىڭ شالاقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قۇببىسىنىڭ قاپقاراڭغۇ كۆلەڭگىسى يىراقتا چوقچىيىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ سالقىن قىياپەتتە ئۆرە تۇرغىنىچە ئۆز بېشىغا قونۇۋالغان قارا قۇزغۇن بىلەن بىللە خىيالغا چۆككەنىدى.

بەزىلەر «ئەل ئۇيقۇغا پاتقاندا، جىمى ياخشىلىق بىلەن جىمى رەزىللىكمۇ تەڭلا يوقايدۇ!» دېيىشىدۇ. ئەمما، بۇ گەپ تولۇق ئەمەس. ئۇنىڭغا يەنە «جىمى ئادەم بەختكە ئىنتىلىدۇ. ئەمما، بەخت خۇددى رامزان كېچىسىدىكى ئايدەك بۇلۇت كەينىگە مۆكۈنگەن بولىدۇ» دېگەننىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك.

يەھيا خوجا نايىب دۆلەتى مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، خۇددى ئۇن پىنەك بەڭ چەككەندىنمۇ بەكرەك مەستخۇش بولۇپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن كېچە قوزى ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپ، ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاپ ياتاتتى. ھويلا ۋە ئۆگزىدىن گۇرۇسلىگەن ۋە غورۇسلىغان ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— خوجىزادەم، بېگىم، ئۇيقۇلىرىنى ئاچسىلا، — دەپ ئۇنى ھەدەپ تۇرتتى ئامراق خوتۇنى ئايىم بىكە. ئەمما، يەھيا خوجا تېخىچىلا قوزى ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ شېرىن چۈش ئىلكىدىن ئويغىنىپ، ئۆزىنى ھە دەپ تارتقۇشلاۋاتقان خوتۇنىغا، نېمە دەيسەن، دېگەندەك تەئەججۈپ نەزىرى بىلەن قارىدى. شۇ ئەسنادا، ئىشىك تاراقلاپ

www.bilnur.com

ئېچىلدى — دە، ئۆيگە قارا نىقابلىق ئالتە ـ يەتتە بەستلىك ئادەم باستۇرۇپ كىرىشتى.

— سەنلەر نېمە ئادەم؟ ھاي، قايسىڭ بار! — دەپ ۋارقىرىدى يەھيا خوجا خىزمەتچىلىرىگە، ئاندىن ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ تامدىكى ئېسىقلىق تۇرغان قىلىچنى ئالماقچى بولۇۋىدى، نىقابلىقلاردىن ئىككى ـ ئۈچ ئادەم سەكرەپ كېلىپلا ئۇنىڭ مۇرىسىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە كاتىنىڭ ئۈستىگە نىقتاپ بېسىپ تۇرۇۋالدى. قالغانلار يەھيا خوجىنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن سۆرەپ چىقىشتى. ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئەھمەتخوجا چوڭئانىسىنىڭ سەمەندىكى قورۇقىغا① كەتكەنلىكتىن، بۇگۈن ئۆيدە قونمىغانىدى.

— سىلەر كىم بولسىلەر؟ كىمنىڭ پەرمانى بىلەن مېنى تۇتماقچى؟ — دەپ سورىدى يەھيا خوجا خىرقىراپ تۇرۇپ، — مەن كىم، بىلەمسىلەر؟ مەن خېنىم پادىشاھنىڭ يارلىقى بىلەن نايىب دۆلەت بولغان خوجا يەھيادۇرمەن! ئىشەنمىسەڭلار مېنى خېنىم پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ بېرىڭلار!

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، تەقسىر، بىزمۇ دەل شۇنداق قىلماقچىمىز. نايىب دۆلەت جانابلىرى، — دېيىشتى ئۇلار يەھيا خوجىنى مازاق قىلىپ، — ھازىر سىنى ۋە ئوغۇللىرىڭنى توپتوغرا تەڭرى ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ بارماقچىمىز!

— ياق، ياق، مېنى ئۆلتۈرسەڭلار بولمايدۇ. سىلەر يالغان ئېيتىسىلەر، خېنىم پادىشاھ بىلەن ئوتتۇرىمىزدا لەۋز ـ قەسەم بار، بۇنى سىلەر بىلمەمسىلەر؟

— بىلىمىز، ئوبدان بىلىمىز ۋە بەلكى سىنى ۋە سىنىڭ ئۈچ ئوغلۇڭنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە خېنىم پادىشاھنىڭ پەرمان بەرگەنلىكىنىمۇ بىلىمىز. قېنى، يەنە بىر ئوغلۇڭ؟ يوقمۇ

① بەزى مەنبەلەردە: «تۆشۈكتاغدىكى...» دەپ يېزىلغان.

www.bilnur.com

ئۇ لەنتى! — دەپ قەھر قىلدى قارا نىقابلىق ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن بىرى.

يەھيا خوجا نىقابلىق كىشىلەرگە چەكچىيىپ قارىدى ۋە بىردىنلا ئۆكۈپ تاتىرىپ كەتتى. يۇلقۇنۇپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. لېكىن، نىقابلىق ئىككى ئادەم ئۇنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ، قوللىرىنى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك تېخىمۇ مەھكەم قىسىپ تۇتتى.

— نومۇسسىزلار، لەۋزىگە ۋاپا قىلمايدىغان ۋىجدانسىزلار! — دەپ يۇلقۇناتتى يەھيا خوجا، — خۇدانىڭ قەھر - غەزىپىدىن قورقمامسىلەر؟ پىرنىڭ قارغىشىدىن قورقمامسىلەر؟ مەن سەييىدۇرمەن! مەن ھەزرىتى ھىدايىتۇللا خوجا مەسئۇلىنىڭ[①] پۇشتىمەن!

جانابىي قۇتبىل ئەقتابىنىڭ پەرزەنتىمەن! شۇڭا، مېنى ۋە مېنىڭ پەرزەنتلىرىمنى ئۆلتۇرسەڭلار مەڭگۈ دەۋزىخىي بولۇپ كېتىسىلەر! گۆرۈڭلاردا توڭگۇز قوپىسىلەر! قويىۋەت مېنى! يوقال ھەممىڭ!

— بۇ ئىش خېنىم پادىشاھ بىلەن پادىشاھ ئىشانىنىڭ پەرمانى بويىچە بولۇۋاتىدۇ. تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەك، — دېدى نىقابلىقلاردىن بىرى.

— مۆھتىرەم دېگەن ئۇ ئەر سارىڭى جالاپقا نېمە بولدى؟ نېمىشقا لەۋزىدە تۇرمايدۇ؟ ھۇ بەتبەخت، ناپاك خوتۇن! — دەپ خېنىم پادىشاھنى ھەدەپ قارغىدى يەھيا خوجا.

جاللاتلار يەھيا خوجا بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى كۆتۈرۈپ يەرگە بېسىپ ياتقۇزدى.

— خېنىم پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە، — دېدى نىقابلىقلاردىن بىرى، — سەن ۋە ئىككى ئوغلۇڭ ھەلقۇم تىغ

① ئاپاق خوجىنىڭ ھۆرمەت ناملىرى.

www.bilnur.com

جازاسى بىلەن جازالىنىسىلەر!

يەھيا خوجا كۆچىسىز، دەردلىك ئاۋازى بىلەن: «ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار!» دېيىشىگىلا جاللات قولىدىكى ئىنچىكە يىڭنىسار پىچىقىنى ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ بىر تولغاپلا ئۇنىڭ ھەلقۇمىنى ئۈزۈپ تاشلىدى! . . . بىر پەس خىرىلداپ، تىپىرلاپ يېقىپ، ئاخىر يەھيا خوجا جىم بولدى ۋە پۈت - قولىنى سوزۇپ يېتىپ قالدى.

ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ تەقدىرىمۇ خۇددى ئاتىسىنىڭكىدەك بولدى . . .

نەزمە

ئەپسۇسكى، باھادا ئوتتۇن ھەم ئۇد[1] بىر،
مەرتىۋىدە خەلىل[2] بىلەن نەمرۇد[3] بىر.
دۆلەتتىن مەست بولغان بىخۇدلار ئۈچۈن،
ئېشەك ئاۋازىيۇ، كۈيى داۋۇت[4] بىر.

— پۇرياۋەلى[5]

---

① ئۇد — 1. پەنجىتار؛ 2. قىممەت باھالىق خۇشپۇراق دەرەخ.
② خەلىل - يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام. خۇدالىق دەۋاسىنى قىلغان نەمرۇدقا قارشى تۇرغاندا، ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن.
③ نەمرۇد — خۇدالىق دەۋاسىنى قىلغان زالىم پادىشاھ.
④ داۋۇت ئەلەيھىسسالام — مۇزىكانتلارنىڭ پىرى.
⑤ پۇريا ۋەلى — خارەزملىك پالۋان مەھمۇد (1247 — 1326) نىڭ تەخەللۇسى. مەشھۇر شائىر.

www.bilnur.com

# ئون ئىككىنچى باب

## جاللات خېنىم

جاھالەت ئەھلى بىلەن قىلما سۆھبەت،
يېتەر ھەردەم بۇ ئىشتىن جانغا زەخمەت.

— ناسىر خىسراۋ

مىلادى 1696 ـ يىلى (چاشقان يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى. يەكەن ئالتۇنلۇقتىكى بىر خانىقادا ئاشىق ـ سوپىلارنىڭ سۆھبىتى قىزىپ كەتكەنىدى. بۇ خانىقا ـ تۈنەكخانىغا شۇ چاغدىكى مۇسۇلمانچىلىق خىسلەت ئۆلچىمى قىلىنىدىغان خۇدايى ئادەت بويىچە چاڭگا چاچ، سىركە ساقال، جۇل ـ جۇل چاپان، چۇلە مەست، قاسماق بەدەن، بەڭگى دىۋانە، كۆكەمە ئاشىق، ماكانسىز قوڭالتاق، رەزگى رودىپاي، ئەبگاھ دەرۋىش، چاتاقچى سوپىلاردىن بىرقانچە يۈزى توپلانغانىدى. بۇ سۆھبەتكە يەنە شۇ چاغلاردا «ئاشىق ھاپىزلارنىڭ شاھى» دەپ ئاتالغان ئاتاقلىق دەرۋىش سوپى ئاللايارمۇ قاتناشقانىدى. ئۇ بۇ سۆھبەتتە مۆھتىرەم خېنىمنىڭ قەشقەرىيە سەلتەنىتىگە پادىشاھ بولغانلىق شەرىپىگە بېغىشلاپ يازغان قەسىدىسىنى ئوقۇپ بەردى.

ئاڭلىغۇچىلار تولىمۇ مەمنۇن بولۇشۇپ قىقاس ـ چۇقان

www.bilnur.com

كۆتۈرۈشتى. ئاۋازلار بىرئاز پەسەيگەندىن كېيىن سوپى ئاللايار يەنە ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— مەن ھاياتىمدا ھەزرىتى ئاپاق خان خوجىمىزغا ئاتاپ دىققەتكە سازاۋەر بولغۇدەك نۇرغۇن قەسىدىلەرنى يازغانىدىم. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۆۋەندە مەن سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، ياش شائىرە ئىجاد قىلغان مەسنىۋىگە ھېچبىر سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى جاھاندا جۈپتى يوق ئۇ جانان مېنىڭ ئۆمرۈمدە تاپقان پۈتۈن ساۋابلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بىر تىيىن قىلىۋەتتى. ھازىر مەن ئۇنىڭ پىراقىدا ئاتەشتەك كۆيمەكتىمەن! — دېدى.

سوپى ئاللايار جاراڭلاپ چىققان ئاۋازى بىلەن ئىشق-مۇھەببەت ھەققىدە يېزىلغان بۇ ئاجايىپ مەسنىۋىنى ئاشىق سوپىلارغا ئوقۇپ بەردى. بۇ شېئىردا ھەۋەس بىلەن نازۇكلۇق قوشۇلۇپ كەتكەن ئىككى قەلبنىڭ ئەبەدىي بەختى توغرىسىدىكى ئارزۇ ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇن ئىپادە قىلىنغان بولۇپ، دەررۇ ئاڭلىماققا خۇددى پىر - ئەۋلىياغا ئوقۇلغان ئىشق - سەۋدا زارىدەك تۇيۇلاتتى.

سوپى ئاللايار بۇ مەسنىۋىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئاشىق سوپىلار ئارىسىدا يەنە شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلدى:

— كىم يازغان؟ ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئىسمى؟

ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇردى ۋە سۈكۈت ئەھلىگە قاراپ سۆزلىدى:

— ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ شۇنداق، كۆرۈۋاتىمەن. ھەيرانۇ - ھەس بولغانلىقىڭلاردىن بارمىقىڭلارنى چىشلەپ قېلىۋاتىسىلەر! بىلەمسىلەر، بۇ مەسنىۋىنى بىر ياش قىز يازغان. ئۇنىڭ لەپپىدە بىر قاراپ قويۇشىنى كۆرگەن بولساڭلار ئىدى. ئون پېنەك بەڭ چەككەندىنمۇ بەكرەك مەستخۇش بولۇپ كەتكەن بولاتتىڭلار!

www.bilnur.com

— ئىسمى! ئىسمىنى دېمەمسەن! — دېگەن چۇقان ئاڭلاندى.

— بۇ شائىرە نامى پۇتۇن قەشقەرىيە ئاسمىنىدا جاراڭلىشى لازىم! ئۇنىڭ ئىسمى زەينەپ بىبى!

بۇ چاغدا سورۇن ئىچىدە ئولتۇرغان 15 ياشلاردىكى بىر يىگىت يىلاندەك تولغىنىپ، «ۋاي» دەپ سالدى.

خام بەگنى تولا چېكىپ، شىركەيپ بولغان سۆھبەت ئەھلى قىزنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ھاياسىزلارچە كۈلۈشتى.

سوپىلارنىڭ ھاياسىز كۈلكە ساداسى ئىچىدە ھېلىقى ياش يىگىت تۇنەكخانىدىن سەزدۈرمەي چىقىپ كەتتى...

* * *

خېنىم پادشاھ بىر نەۋرە سىڭلىسىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— راستىنىلا بۇ مەسنىۋىنى سىز يازدىڭىزمۇ؟

— ھەئە! — دەپ جاۋاب بەردى قىز دادىللىق بىلەن.

— بىز سىز يازغان مەسنىۋىلەرنى ئاڭلىدۇق، — دېدى خېنىم پادشاھ ئاستا، — سىز ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدە شېئىر يازىدىكەنسىز؟! سىز كىمنى ياخشى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلدىڭىز؟

بۇ قىز سەئىدىيە خانلىرىنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن بىرى بولغان ئىسمايىل خاننىڭ ئامراق قىزى زەينەپ بىبى ئىدى. ئۇ دادىسى ئىسمايىل خاندىن ئىككى يېشىدىلا ئايرىلىپ يېتىم قالغان بولسىمۇ ئەمما ئاق كۆڭۈل ئىنىكئانىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغانىدى. گەرچە ئۇ ھازىر ئاپاق خوجا سارىيىدىكى چىركىنلىك ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما خان ئاتىسى ئىسمايىل خاننىڭ ساپ دىل، مەرىپەتپەرۋەر، راستچىل، قەيسەر مىجەزىنى

www.bilnur.com

ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەنىدى. كېيىن ئۇ ئەتكەسى① نىڭ قولىدا ئوقۇپ خەت ساۋادىنى چىقاردى، بىلىم ئۆگەندى. ئادەتتە ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئاستا ـ ئاستا كۆپ غەزەللەرنى يادقا ئوقۇيالايدىغان بولدى.

— مەن زامانىمىزنىڭ نازىنىلىرىدىن بولغان بىر يىگىتنى ياخشى كۆرىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى زەينەپ بىبى. ئۇ بىر نەۋرە ئاچىسى — خېنىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆز سىرىنى يوشۇرۇشنى خوپ كۆرمىگەنىدى.

— مېنىڭ قۇللىرىمنى ھە! — دەپ غەزەپلىنىپ ۋارقىرىدى خېنىم پادىشاھ، — سەنمۇ؟ مەن خوجىزادە ـ شاھزادىلەرگە لايىق، دەپ يۈرگەن سىڭلىممۇ؟! . . . ئېيتە، ئۇنىڭ ئىسمى كىم؟!

زەينەپ بىبى ئاپئاق تاتىرىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ خاتىرجەم ئىدى.

— خېنىم پادىشاھ، سىلى مېنى ئۆلتۈرۈشلىرى مۇمكىن ئەمما مەن ئۆزۈمنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتىمنىڭ ئىسمىنى قەتئىي ئېيتمايمەن! — دېدى ئۇ.

— ئىسمى! ئىسمىنى ئېيتىپ بەر دەيمەن؟!

— ياق، ياق! قەتئىي ئېيتمايمەن!

— ھە شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، سەن ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇلدا قىينىلىسەن! ئەڭ دەھشەتلىك ئۇسۇلدا ئۆلىسەن!

— مەيلى! مۇھەببىتىم، ئېتىقادىم ئۈچۈن مەن ھەرقانداق ئىشقا تەييار!

— سەن. . . سەن مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن بۇ شەرمەندىچىلىك ئۈچۈن ئەڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈم بىلەن ئۆلتۈرۈلىسەن!

---

① ئەتكەسى ـ ئۇستازى، تەربىيىچىسى.

www.bilnur.com

خېنىم پادىشاھ غەزەپلەنگەنلىكىدىن ھاسىراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئادەتتە ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان چىرايلىق جامالى مۇشۇ تاپتا بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق ئوتلىرىنىڭ شولىسى چېچىلىپ تۇرغان يالماۋۇزغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ جاللاتلىرىغا ۋارقىرىدى:

— ئاۋۋال مىش قىيناققا ئېلىنىپ، ئىقرار قىلدۇرۇلسۇن! ئىقرار كەلمىسە، ئاندىن ياغ قايناققا تاشلانسۇن!

— قۇللۇق! — دەپ تۆت مەلئۇن سۇپەت جاللات سوپى بىچارە قىزنى سۆرىگەن پېتى قىيناقخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. خېنىم پادىشاھمۇ زەينەپ بىبىنىڭ ھالىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كەينىدىن قىيناقخانىغا ماڭدى.

ئاپاق خوجا قەشقەرىيە تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ قارشىلىقىنى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەلتۆكۈس بىتچىت قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن، شۇ چاغلاردا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا مەلۇم بولغان ۋە تېخى مەلۇم بولمىغان تۈرلۈك قىيناش، جازالاش ئۇسۇللىرىنى ئەھيا قىلىپ چىققانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈن مۇلكىي تۈركىستان، ماۋرائۇننەھر ۋە مۇلكىي ئەجەم يۇرتلىرىغا تونۇشلۇق بولغان خوجا قىيناقلىرىدىن: دار، تاش بوران، ئەن بەدەن، مىش قىيناق، ئىت قىيناق، قوڭ قىيناق، قىل قىيناق، پەي قىرقىما، ئۆرە قىيناق، كۆتەك، دەررە، تۇنجۇق، ئات قۇيرۇق، قاپ قىيناق، بوغما قول، ئۆركەتتى، زۇقۇم جان، ھەلقۇم تىغ، چۆل قاق، جان ئوغلاق قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق ئۆلتۈرۈش جازاسى بار ئىدى.

**ئەن بەدەن** — بۇ ئادەمنىڭ قول، پۇت، قۇلاق، بۇرۇن قاتارلىق مۇچىلىرىنى كېسىپ تاشلايدىغان ياكى ئادەمنىڭ كۆزىنى ئويۇپ، تىلىنى كېسىپ، بۇرنىنى يۇلۇپ، ئەرلىكىنى پىچىپ،

www.bilnur.com

ئاختا قىلىپ ناكا قىلىدىغان، ئاياللارنىڭ تۇغۇتىنى قۇرۇتۇپ، نىمجان قىلىپ تاشلايدىغان بىر خىل ۋەھشىي جازا ئىدى. بۇنداق جازاغا مۇپتىلا بولغان ئادەم قىينىلىپ ئاخىر مىڭبىر ئازاب ئىچىدە جان تەسەددۇق قىلاتتى.

**مىش قىيناق** — بۇ ئادەمنى مۇشۇككە تاتىلىتىپ، مورلىتىپ، چىشلىتىپ ئۆلتۈرىدىغان بىر خىل قىيناش جازاسى بولۇپ، گۇناھىنى ئىقرار قىلمىغان ياكى لەۋزىدىن تېنىۋالغان ئادەمنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە ماڭغا كىرگەن چىشى مۇشۇكنى سولاپ، ئۈستىدىن خوخا تىكەن بىلەن ساۋاش ئارقىلىق ئادەمنى مۇشۇككە تاتىلىتىپ، چىشلىتىپ قىيناپ سوراق قىلىدىغان بىر خىل ۋەھشىي جازا ئىدى.

**پەي قىرقىما** — بۇ ئادەمنىڭ پېيىنى كېسىدىغان جازا بولۇپ، پاتتاڭنىڭ پېيىنى كېسىش، پاقالچاقنىڭ پېيىنى كېسىش، سۆڭگەچنىڭ پېيىنى كېسىش دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنەتتى.

پاتتىڭنىڭ پېيى كېسىۋېتىلگەن ئادەم بېشىنى كۆتۈرەلمەي دېمى سىقىلىپ ئۆلەتتى. پاقالچىقىنىڭ پېيى كېسىۋېتىلگەن ئادەم ئۆرە بولالماي ئۆلەتتى؛ سۆڭگىچىنىڭ پېيى كېسىۋېتىلگەن ئادەم ماڭالماي ئۆلەتتى.

**كۆتەك** — بۇ ئادەمنىڭ پۇتىغا گۇندا ـ كۆتەك سېلىپ قويىدىغان بىر خىل جازا ئىدى. كۆتەك — بىر پارچە چېقىر ئۇجمە ياكى قارىياغاچ كۆتىكىنى زەنجىر بىلەن مىخلاپ ئادەمنىڭ پۇتىغا گۇندا قىلىپ چېتىپ قويىدىغان ۋە ياكى كۆتەكنى ئوتتۇرىدىن تېشىپ، كامىرىغا ئادەمنىڭ ئىككى پۇتىنى سېلىپ كۆتەكنى مىخلاپ قويۇش ئارقىلىق ئادەمنى بەند قىلىپ قويىدىغان بىر خىل جازا ئىدى. پۇتىغا گۇندا ـ كۆتەك سېلىنغان ئادەم مىدىرلىيالماي قىينىلىپ ئۆلەتتى.

**دەررە** — بۇ ئىچىگە قۇم ياكى ئۇششاق تاش

تولدۇرۇلغان ياپىلاق كۆن پالاق بولۇپ، غولدا دەپمۇ ئاتىلاتتى. جازالانغۇچىنىڭ غولىغا دەررە بىلەن ئۇرۇلغاندا، ئادەتتە ھەرقانداق مەن ـ مەن دېگەن بوز يىگىتلەرمۇ ئوتتۇز ـ قىرىق غولدىغا بەرداشلىق بېرەلمەستىن جان تەسەددۇق قىلاتتى.

**ئۆرە قىيناق** — بۇ ئادەمنى قىش ـ قىرودا يالىڭاياق مۇزغا دەسسىتىپ قويىدىغان بىر خىل جازا بولۇپ، جازالانغان ئادەم سوغۇقتا ئۆرە تۇرۇۋېرىپ ئاخىر سوغۇقتا قېتىپ قېلىپ ئۆلەتتى.

**قىل قىيناق** — بۇ ئادەتتە ئەر كىشىگە قوللىنىلىدىغان بىر خىل جازا بولۇپ، ئەر كىشىنىڭ زەكىرىگە ئات قىلىنى تىقىپ قىينايدىغان بىر خىل ۋەھشىي قىيناق جازاسى ئىدى. بۇنداق جازاغا مۇپتىلا بولغان ئادەم ئون ئۆلۈپ ـ بىر تىرىلىپ، خۇدادىن ئىتتىنكرەك جېنىمنى ئالساڭ، دەپ تىلەيتتى.

**قاپ قىيناق** — بۇ ئادەمنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ قىپيالىڭاچ قىلغاندىن كېيىن قىل تاغارغا سېلىپ، ئاندىن ئادەمنى تاغار بىلەن ئېگىزدىن پەسكە قارىتىپ دومىلىتىدىغان ياكى ئاسمانغا ئېتىپ يەرگە تاشلايدىغان بىر خىل جازا ئىدى. بۇنداق جازاغا مۇپتىلا بولغان ئادەم ئاخىردا سۆڭەك ـ ئۇستىخانلىرى پىقىش ـ پىقىش بولۇپ كېتىپ، بىر دۆۋە گۆشكە ئايلىنىپ قالاتتى.

**قوڭ قىيناق** — بۇ ئادەمنى ئۆرۈك ياغىچىدىن ئۇچلۇق قىلىپ ئۇچلانغان قوزۇققا ئولتۇرغۇزىدىغان بىر خىل جازا بولۇپ، قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇلغان ئادەم ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە يا ئۆلمەي، يا تىرىلمەي، قىينىلىپ جان تالىشاتتى — دە، ئاخىر ئېغىر ئازاب ئىچىدە ئۆلۈپ كېتەتتى.

**چۆل قاق** — بۇ ئادەمنى چۆل ـ جەزىرىگە ئاپىرىپ پىژغىرىم ئاپتاپتا قاق سېلىپ قۇرۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغان بىر خىل جازا ئىدى.

www.bilnur.com

**ئات قۇيرۇق** — بۇ ئادەمنى ئىككى پۇتىدىن ئىككى ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ، چېتىنى يېرىپ ئۆلتۈرىدىغان بىر خىل جازا ئىدى.

**ياغ قايناق** — بۇ ئادەمنى تىرىك پېتى قازاندىكى قايناۋاتقان ياغقا تاشلاپ قورۇپ ئۆلتۈرىدىغان بىر خىل جازا ئىدى.

**بوغما قول** — بۇ ئادەمنى كۆشۈك هارۋىغا سېلىپ، بېشىنى قىسماققا ئالغاندىن كېيىن تانا بىلەن قىسماقنى بارغانسېرى چىڭىتىش ئارقىلىق بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغان بىر خىل جازا ئىدى.

**جان ئوغلاق** — بۇ تىرىك ئادەمنى ئوغلاق قىلىپ تارتىپ ئۆلتۈرىدىغان بىر خىل جازا ئىدى...

بەس! ئاپاق خوجىنىڭ بۇنداق «جازا ئىجادىيەتلىرى» ھەققىدە مۇشۇنچىلىكلا توختىلىشقا بولىدۇ! چۈنكى، مۇئەللىپ بۇ سەترلەرنى يېزىۋېتىپ تېنى شۈركىنىپ، بۇنىڭ نېرىسىغا يېزىشنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى!

چىشىنى خۇن پىچىقى، مىجەزىنى ئىت پەيلى ئوراپ ۋە چىرماپ تۇرغان بۇ جاللات سوپىلار بىگۇناھلارنى جازالىغاندا چاپاندەك چېقىپ تۇرىدىغان، زەھەرلىك قوللىرى يىرتقۇچلارنىڭ پەنجە - چىشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، نە ئەقىل، نە دىن، نە شەرم - ھايا... دىن مەھرۇم بولغان بۇ مەلئۇن خوجىلار؛ قىلغان ئىشلىرى خۇددى يالماۋۇزدەك خۇن تۆكۈش، ئىنساننى خارۇ - زار قىلىش، ئەل - يۇرتىدىن تاندۇرۇش ۋە ئۆي - ماكانىنى توزدۇرۇشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان بۇ شەرمەندە ئىشانلار؛ پۈتۈن ۋۇجۇدى پىسقى - فوجۇر بىلەن تولغان، نامەردلىك، رەزىللىك، ۋەھشىي قىلمىشلارنى كەشىپ قىلماقنى ئۆزىگە زاكا ئادەت قىلغان بۇ ھايات كۈشەندىلىرى يەنە يېڭى - يېڭى جازا قىيناقلارنى داۋاملىق ئويلاپ ئىجاد قىلاتتى...

www.bilnur.com

جاللات سوپىلار زەينەپ بىبىنى دارقىرىتىپ سۆرىگەن پېتى قىيناقخانىغا ئېلىپ كىردى. بۇ قىيناقخانا ئاقسارايىنىڭ تېگىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىسمايىل خان دەسلەپتە مۇشۇ يەرگە نەزەربەند قىلىنغانىدى.

جاللاتلار قىزنىڭ كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، سويغان پىيازدەك يالىڭاچلاپ تاشلىدى. ئاندىن ئۇنى سىم دىن ياسالغان قاپقا سېلىپ، چېتىنغا ماڭغا كىرگەن بىر چىشى مۈشۈكنى سالدى. ئاندىن قوللىرىغا خوخا تىكەنگە ئوخشاش تىكەنلىك سەبەندىنى ئېلىپ، ھېلىقى مۈشۈكنى ساۋاشقا باشلىدى. بەدىنىگە تىكەن سانچىلغان مۈشۈك بىردىنلا غالجىرلىشىپ، دەھشەتلىك مىياڭلاشقا باشلىدى — دە، قىزنىڭ يۇمران بەدىنىنى تاتىلاشقا ۋە چىشلەشكە باشلىدى.

قىيناقخانىنىڭ ئىچىنى بۇ بىسيار ساھىبجامال، باكىر بىچارە قىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئىڭراشلىرى بىلەن غالجىر مۈشۈكنىڭ دەھشەتلىك مىياڭلىغان ئاۋازلىرى قاپلىدى.

ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ ئاۋازلىرى ئارىسىدىن قەبىھ ھايات كۆشەندىلىرى بولغان بۇ جاللات سوپىلارنىڭ خىرقىراپ كۈلگەن زەھەرلىك كۈلكە ئاۋازلىرىمۇ پات - پات ئاڭلىنىپ قالاتتى. . .

ئاخىر بىچارە قىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئىڭراشلىرىمۇ، غالجىر مۈشۈكنىڭ دەھشەتلىك مىياڭلاشلىرىمۇ ئاڭلانمىدى. سىم تور قاپنىڭ ئىچىگە بەند قىلىنغان قىزمۇ، مۈشۈكمۇ ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كېتىشكەنىدى. . .

قىز ئۆز ئاشىقىنىڭ ئىسمىنى زادىلا ئاشكارىلىمىدى. . .

قازارا، قىز ئاخىر ھوشىغا كەلدى. بۇ چاغدا جاللات سوپىلار ئۇنى سىم تور قاپنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ ياغ بولدۇقلاپ قايناپ تۇرغان داشقازاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكەنىدى.

قىز جاللاتلارنى ئىتتىرىۋەتتى — دە، ئاندىن پۈتۈن كۈچىنى

www.bilnur.com

يىغىپ تۇرۇپ مۇنداق نىدا قىلدى:

باشىڭ كېتەر دېمەگىل، قورقۇتۇپ مېنى زاھىد،
مۇھەببەت ئەھلىنى ئىستەرەم تا ئاياغىم بار.
زەلىلى ھېچ خەزىنە نەزەرگە كەلمەيدۇ،
جەۋاھىر يوقاتىپمەن ئانى سوراغىم بار[1].

— ئەي ئاسىي بەندە، ئۆلۈم ھەلقۇمىدا تۇرۇپمۇ يەنە «ئىشق- مۇھەببەت» دەپ بىلجىرلايسەنغۇ؟ — دەپ قەھر قىلدى خېنىم پادىشاھ، — ئېيتە، ئېيتساڭ ئەركىنلىككە چىقىسەن! بولمىسا، قايناق ياغدا قورۇلۇپ، نەسلى ۋەسلىڭ تۈگەيدۇ!

قىز مەردانىلەرچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئى شەددات، بىلەمسەن، مېنىڭ يۈرىكىم مۇھەببەت ئىلكىدىلا ياشنايدۇ. مۇھەببەت ئىلكىدىن ئايرىلسا، ھېلىغۇ سېنىڭ بۇ پاسىق ئورداڭ ئىكەن، جەننەتمۇ ماڭا ھارام بولىدۇ! - دېدى — دە:

نەسلى جاھاندا قالمىدى دېمەڭ، تەلبە زەلىلىنىڭ،
ئۆلگەندىن كېيىن ھەر غەزەلدىن بىر ئوغۇل![2]

دەپ نەزمە ئوقۇغىنىچە قايناۋاتقان ياغقا باتۇرلارچە سەكرىدى. قازاندىن پاژژىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن تەڭلا يوغان بىر

① يەشمىسى: «ئەي سوپى مېنى بېشىڭ كېتىدۇ دەپ قورقۇتما، پۈتۈملا قالىدىكەن مۇھەببەت ئەھلىنى ئىزدەيمەن. مەن زەلىلى ھېچقانداق خەزىنىنى كۆزگە ئىلمايمەن. چۈنكى مەن گۆھەر يوقاتتىم، شۇنى ئىزدەيمەن.»
② يەشمىسى: «نەسلى قالمىدى دېمەڭلار بۇ تەلۋە زەلىلىنىڭ جاھاندا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ھەر غەزىلىدىن بىر ئوغۇل تۇرىلىدۇ.»

www.bilnur.com

پارچە ئوت كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، قىيناقخانىنىڭ تۈرۈسىغا تۇتاشتى[1]...

*　　　*　　　*

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بىز زەينەپ بىبى پاجىئەسى ھەققىدىكى بۇ سەھىپىنى ھازىرچە مۇشۇ يەردە توختىتىپ تۇرۇپ، خېنىم پادىشاھ ھەققىدە ئاز ـ تولا مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتۇق.

مىلادى 1678 ـ يىلى (ئات يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئاپاق خوجا ئىلىدىن باشلاپ چىققان جۇڭغارىيە قالماقلىرى سەئىدىيە خانلىرىنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن بىرى بولغان ئىسمايىل خاننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئاقسۇ چۆلىدە قاتتىق سوقۇشتى. كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بولغان ئىككى تەرەپنىڭ قانلىق ئۇرۇشى ئاخىر سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولۇشى بىلەن نەتىجىلىنىپ، نۇسرەت قۇشلىرى ئىسمايىل خان قوشۇنىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان جۇڭغارلار سېپىدە پەرۋاز قىلدى. ئۇرۇشتا، ئىسمايىل خان ئېغىر يارىلانغانلىقتىن جۇڭغارلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالدى ۋە ئاۋۋال يەكەندىكى ئاقسارايدا نەزەربەند قىلىنىپ، كېيىن جۇڭغارىيىگە ھەيدەپ كېتىلدى.

بۇ چاغدا، ئىسمايىل خاننىڭ ئەڭ كىچىك قىزى زەينەپ بىبى ئەمدىلەتىن ئىككى ياشقا كىرگەن بولۇپ، بىر نەۋرە ئاچىسى، ئاپاق خوجىنىڭ توقىلى — مۆھتىرەم خېنىمنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقانىدى.

[1] «بۇرقۇم ئەۋلىيا» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، داشقازاندىكى قايناق ياغقا سەكرىگەن بۇ زەينەپ بىبى شۇ چاغدا 18 ياشتا ئىكەن. ئۇ شائىر زەلىلىگە غايىۋانە ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاپ يۈرگەنلىكتىن خېنىم پادىشاھ تەرىپىدىن قايناق ياغقا مەجبۇر قىلىنغانىكەن.

www.bilnur.com

زەينەپ بىبى گەرچە دادىسى ئىسمايىل خاننى ئىسگە ئالالمىسىمۇ ئەمما ئىنىكئانىسى بىلەن ئەتكەسىدىن دادىسى ئىسمايىل خاننىڭ ئىلىدا — قالماقلار قولىدا تۇتقۇنلۇقتا ياشاپ، كېيىن قالماقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. كىچىك دادىسى مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ ئۆز ئۆيىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن جەسىتى ئۇنىڭ مەسۇمە قەلبىدە غۇۋا ئىز قالدۇرغانىدى. كېيىن ئۇ بارا ـ بارا ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولغاندا، ئۇ يەنە قالماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن دادىسى ئىسمايىل خاندىن تەختنى تارتىۋالغان، مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ قاتىلى بولغان مەلئۇن ئاپاق خوجىنىڭ ئوردىسىدىكى سان ـ ساناقسىز قانلىق پاجىئەلەرنىڭ ئۆتمۈشىنى ئاڭلىدى. بەزىلىرىنى بولسا ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

دېمەك، بۇنداق پاجىئەلەرنى تولا ئاڭلاپ، تولا كۆرۈپ چوڭ بولغان زەينەپ بىبى قىسمەتنىڭ چاقچىقىدىن تولا ھەيران قالمىدى. چۈنكى ئۇ، «گۈلىستان» دىن مۇنداق بىر نەزمىنى ئوقۇغانىدى:

يىللار چەكسىز، پايانى يوق، ھايات بەك ئۇزۇن،
جاھاندا خەلق بىشىمىزدىن ئۆتمەك ئىستەر.
قولدىن قولغا ئۆتۈپ شاھلىق بىزگە يەتتى،
بىزدىن يەنە باشقا قولغا شۇنداق ئۆتەر!

بۇ ئەسلىدە خىسراۋپەرۋىزنىڭ تاجىغا يېزىلغان نەزمە بولۇپ، ھازىرقى ئەھۋالنى سۈرەتلەپ بېرىشتە بۇنىڭدىن ئوبرازلىقراقىنى تاپقىلى بولمايتتى.

زەينەپ بىبى ئەتكەسىنىڭ قولىدا ساۋاق ئېلىپ، خەت ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن سوپى ئاللايارنىڭ ۋە خاراباتىنىڭ

www.bilnur.com

ئىسىيانكارلىقتا تولغان مەسنىۋىلىرىنى، غەزەللىرىنــــى ئوقۇپ بىدئىي بەھر ئالىدىغان بولدى. نەۋائى خەمسەلىرىنى ئۇ قولىدىن زادىلا چۈشۈرۈپ باقمايتتى.

ئۇ خۇددى شورلۇق يەردە ئۆسۈپ چىچەكلەپ مېۋە بەرگەن يېمىش دەرىخىدەك، ئۆزىمۇ غەزەل يېزىشنى مەشىق قىلىشقا، قەغەز يۈزىگە ئۈنچە ـ مەرۋايىتتەك تىزىشقا باشلىدى. . .

ئاپاق خوجا خان بولغان زاماندا، قەشقەرىيىدە سوپىــى ئىشانلارنىڭ زىكرى ـ سۆھبىتى ۋە خوجىلار تەرىپىدىن تەرغىب قىلىنىدىغان خۇدايى ئىلىم غارايىپ، خۇدايى رىسالە ۋە خۇدايى نەپەس مۇبارەك دەپ ئاتىلىدىغان خۇراپاتلىقلار تولىــمۇ ئەۋج ئېلىپ، كەڭ راۋاجلاندى؛ باشقا ئىــلمىــي ئىــجادىيەت، پۈتۈكچىلىك، قەلەمكەشلىك، دىۋان كىتاب، رىسالە ئۇلام ـ خەت، نەزمە ـ قوشاق، تارىخ ـ سالنامە، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، مۇھەندىسە، ئالخىمىيە، ئالجىبىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىســى خوجىلار تەرىپىدىن «كۇپرانىلىقى ئايان، جەدىتى بايان» دەپ قارىلىنىپ قاتتىق تەقىپ قىلىندى.

كېيىنكىلەر تەرىپىــــدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان «بۇرقۇم ئەۋلىيا» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، «. . . ھەزرىتى ئاپاق خان خانلىق قىلغان زاماندا، خانلىق مەدرىسلەر، مەھكىــمەئىــى شەرئىلەر، خانلىق، بەگلىك ئوردىلار ۋە مەرىپەتخانىــلاردا، ئەللامە، ئۆلىما، قازىكالانلارنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىدا بۇت ـ ھەيكەل، كۈي ـ مۇسىقىيۇن، نەققاش، چاپــى، ئويما. . . قاتارلىق مۇلكىي ھاراملارنى پەيدا قىلغۇچى، تارقاتقۇچى جاي، ئورۇن ۋە كىشىلەر ئىلكىدىكى ‹نۇسەندە›، ‹سەنناسە› لەرنى ۋە دەھرىيلەر دامىدىكى كىتاب ـ رىسالە، شەكىل ـ يازما، قەلەم قۇيىبلىرىنى پاك زېمىندىن تازىلىماق، ئەھلى مۇسۇلمانلارنى ئۇ خىل ئازغۇن ۋە قەلىمىي لەنەت كۇپۇرلار دامىدىن تازىلىماق،

www.bilnur.com

ساقلاپ قالماق- خۇدا رىزالىقى ئۈچۈن ۋاجىپ قىلىنغان ئىردى. . . »

*　　　　*　　　　*

بۇ يىل يەكەن ۋادىسىدا باھار ھەر يىلقىدىن بالدۇر كەلدى. تەبىئەتنىڭ مول نېمەتلىك سېخىي داستىخىنى ھەممە جايغا تەڭ سېلىنغانىدى. تاڭ شامىلى ۋادىغا زۇمرەتتىن زىلچا- گىلەملەرنى سالغان بولۇپ، زېمىن ئىنىكئانىسى، باھار بۇلۇتلىرى ئۆزىنىڭ بىسيار رەھمىتى ۋە ئوغۇز سۈتى — باھار يامغۇرى بىلەن زېمىن بۆشۈكىدىكى ئۆسۈملۈك قىزلىرى پەرۋىش قىلىۋاتاتتى؛ زېمىن ئەتكەسى — ئىللىق قۇياش ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرى بىلەن كائىناتنى ئىسسىتىپ، زېمىن قوينىدىكى جىمى جانلىقلارنى ئويغاتقانىدى. دەرەخلەر نورۇزلۇق كىيىم بىلەن ياپيېشىل ياپراق تون بىلەن كىيىندۇرۇلگەن، ئۈششاق باللىرىنىڭ شاخ- پۇتاقلىرىنىڭ بېشىغا باھار پەسلىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن گۈل- چېچەكلەردىن تاجلار قويۇلغانىدى.

ھەر يىلى ئادىتى بويىچە، بۇگۈن زەينەپ بىبىمۇ باھارنىڭ يېقىشلىق ھاۋاسىغا قېنىش ئىستىكىدە، ئۆزىنىڭ دوست- يارەنلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا چاھارباغقا — باھار سەيلىسىگە چىققتى.

چاھارباغدا رەڭگارەڭ گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان، گۈل شاخلىرىدا بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ زوق- شوخ بىلەن سايرىشىپ تۇراتتى. شاتۇتىلار خۇش ئاۋازدا: «مەرھەمەت، مەرھابا» دېگەن سۆزلەرنى زېرىكمەستىن تەكرارلىشىپ چۇرۇقلىشاتتى.

قىشمۇ- ياز كۆكىرىپ، بىر- بىرى بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن سەرۋى دەرەخلىرى، بۈك- باراقسان چىنارلار كۆكۈچ

www.bilnur.com

قۇم تۆكۈلگەن ئەگرى ـ بۈگرى باغ يوللىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سايە تاشلاپ قەد كۆتۈرۈشۈپ تۇراتتى.

چاھارباغنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزىل گۈللەر ئورالغان بىر شىپاڭ بار ئىدى. سۈزۈك بۇلاق سۈيى شىپاڭنى ئايلىنىپ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئېرىقتىكى سۇ يۈزىنى قىزىل گۈل بەرگىلىرى قاپلىغانىدى.

باغ ئىچىدە سەيلە قىلىشىۋاتقان قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرى پۈتۈن چاھارباغنى بىر ئالغانىدى. ئۇلار سەيلە قىلىشىۋېتىپمۇ نىمىلەرنىدۇر تالىشاتتى. سىخىي تەبىئەتنىڭ بۇ مول ئىنئاملىرىدىن بەھر ئېلىپ ھۇزۇرلانغان قىزلار مۇشۇ تاپتا زادى ھارغاندەك ئەمەس ئىدى.

— قىزلار، كېلىڭلار، شىپاڭدا دېمىمىزنى ئالغاچ ئەنجۇ ـ مەنىمىزنى داۋاملاشتۇرايلۇق، — دېدى زەينەپ بىبى شىپاڭغا قويۇلغان كۈرسىتا ئولتۇرۇۋېتىپ.

قىزلار چۇرقىرىشىپ شىپاڭدىكى كۈرسىلاردا ئولتۇرۇشتى. شۇ ئەسنادا دىلارام ئىسىملىك بىر قىز قالغان قىزلارغا شوخلۇق قىلىپ كۆزىنى قىسىپ قويدى — دە:

— بېگىم، ھارمىغانلا، ماقۇل كۆرسىلە، مېنىڭ سىلىگە بىر مۇشائىرەم بار، — دېدى.

— مەرھابا، تەيياردۇرمەن، — دېدى زەينەپ بىبى جاۋاب بېرىپ.

دىلارام:

بىناگاھ كەلدى گۈلنى كۆردى بۇلبۇل،
ئېچىلىپ لەخشە يەڭلىغ، ھەر قىزىل گۈل[①].

---

① خىرقىتى: «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»

www.bilnur.com

دەپ مۇشائىرە ئوقۇۋىدى، زەينەپ بىبىمۇ دەرھال:

گىرەلىك غۇنچە مىسلى لەئلى مارجان،
يېزىلغان گۈل كەبى مەشۇقى خەندان![1]

دەپ مۇشائىرە قىلىپ جاۋاب بەردى — دە، ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ بىر مۇشائىرە ئوقۇدى:

ئېنىڭ ھەر غۇنچەسى چۈن قەددى دىلبەر،
ئېسىدىن ھەر تەرەپ گۈلشەن مۇئەتتەر.[2]

دىلارام بۇ مۇشائىرەگە دەرھال جاۋاب تاپالماي، تەمتىرەپ قالدى — دە، ياردەم قىلىڭلارچۇ، دىگەندەك قىلىپ باشقا قىزلارغا قاراپ قېلىۋىدى، ئاڭغىچىلىك شىپاڭنىڭ نېرىقى چېتىدىكى سەرۋى دەرىخىنىڭ كەينىدىن بىرەيلەننىڭ:

جامالى شۇئىلەسى كۆزنى قاماتۇر،
چۇشۇپ ئەكسى سارىغ يۈزنى قىزاتۇر!

دىگەن جاۋابى ئاڭلاندى. قىزلار قارىۋىدىكى، سەرۋى دەرىخىنىڭ كەينىدىن 22 ـ 23 ياشلاردا بار، قامەتلىك بىر يىگىت مۇرىسىگە كەتمەن سالغان ھالدا چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ.

يىگىت خانقىزلارغا بېشىنى ئېگىپ سالام بەردى. ناتونۇش يىگىتنى كۆرۈپ يۈزلىرىنى دەرھال يىپەك رومال كەينىگە يوشۇرۇشقان بۇ شوخ قىزلارمۇ يىگىتنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىشىپ، جاۋابەن باشلىرىنى ئېگىشىپ نازاكەت بىلەن سالام قايتۇرۇشتى.

زەينەپ بىبى يىپەك رومال ئاستىدىن بۇ يىگىتكە ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالدى. ئۇ يىگىتكە قارىمىغان بولسىمۇ

① ② خىرقىتى: «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»

www.bilnur.com

بىر نۆرى ئەمما ئۇ قارىۋىدى، ئەندىككىنىدىن قولىدىكى قىزىل گۈلنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكىنىنى تۇيمىدى. قىزلار زەينەپ بىبىنىڭ ئۆزى بەدھال، ئەقلى لال بولۇپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى.

يىگىت بۇ چاغدا ئاللىقاچان قىزىل گۈللەر ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولغانىدى. پەقەت يىراقتىن ئۇنىڭ نەزمە ئوقۇغان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى:

لەبىڭ خالىنى كۆرگەچ تەن ئۆيىدە ناتەلۇن كۆڭلۇم،
قۇشىدۇركىم قەپەسىدە تەلپۈنۈپ كۆپ ئىزتىراپ ئەيلەر.
سېنى لەيلىئى رەنادەك ئاجايىپ دىلرەبا دەرلەر،
مېنى مەجنۇن ھەيراندەك كويۇڭدا بىر گادا دەرلەر.①
. . . . . . . . . . . . . . . . . .

يىگىتنىڭ ئاۋازى بارا - بارا يىراقلىشىپ ئاڭلانمىدى.

يىگىت كەتكەندىن كېيىن خىجىللىق ئىلكىدىن تېخى ھازىرلا ئازاد بولغان قىزلار-يەنە بايىقىدەك پۈتۈن چاھارباغنى بېشىغا كىيىشىپ شوخلۇق، تەننازلىق قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، زەينەپ بىبى تېخىچىلا : «بۇ يىگىت كىمدۇ؟ نەزمە - غەزەلنى خۇددى زەلىلىدەكلا ئوقۇيدىكەنغۇ؟» دېگەن خىيالنىڭ ئىلكىدە ئىزتىراپقا چۈشكىنىچە تۇراتتى. ئۇ قىزلارنىڭ تالاش - تارتىشلىرىغا ئارىلاشماي ھېلىقى يىگىت ئوقۇغان غەزەلنى كۆڭلىدە مۇتالىيە قىلماقتا ئىدى.

— بېگىم، زەينەپ بىبى، — دەپ ئاستا چاقىردى دىلارام ئۇنى ئەمما زەينەپ بىبى ئۇنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىمىدى.

— ھە؟! — دەپ بېشىنى كۆتۈردى ئۇ دىلارامنىــــڭ

① زەلىلى: «غەزەللەر».

www.bilnur.com

ئىككىنچى قېتىم ئۆز ئىسمىنى چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ.

— بېگىم، دىلەيسە: «قىزىل گۈل ئەسلى ئاق يارىتىلغان ئىكەن، مەن بۇ گەپنى بېگىمدىن ئاڭلىغان» دەيدۇ. بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمىدۇق. بۇ گەپ راستمۇ؟

زەينەپ بىبى ئەمدى ئۆزىگە كەلدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— شۇنداق، نەۋائى ھەزرەتنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن كىتابىدا شۇنداق دېيىلگەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— مەنمۇ ئول ھەزرەتنىڭ كىتابىنى ئوقۇغانىدىم، بىراق نېمىشقىدۇر، ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن. نەۋائى ھەزرەت قانداق دېگەن بولغىيتتى — ھە!؟

— نەۋائى ھەزرەتنىڭ دېيىشىچە، — دېدى زەينەپ بىبى ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئاللا قىزىل گۈلگە جەننەتتىن ئورۇن بەرگەندە، ئاق رەڭدە ئىكەن. لېكىن، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ سالغانلىقتىن، قىزىرىپ كېتىپ، قىزىل بولۇپ قالغانىكەن!

بۇ چاغدا كۆن چاشگاھ بولۇپ قالغانىدى. زەينەپ بىبى كۈنگە قارىۋېتىپ:

— قىزلار، بولدى قىلايلىيا، ھېرىپ قالدىم. سىلەرمۇ ھاردىڭلار، ئەمدى ئوردىغا قايتايلى، كەچ قالساق، خېنىم پادىشاھ كايىپ كېتىدۇ، — دېدى.

ئۇلار باغدىن چىققاندا، مەپىكەشلەر شاھانە مەپىلەرنى تەييار قىلىشىپ تۇرۇشقانىدى. زەينەپ بىبىلەر مەپىگە چىققاندا، باغنىڭ ئىچىدىن ھېلىقى يىگىت ئوقۇغان غەزەل ئاڭلاندى:

باھارى ئارەزىڭ تاپتىڭ ئەمدى خەت چىقسۇن،

www.bilnur.com

بى رەڭگى ئەرغۇۋانى، ياسمەن ئەلبەتتە، ئەلبەتتە.[1]

باغنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ غەزەل ئوقۇغان بۇ يىگىت ئەسلى يەكەن دىيارىلىق مۇھەممەت سىدىق دېگەن يىگىت، بولۇپ شۇ زامانلاردا زەلىلى دېگەن نام بىلەن ئەمدىلەتىن تونۇلۇۋاتقان ياش نازىمىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ يەكەندىكى كاتتا بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ بىلىم ئالغان بولۇپ، بەدىئىي ئەدەبىياتقا كىچىكىدىنلا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغانىدى. ئۇ ئۇيغۇر ۋە شەرق ئەدەبىياتىنىڭ نامەيەندىلىرى بولغان سەككاكى، جامى، نەۋائى، خىرقىتى قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ خەمسە ـ غەزەللىرىنى پىششىق ئوقۇپ يادلىغانىدى.

ئۇ ئىسمايىل خان زامانىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تۇغۇلغانىدى. ماھىر مۇغەننىلەر، تالانتلىق شائىر، نازىمىلار توپلانغان يەكەن دىيارى ياش زەلىلىنىڭ يۇمران نازىملىق تالانتىنى، مۇغەننىگە بولغان ئىشتىياقىنى يېتىلدۇرگۈچى بۆشۈك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن شۇ چاغلاردا «تۈركىي ھۇنەرەست»[2] دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇن پاساھەتلىك شېئىر ـ غەزەللەرنى ئىجاد قىلىپلا قالماستىن، بەلكى «پارسىي شېكەرەست»[3] دەپ ئاتالغان پارس تىلىنىمۇ ھەم «ئەرەبىي ئەسەلەست»[4] دەپ تەرىپلەنگەن ئەرەب تىلىنىمۇ پىششىق، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغانىدى.

كېيىن بۇ ئەلدە ئاپاق خوجا يېغىلىقى بولۇپ ئۆتتى، سەئىدىيىلەر دۆلىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. جاھاننى خوجىلار زۇلمىتى قاپلاپ، قەشقەر زېمىنىنى ئىشان ـ سوپىلارنىڭ جاھالەتلىك تەپرىقاتلىرى بېسىپ كەتتى.

---

① زەلىلى: «غەزەللەر».

② «ھۇنەر ـ سەنئەت تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلى».

③ «شېكەردەك تاتلىق پارس تىلى».

④ «ھەسەلدەك شېرىن ئەرەب تىلى».

www.bilnur.com

گەرچە، ياش زەلىلى ئۆزىنىڭ قىزغىن، يارقىن ۋە خەلقپەرۋەر، ئاممىباب شېئىر - غەزەللىرى بىلەن تېزلا كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلغان بولسىمۇ ئەمما «ئاسمىنى كەڭ، زېمىنى تار، ئېتلىرى بەگ، ئادىمى خار» بولغان ئاشۇ يىللاردا ياش زەلىلىنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، ئەركىن سوقمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭدا مەشھۇر زىيارەتگاھلارنى تاۋاپ قىلىپ، ئۆز كۆڭلىنى بېزەش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئۇ «ئاھىنى بەلۋاغ، ئاياغىنى ئۇلاغ قىلىپ»، يەكەننى تەرك ئېتىپ قەشقەرگە كەلدى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ ھەزرەتتىكى چاھارباغقا قارايدىغان تاغىسى دەرۋىش سوپىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇشۇ باغقا باغۋەن بولۇپ ئورۇنلاشتى.

ئەمدى بۇ باغۋەن يىگىتنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولغان زەينەپ بىبى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ مۇھەممەت سىدىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان زەلىلى نامىدىكى نەزمە - غەزەللەرنى مۇشۇ يىگىت يازغانلىقىنى بىلگەنلىكىگە كەلسەك، بۇ كېيىنكى گەپ ئىدى...

* * *

زەينەپ بىبى پاجىئەسى پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بەزى كىشىلەر بۇ پاجىئەنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتىغىچىلىك بىلىپ بولغان ئىكەن. باشقىلارنىمۇ بۇ پاجىئەدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈردى...

شۇنداق قىلىپ، بۇ پاجىئەنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن گۇرۇھ - گۇرۇھ ئادەملەر قاتتىق ھاياجانغا چۆمدى. پۈتۈن قەشقەر تەۋرىمەكتە ئىدى. ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ زەينەپ بىبى پاجىئەسىگە ئېچىنغانلىقلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىشىپ، ئىچ- پۇشۇقلىرىنى چىقىرىشاتتى.

www.bilnur.com

بىسيار ساھىبجامال، باكىر شائىرە — زەينەپ بىبى ئۆز مەشۇقىنىڭ نامىنى ئاشكارىلىماي، مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆز ئاچىسىنىڭ — خېنىم پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە قايناق ياغقا سەكرەپ ئۆلگەنلىكى — ئاپاق خوجا سارىيىدا ئۇزاققىچە داۋام قىلىپ كەلگەن بۇ ياۋۇزلۇقنىڭ پۈتۈن پاجىئەلىك مەنزىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغانىدى. كىشىلەر مەرىپەت ۋە ئادالەتنىڭ كۈشەندىلىرى بولغان بۇ جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى بارغانسېرى ئېنىق تونۇشقا باشلىدى...

ھەققانىيەت تۈيغۇسىغا ئىگە ھەرقانداق بىر ئادەم مۇشۇ كەيپىيات ئىچىدە كۆيۈپ - پىشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زەينەپ بىبى ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان گۇناھسىز قۇربان، ئۇلۇغ قەھرىمان، يۈكسەك ئىنسانغا ئايلانغانىدى.

جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق: «ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنىڭ ئاياغلىرىدا چەيلىنىپ، خارۇ - زار بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا كىشىلەر تەرىپىدىن ئوخشاشلا ھۆرمەتلىنىۋېرىدۇ. بەلكى ئۇلار ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ۋە ئۆز ئەقىدىسىگە ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ، ھەرگىز تىز پۈكمەي مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ۋە ياكى قۇربان بولغانلىقى ئۈچۈنلا تېخىمۇ سەلتەنەتلىك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ مەغلۇپلارنى كۈيلىشىمىز غالىبلارنى تەقدىرلىشىمىزدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ!»...

* * *

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، نازىمى - غەزەلخانلارنىڭ زەينەپ بىبىگە ئاتاپ يازغان بېيىت - غەزەللىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ غەزەللەردە زەينەپ بىبىگە ئوخشاش مەردۇ - مەردانىلار كۈيلەنگەنىدى. ئاشىق - مەشۇقلار جەننەتۇل ماكاندا ۋىسال تاپقان قىلىپ تەسۋىرلەنگەنىدى؛ زالىم، رىياكار خوجىلار، جاللات

www.bilnur.com

سوپىلار ئاچچىق تىللار بىلەن سۆكۈلگەنىدى.
شائىرە زەينەپ بىبى پاجىئەسى ياش زەلىلىگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك قاينىغان زامان ئۈستىدىن نەشتەر قەلىمى ئارقىلىق مۇنداق دەپ قاتتىق شىكايەت قىلدى:

گەردىش روزىگاردىن تۈلكىنى دەي قەيىنئاتا،
تار زاماندىن دەغى خەرس ئىلە خوكنى ئەمەك.
كىمى ھەم ئۇتىدا كۆيسەلەر ئادەم ئاتا كەبى بۇ ئەل،
ئۆرتەردى باھارىمنى فۇرقەتىدىن جانىم كەبەك.[①]

قازارا، زەينەپ بىبى قايناق ياغقا باتۇرلارچە سەكرەپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىسيانكارلىق ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان تىخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئويغىنىشىغا سەۋەبچى بولغان بولسا؛ ۋەھالەنكى، يەھيا خوجىنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە ھەلقۇم تىغ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى — كېيىنكى چاغلاردا ئاقتاغلىق مەزھىپىدىكى خوجىلار بىلەن قارا تاغلىق مەزھىپىدىكى خوجىلار ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ۋەھشىي تەپرىقات - جاڭجالغا سەۋەبچى بولدى.
بۇ بەدنىيەت خوجىلارنىڭ مەزھەپ - تەپرىقاتچىلىقلىرى قەدىمدىن تارتىپ شانلىق يىلتىز مەنبەسىدىن ھاسىل بولغان، بىرلىك - ئۆملۈك، ئويۇشقاقلىق خىسلىتىنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق، تېخىمۇ پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچار قىلدى. . .

---

① يەشمىسى: دەۋر تىرىكچىلىكى تۈپەيلىدىن تۈلكىنى قېيناتا دەي،
زامان تارلىقىدىن تىلىم تۈتۈلدى توڭگۇزنى ھامما دەي.
بۇ خەلق زامانە ئۇتىدا كۆيسە ئادەم ئاتىدەك،
جۇدالىق ئوتى ئۆرتىدى باھارىمنى، بۇ يىغانى كىمگە دەي.

www.bilnur.com

* * *

خېنىم پادىشاھ يەھيا خوجىنى ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە قەتلى قىلىپ، سەلتەنەتنى تەنھا ئىگىلەش مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز خاھىشى بويىچە ماڭغۇزدى. ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈشىمۇ تامامەن ئۆزىنىڭ مەرتىۋە ـ ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بۇ مەقسەتكە يەتكەندەك بولدى. ئۇ «تەدبىرلىك، پاراسەتلىك» ، «تىرىشچان، ئىش بىلەرمەن» «شاھىسانىيە» سۈپىتىدە پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيە ھودۇتلۇقىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مۇلكىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى يىراق ـ يېقىن ئەللەردە ھەممىگە تونۇشلۇق مەشھۇر ئايال ھۆكۈمرانغا ئايلاندى. ئەتراپتىكى مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇنى تەبرىكلەپ ئەلچىلەر ئەۋەتتى. مەملىكەت ئىچىدە شېرىن زۇۋان، ئىش بىلەرمەن سۇخەنچى شائىرلار ئۇنىڭ شەنىگە ئاتاپ قەسىدىلەرنى توقۇشتى. ئەمما، خېنىم پادىشاھ مۇلكىي قەشقەرىيىدە باسقاقلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغان جوڭغار شاھنەسى — قاراخان چاغانتاشنىڭ تەكەببۇرلۇقلىرىنى ۋە ئۆز بېشىمچىلىقلىرىنى يوقىتالمىدى. مەسچىتلەردىكى خۇتبىلەر خېنىم پادىشاھنىڭ نامىدا جاكارلىناتتى. ھاكىمىيەتمۇ ھەر ھالدا خېنىم پادىشاھنىڭ نامىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقانىدى. بىراق، خېنىم پادىشاھنىڭ سەلتەنەت سۈرى قانچىلىك قۇدرەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى جوڭغار شاھنەسىنىڭ قۇدرىتىمۇ شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىدى. چۈنكى، جوڭغار خانى غالدان خېنىم پادىشاھتىن ئۆزىنىڭ خاقانىي چىن كاشى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان سوقۇشلىرىنى تېخىمۇ كۆپ تەڭگە پۇل بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلاتتى.

مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئاپاق خوجىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن

www.bilnur.com

ئىسيانىدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان خېنىم پادىشاھ ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭغار شاھنەسى — قاراخان چاغانتاش بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى. چۈنكى، چاغانتاش ئۇنىڭ ئاپاق خوجا جەمەتىنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىدا ھەمدەم بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ كۆرەڭلەشكە ھەقلىق ئىدى. ئۇنىڭغا تايانمىغاندا، خوجا يەھيا تەرەپدارلىرىنىڭ بىر كېچىدىلا ئۇنىڭ تەخت - بەختىنى كۇكۇم - تالقان قىلىپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن پەقەت قاراخان — چاغانتاشلا ساقلاپ قالالايتتى. ئەمما، بۇ قالماقلارنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ خوجا يەھيادىن رايى قايتقان قارا خانىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىدىنمۇ كۆڭلى قالماسلىقىغا كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟! مۇشۇنداق بىر ۋەھىمە ئۇزاقتىن بېرى ئۇنى ۋە ئۇنىڭ جىسمىنى توختاۋسىز كۆيدۈرمەكتە ئىدى. خېنىم پادىشاھ مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، تۇيۇقسىز: «بالا - قازا ۋەھىمىسى ئىچىدە بولغاندىن كۆرە، بالا - قازانىڭ ئىچىدە بولغان ياخشىراق» دېگەن بىر ئاجايىپ ياخشى ماقالىنى ئېسىگە ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ جۇڭغارلار بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشەندى...

* * *

بۇ مەزگىللەردە خاقانىي چىن كۆك يايىق[1] دالاسىدىكى جۇڭغار ئېلىگە كەڭ كۆلەمدە ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرىنى قوزغىغان مەزگىل ئىدى. 〔مىلادى 1695 - يىلى قەمەرىيە 2 - ئايدا ۋە مىلادى 1696 - يىلى قەمەرىيە 5 - ئايدا خاقانىي چىن

① كۆك يايىق دالاسى - جۇڭغارىيە دالاسىنىڭ قەدىمكى نامى.

www.bilnur.com

كاڭشى① ئىككى قېتىم يۈز مىڭ قارا چېرىككە قوماندانلىق قىلىپ جۇڭغار خانى غالدانغا ھۇجۇم قىلدى. (بولۇپمۇ كېيىنكى قېتىملىق ئۇرۇشتا خاقانىي چىن كاڭشىنىڭ قوماندانلىقىدىكى زور قوشۇن جۇڭغار خانى غالداننىڭ 30 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى زۇن مودۇن دېگەن جايدا تارمار كەلتۈرۈپ، تېرپېرەن قىلىپ تاشلىدى.

غالداننىڭ ئەلتۆكۈس مەغلۇپ بولۇشى — خېنىم پادىشاھنىڭ جۇڭغار قاراخانى چاغانتاش بىلەن بىرلىشىپ ھاكىمىيەت سوراش خام خىيالىنى بىتچىت قىلىپ تاشلاپ، جۇڭغارلارنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىدىكى ھاكىم بەگلىك ئورنىنى تەۋرىتىپ قويدى. قارا خان چاغانتاش ئەمدى ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا توغرا كەلدى. «دەرەخ ئۆرۈلسە، مايمۇن تاراپتۇ» دېگەندەك، ئىشقول ئىسيانىدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان خېنىم پادىشاھ ئەمدى ئۆزىنىڭ يۆلەنچۈكى دەپ قارىغان پاسىبانىدىن ئايرىلغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمدى كىممۇ ھامىيلىق قىلار ـ ھە؟ ! . . .

* * *

يەكەن ۋادىسىدا بۇ يىل كۈز بالدۇر كەلدى. ئەقرەب پەسلىنىڭ سۆرۈن ئاسمىنى ئاستىدىكى پايانسىز دالا كەچقۇرۇندىكى جىمجىتلىق ئىچىگە چۆككەنىدى. تومۇزدىكى تىنچىق ئىسسىق ئەمدى قۇيرۇقىنى ئاستىلا خادا قىلغان بولۇپ، داللاردا يازدىكى قىزغىن مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. توپا

① يەنى ئىسىنگور شۈەنيى، ئۇ مانجۇلار 1616 ـ يىلى سەددىچىننىڭ سىرتىدىن سەددىچىننىڭ ئىچىدىكى خەنزۇلار رايونىغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى ئەۋلاد خاقانىي چىن بولۇپ، 1662 ـ يىلىدىن 1722 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

www.bilnur.com

يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېگىزلىقلاردا مال - ۋارانلار توپ - توپ ئوتلىشىپ يۈرەتتى. بولۇق دان تۇتقان ئاق قوناقلار باشلىرىنى ئېگىپ مۇسىبەتتە تۇرغاندەك جىم تۇرۇشاتتى. كۆممىقوناقلار پىشىپ كېتىشكەن بولۇپ، قۇرۇپ قالغان شاخلىرى ئەنسىز شىلدىرلايتتى. ئۇچۇرتما بولغان قۇشقاچ باللىرى توپ - توپ بولۇشۇپ خۇددى بىر پارچە قارا بۇلۇتتەك ئۇيۇشۇپ، ئېگىزلىقتىن ئەنسىز هاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى — دە، ئارقىدىن يەنە توپا - چاڭ بىلەن تولغان يوللارغا قونۇشاتتى. چۆپلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن بۆدىنىلەرنىڭ سايرىغان ئاۋازلىرى هېلىدىن - هېلىغا ئاڭلىناتتى. نەدىندۇر بىر قاغا ئەلەملىك قاقىلداپ، يىراقتا ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى، كەچ چۈشۈپ كەتتى. تۈن قاراڭغۇسى زېمىنغا شىپقاپ يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئاخىرقى ئىككى يولۇچى شەهەرگە كىرىپ بولۇشى بىلەن تەڭ، شەهەرنىڭ قالغان دەرۋازىسىمۇ گۇلدۇرلەپ تاقالدى. بۇ ئىككى يولۇچى شەهەرگە كىرگەندىن كېيىن گىرىمسەن گۇگۇم يورۇقىدا پۇسۇرلاپ ئۇدۇل غەدىگەرلىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار غەدىگەرلىككە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەتراپقا بىر - ئىككى قارىدى — دە، شۇبهىلىك بىرەر ئىشنى سەزمىگەندىن كېيىن دەرهال «دەھمى شاهان» مازىرىغا كىرىپ كېتىشتى. مازارلىقتا ئۇلارنى كەيپ قىلىپ ئولتۇرۇشقان بەش - ئالتە ئادەم ساقلاپ ئولتۇرۇشاتتى.

— هېلىم دىۋانە، هەجەپ ۋاخ قالدىڭلارغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى، — بىز تېخى سىلەرنى تۇتۇلۇپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرغان!

— خۇپىيەلەردىن قېچىپ ئەگىپ ماڭدۇق، — دېدى هېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرى، — هەرنە قىلىپ يۈرۈپ، شەهەر دەرۋازىسىدىن ئاران كىرىۋالدۇق دېگىنە، قېنى، قەييۇم سوپى،

www.bilnur.com

چىلىمىڭنى بىر چەكتۈرگىنە، خۇمارىم بەك تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ!
قەييۇم سوپى چىلىمنى خورلىتىپ - خورلىتىپ ھېلىم دىۋانىگە تۇتتى. ئۇ چىلىمنى قولىغا ئېلىپ، سەيخانىسىگە بىر پىنەك بەڭنى سېلىپ تازا شورىۋىدى، لاپىدە چوغلىنىپ مازارنىڭ ئىچىنى يوپيورۇق قىلىۋەتتى.
— بۇ يەردىكى ئىشلار قانداق بولدى؟ مىراخور بىلەن كۆرۈشەلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قولىدىكى چىلىمنى ھەمراھىغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ.
— كۆرۈشتۇق، ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇگۈن ھەرەمدە بەزمە بولۇۋېتىپتۇدەك، — دېدى قەييۇم سوپى.
ھېلىم دىۋانە بۇ گەپنى ئاڭلاپ:
— تەييارلىق پۈتكەن بولسا، تۈن نىسپىدىن كېيىن قول سالىمىز ئەمىسە! — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا.
بۇ ھېلىم دىۋانە دېگەن كىشى قەشقەردىكى يەھيا خوجىنىڭ خەلىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ، يەھيا خوجا ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەھمەت خوجىنى سەمەنگە قاچۇرۇپ يوشۇرۇپ قويغان كىشى ئىدى. كېيىن خېنىم پادىشاھ تەرىپىدىن قەشقەرگە ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن سەييىد بەگنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغۇچىمۇ شۇ ئىدى. سەييىد بەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن خېنىم پادىشاھ موللا ساقىنى قەشقەرگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. ھېلىم دىۋانە ئەھمەت خوجىنى يوشۇرۇپ قويغان يېرىدىن ئېلىپ كېلىپ، قەشقەردە خان قىلىپ كۆتۈرگەندە، موللا ساقى يەكەنگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ بىر مەھەل يەكەندە خېنىم پادىشاھ پادىشاھلىق قىلىدىغان، قەشقەردە ئەھمەت خوجا پادىشاھلىق قىلىدىغان، مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئىككى پادىشاھ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئاشۇ ئەھمەت خوجىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، خېنىم پادىشاھنى قەستلەپ

www.bilnur.com

ئۆلتۇرۇش ئىشىغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر ئادەمنى ئېلىپ يەكەنگە كەلگەنىدى.

تۈن نىسبىدىن ئىككى ھەسسىسى ئۆتۈپ، بىر ھەسسىسى قالغاندا، ئۈستىگە قارا پالاس ئارتىۋالغان يەتتە ـ سەككىز قارا سايە غەدىگەرلىكتىن چىقىپ ئۇدۇل مۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ ئاقسارايىنىڭ كۇنگۈرىلىك ئېگىز سېپىلى ئاستىغا يېتىپ كېلىشتى. سېپىلدىكى ساقچىلار غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇشقان بولۇپ، ھېچبىر جان ئىگىسى مىدىرلىمايتتى.

ھېلىم دىۋانىلەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشىپ، بەللىرىدىن ئارقانلىرىنى يېشىشتى. ئۇلار ئارقانىنىڭ بىر ئۇچىنى ھالقا قىلىپ قەسىرنىڭ كۇنگۈرىسىگە ئاتتى. ئارقان ھالقىسى ئۇگەككە كىيىلگەندىن كېيىن يەنە بىر ئۇچىنى بەللىرىگە مەھكەم باغلاپ ئېگىز تامغا ياماشقىلى تۇردى. ئۇلار ھەس ـ پەش دېگۈچىلىك ئارىلىقتا قەسىر تېمىغا مۇشۇكتەك يامىشىپ چىقىپ بولۇشتى. بۈگۈن ئاقسارايدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بەزمىدە مەي ـ شاراب ئىچىپ، مەست بولۇشۇپ، ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىشقانىدى. ساقچىلارمۇ مەست ئىدى. ئۇلار ھېچ ئىشتىن بىخەۋەر جاھاننى تىترىتىپ ئۆرۈۋەتكۇدەك قىلىپ خورەك تارتىشىپ ئۇخلاشماقتا ئىدى.

ھېلىم دىۋانىلەر ھەرەمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىشكەندە، دۈشمەن ئىچىدىكى سادىق ئادىمى مىراخور ئۇچراپ، ئىشىكنىڭ ئىچىدىن بۇزۇلغانلىقىنى ۋە خابگاھقا كىرىش مۇمكىنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلار بۇزۇلغان ئىشىك ئارقىلىق ئاسانلا ھەرەم ئىچىگە كىرىۋالدى ۋە دالاندا قاراڭغۇدا تەمتىلەپ يول ئىزدەپ ئاخىر خابگاھنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كېلىشتى ۋە ئىشىكنى يېنىك ئىتتىرىپ ئېچىپ ئىچكىرىسىگە كىرىۋېلىشتى. بۆلىنىمنىڭ پەنجىرىلىرى تاقالمىغان، يىپەك پەردىلەر مەيىن تۈن

www.bilnur.com

شامىلىدا يېنىك ئۇچۇپ تۇراتتى. قېلىن، يۇمشاق گىلەم، ئەتلەس - مەخمەلدىن تىكىلگەن ماتۇق ئورۇن - تۆشەك ئۈستىدە غەرق مەست بولغان يوغان بىر گەۋدە قېتىپ ئۇخلىماقتا ئىدى. ئۇ قالماق قاراخانى چاغانتاش ئىدى. پەنجىرە تۈۋىدىكى تۆشەكتە ئاپاق ياستۇققا قارا سۇمبۇل چاچلىرىنى يېيىپ، يېنىك تىنىپ خېنىم پادىشاھ جىمجىت ئۇخلاۋاتاتتى. خابگاھ ئىچىدە ئۇ ئىككىسىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.

دىۋانىلەر دەرھال ئۇ ئىككىسىنىڭ باش ۋە ئاياغ تەرىپىگە ئۆتۈشتى. بۇ چاغدا، ھېلىم دىۋانە «تىنۋش چىقارماڭلار!» دەپ ئىشارەت قىلدى — دە، قولىدىكى زەھەر يالىتىلغان خەنجىرىنى چاغانتاشنىڭ كانىيىغا بىر سۇرۇپلا بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ ئىش شۇنداق تېز يۈز بەردىكى، قاراخان چاغانتاش ھەتتا ئىڭراشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، بىر - ئىككى پۇت ئاتقىنىچە قاتتىق خارتىلداپ يېتىپ قالدى.

خانە ئىچىدىكى خارت - خۇرتتىن چۆچۈپ ئويغانغان خېنىم پادىشاھ بۇ ۋەھشەتنى كۆرۈپ، مەڭدەپ قېتىپ قالدى. بۇ چاغدا، ھېلىم دىۋانە يېنىدىكىلەرگە: «تۇت مۇنۇنى !» دەپ بۇيرۇق قىلدى. دىۋانىلەر خېنىم پادىشاھنى سىلكىپ ئاياغقا تۇرغۇزدى. ئۇلارنىڭ تۆمۈردەك پەنجىلىرىدە بىلەكلىرى مىجىلغان خېنىم پادىشاھ كارامەت بەك قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇ جۆيلۈپ بىرنەرسىلەرنى دەيتتى. ھېلىم دىۋانە خېنىم پادىشاھنى زەھەرلىك ھەزىلە قىلىپ، ئۇنى دالانغا ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى.

خېنىم پادىشاھ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا يەردە ئولتۇراتتى. ئۇ ئەتراپىغا بىچارىلارچە مۆلدۈرلەپ قارايتتى. ئاخىر، ئۇ بېشىغا كەلگەن بۇ بالا - قازانى ئۇقتى — دە، تىلى كالۋالاشقان پېتى ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ، تىترەپ، ئۆز دۈشمىنىگە تىكىلدى. غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارىلەرچە مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارا

www.bilnur.com

كۆزلىرىدە قورقۇنچ، ۋەھىمە، زەئىپ يالۋۇرۇش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ئى ئوغلانلار، — دېدى ئۇ تىلى كالۋالاشقان ھالدا، — سىز . . . سىلەرگە نېمە . . . نېمە لا ـ لازىم؟ مەن ئاغچى بەگكە بۇيرۇپ، تىللا ـ كۇمۇش كەلتۈرەي، سىلەرنــــى ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنياغا كۆمۈۋېتەي، مېنى، مەن زەئىپنى ئۆلتۈرمەڭىزلەر!

— ئى لەنىتى مۇھتىرەم، نەپرەتلىك تەخت ئوغرىسى، ئىمانسىز شەددات، ئۆزىنــــى قالماققا تۇتۇپ بەرگەن بۇزۇق خوتۇن! — دېدى ھېلىم دىۋانە غەزەپ بىلەن، — پەيمانىڭنىڭ توشقانلىقىنى بىلدىڭمۇ؟ ھــە، سـاڭىمۇ جـان تاتلىق ئىكەن — دە؟! سېنىڭ ھېچنېمەڭ كېرەك ئەمەس. سېنىڭدىن پەقەت خوجىزادىمىز يەھيا خوجامنىڭ جان قەرزىنى تەلەپ قىلىمىز!

— ئى جاۋانمەردلەر، رەھىم قىلىڭلار! — دېدى خېنىم پادىشاھ يىغلاپ تۇرۇپ، — بۇ نېمە ئىشتۇر؟ مەن مەزلۇمە، زەئىپ كىشى سىياسەت كۇرسىــــدا ئولتۇرۇپ، تۇگىــــمەس دىشۋارچىلىققا قېلىپتۇرمەن! ماڭا رەھىمىڭلار كەلگەي. مەن نادان بۇنداق بولۇشنى نەدىن بىلەي؟ ئۆز ۋاقتىدا نى ـ نى ئەجدىھا سۇپەت كىشىلەرنى چۇمۇلىدەك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدىم. ئەلھال، ئەجەل ئەجدىھاسى غالىب كېلىپ، مېنىڭدەك ئەجدىھا ئۆلتۈرگۈچى تەخت ساھىبىنى چۇمۇلە سىياقىــــغا كەلتۈرۈپ قويدىلەرغۇ؟ تەدبىر ـ سىياسەتلىرىم ئالدىدا نى ـ نى شىــر سۇپەت، قاپلان سۈرلۈك ئەرەنلەر ئاجىز كەلگەن خېنىم پادىشاھ ئىدىم. ئەمدى قىساس شىرى ئەجەل پەنجىلىرىنى ئېچىــپ، ئارسلاندەك ئېتىلىپ كەلگەندە، توردىكى بىچارە قۇش بولدۇم؛

www.bilnur.com

بىر چاغلاردا جاھان چەرخىنى ئىككى بارمىقىمدا پىرقىراتقان، تەخت تەمەخورلىرىنى دىر - دىر تىترەتكەن شاھسانىيە مەن ئىدىم، ئەمدى تەخت قىساسخورلىرى ئۈچ - ئاداۋەت جىگىنى قوزغاپ، ئەجەل قوشۇنىنى ماڭا سىلىپتۇ. ئەمدى ئاھىم ئوتلىرىدىن چىققان تۇتۇندىن ئېيتايمۇ؟ بۇ شېرىن جان قەرزىنى بەرمەكنىڭ نەقەدەر ئازاب - ئوقۇبەتلىكلىكىنى ئېيتايمۇ؟! ئەمدى بىلدىمكى، شاھلىق تاجى ئەسلىدە لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوتلۇق چەمبەرگە ئوخشايدىكەن. ۋادەرىخا، سەلتەنەت تاجىنى ئارزۇ قىلىپ، تالىشىپ ئۆز قولۇم بىلەن بۇ بىرگىنە باشىمغا كىيگىنىم — ئەجەل ھەلقۇمىنى ئۆز قولۇم بىلەن بوينۇمغا سىرتماق قىلىپ سالغىنىم ئىكەن؟! ئەمدى بۇنىڭغا نېمىمۇ دەي؟!...

ھېلىم دىۋانە زارلىنىپ يىغلاۋاتقان خىنىم پادىشاھنىڭ سۆزىنىڭ ئايىغىنى كۈتمەستىنلا قولىدىكى قانلىق خەنجىرىنى ئۇنىڭ سول كۆكسىگە زەرب بىلەن ئۇردى. ئەمما، خەنجەر ئۆتمىدى! دىۋانىلەر ھەيران بولۇشۇپ، ئۇنىڭ يىپەك كۆڭلىكىنى يىرتىپ تاشلاپ قارىۋىدى، ئەسلىدە ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىن بەدىنىگە ھىم يېپىشىپ تۇرىدىغان پولات زىرىھ كىيىۋالغان ئىكەن. قەييۇم سوپى خىنىم پادىشاھنىڭ جۇببەسىنى قايرىپ ئۇردى. ھېلىم دىۋانە ئۇنىڭ ئىككى كۆكسىنىڭ ئارىسىغا ئىككىنچى قېتىم خەنجەر ئۇردى. خەنجەرنى تاكى تىغ چۆكۈپ بولغانغا قەدەر تولۇق سانجىغاندىن كېيىن يەنە بىر تولغىۋەتتى. خىنىم پادىشاھ ئازابلىق بىر ۋارقىرىدى — دە، خۇددى قەلەمچە قىلىنغان قومۇشتەك يانغا قىيسىيىپ شۇ زامان جان تەسلىم قىلدى...

www.bilnur.com

ۋادەرىخا، بۇ مەككار جاھاننىڭ خۇي ـ پەيلى كىشىلەرنى ئەجدىھادەك دەم تارتىپ يۇتۇشتىن ئىبارەت. ئادەمغۇ يۇتالىغىنىنىلا يۇتىدۇ. بىراق، بۇ نەيرەڭۋاز ئالەم بولسا، پادىشاھنىمۇ، پۇقرانىمۇ — ئۇ يۈز مىڭلارچە كۆپ بولسىمۇ — يۇتۇپ يەر يۈزىدىن نام ـ نىشانسىز قويىدۇ!

نەزمە

دۇنيا بىناكارى تۈزەر قەسىر ـ ئايۋان،
تۈزۈپ بولىدۇ ـ يۇ، قىلىدۇ ۋەيران.
پەلەككە يەتكۈزۈپ بۇگۈن تاقىنى،
ئەتىلا ئېتىدۇ يەر بىلەن يەكسان!

— پۇريا ۋەلى

www.bilnur.com

## ئون ئۈچىنچى باب

# جۇڭغارىيە بۆرىسى

باغلاقتىكى بۆرىنىڭ تۈكى ئاسان
ئاقىرىدۇ.

**مىلادى** 1697 - يىلى (كالا يىلى)، قەمەرىيە 3 - ئاي.

چېتىگە تۇخۇم قويسا كۆرۈنمىدىغان بايانسىز كەڭ كۆك يايىق دالاسىدا بىر توپ تايغانلار بىر كۆك بۆرىنى قوغلاپ يۈرەتتى. بۇ ئادەتتىكى بۆرە بولماستىن بەلكى بويىنىڭ ئېگىزلىكى بەش گەز كېلىدىغان، تۈكلىرى كۆك، ھۆۋلاشلىرى خۇددى مالچى ئىتىنىڭ ھاۋشىشىغا ئوخشايدىغان قارا يالىلىق يوغان جۇڭغارىيە بۆرىسى ئىدى. ئۇنىڭ دۇمبىسىدىكى يالىسى خۇددى ئايغىرنىڭ تار ھەم قىسقا قىرقىلغان يالىسىغا ئوخشاش تىك ئىدى. ئورۇقلۇقىدىن بۆرىنىڭ قوۋۇرغىلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئېگىز، ئىنچىكە بەل تايغان ئىتلار يانداپ كېلىشىپ ئۇنىڭ ساندىن چىشلەپ تارتاتتى. بۇ چاغدا، بۇ كۆك بۆرە قايرىلىپ قارىغاندا، ئىتلار ئۇنىڭدىن يىراققا قاچاتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن يەنە ئايلىنىپ كېلىشەتتى. ئىتلار بۇ بۆرىنى

www.bilnur.com

قوغلاپ، قاساپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن تالاپ، زادىلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. بەزىدە بۆرە قىرقىراپ يىرتقۇچ چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ بىر ئىتقا ئېتىلىپ بارغىنىچە تالىۋېتەتتى — دە، ئۇنى كاڭشىتىپ پاخشە قىلىپ قاچۇرغاندىن كېيىن يەنە بىرسىگە قاراپ ئېتىلاتتى. بۆرە ئۆزىنى قاپسىۋالغان بۇ ئىتلارغا ئەنە شۇنداق زادىلا بوي بەرمەيۋاتاتتى.

بۇ چاغدا تايغانلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئوۋچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى بۆرىگە قاراپ چېكە سوقۇپ يېقىنلىشىپ كەلدى ۋە قولىدىكى سويلىسى بىلەن بۆرىنى ئۇرماقچى بولدى. بۆرە شارتتىدە ئۆزىنى يان تەرەپكە ئالدى ۋە ئالدىنى توسۇۋالغان بىر تايغانغا ئېتىلىپ كەلگەنچە بىر تاشتىن سەكرەپ ئۆتتى — دە، ئوۋچىلار بىلەن تايغان ئىتلارنىڭ قاتمۇ ـ قات قورشاۋىدىن قېچىپ چىقىپ يېشىل ئىرتىش بويىدىكى بولۇق ئۆسكەن چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئادەملەرمۇ، ئىتلارمۇ بۆرە كەتكەن تەرەپكە قاراپ قۇيۇندەك چېپىشىپ كېتىشتى. بىر كەملەردە بىر قىردىن پەسكە چۈشۈپ كۆزدىن يوقالدى. پەقەت ئادەملەرنىڭ ھۇيقۇتۇشقان، ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى بىلەن ئىتلارنىڭ ۋاڭشىپ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر كەملەردىن كېيىن بۇ ئاۋازلارمۇ بېسىقىپ، پايانسىز كۆك يايىق دالاسىدا يەنە بۇرۇنقىدەك تىمتاسچىلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. . .

*　　　*　　　*

— بوغدا خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى شىغاۋۇل ۋۇخې تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، — سۇجۇ ئايمىقىنىڭ[1]

① گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جيۇچۈەن ئەتراپلىرىنىڭ بۇرۇنقى نامى.

www.bilnur.com

باش بوغى مۆھۈردار، ياندىش سانغۇن خەن چېڭنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، قۇمۇل چەنتۇلىرىنىڭ ئاقساقىلى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ئۆزىنىڭ بوغدا خان ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلىش سەممىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىر دانە نار تۆگە، ئىككى دانە ئېسىل نەسىللىك بارىكۆل ئارغىمىقى، سەككىز دانە ھىنگان تۆگە، بىر دانە كۈمۈش دەستىلىك يېڭىسار پىچىقى ۋە باشقا ھەر خىل قىممەتلىك سوۋغا - سالام راسلاپ، مەكتۇپ بىلەن ئالىمبەگ دېگەن دورغىسىنى ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار لىكچاۋغا يېتىپ كەلگەندە، باش بوغ جانابلىرى ئادەم قوشۇپ بىر تىلماچ بىلەن ھۇزۇرى مۇبارەككە يولغا ساپتۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇشبۇ مەلۇماتنى مۇبارەك نەزەرلىرىگە سۇندۇق. ۋاقىپ بولغايلا، بوغدا خان ئالىيلىرى، ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا!

— ئىجازەت! — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان خاقانى چىن كاڭشى، ئاندىن يېنىدا تۇرغان ھۆدەيچىگە قاراپ ئەمىر قىلدى:

— ئوقۇلسۇن!

— قۇللۇق، ئانھەزرىتىم! — دەپ خانغا تەزىم بەجا كەلتۈردى ھۆدەيچى، ئاندىن شاھسۇپىدىن چۈشۈپ شىغاۋۇل ۋۇخېنىڭ قولىدىن ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

« . . . ئەئيانلىرى يېقىندا بوغدا خان ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلىپ، تارتۇق - ئولپان تۆلەپ كېلىۋاتقان چەنتۇ ئولۇسىنىڭ ئاقساقىلى ئەبەيدۇللا ئىبنى مۇھەممەتشاھ غازى تارخانبەگ بولىمەن. بوغدا خان ئالىيلىرىنىڭ ئەلچىسى مادى جانابلىرى جۇڭغارلارنىڭ ئاقساقىلى سېۋان ئارابدانىنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتقاندا، لوپساڭ غالدان بېشەۋكەتى خان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. مەن نادان ئەئيانلىرى بوغدا خاننىڭ ئەلچىسىنى ئويراتلارنىڭ تۆمۈر تىرنىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمىغانلىقىمغا تولىمۇ ئۆكۈنىمەن.

www.bilnur.com

ئاڭلىسام، بوغدا خاننىڭ نۇسرەتلىك تەڭرى قوشۇنلىرى ئول باشتۇق غالداننى مەغلۇپ قىپتۇدەك. بۇ ئەلۋەتتە تەڭرىنىڭ ئەمرى بويىچە بولۇۋاتقان ئىشتۇر. مۇبادا، غالدان بېشەۋكەتى خان بىزنىڭ ھودۇتلۇقىمىز تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتۈپ قالغۇدەك بولۇپ قالسا، بارچە ئامالىلارنى قىلىپ بولسىمۇ، ئول ئاسىي دەيۈزنى تۇتۇپ بوغدا خان ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرى ئاستىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقايمىز. مۇبادا، ئۇنىڭ خەۋەر ـ سىرتىقىنى قىلالىساق، بوغدا خان ئالىيلىرىغا داۋاملىق ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرغايمىز. ئاللا تائالا بوغدا خان ئالىيلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، سەلتەنىتىنى ئامان قىلغاي، مەرتىۋىسىنى يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھ ـ سۇلتانلاردىن ئۈستۈن قىلغاي، گەپ تامام، نامە ۋەسسالام!»

ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ، نەچچە كۈندىن بېرى قايىقى زادى ئېچىلماي كېلىۋاتقان خاقانىي چىن كاڭشى خۇشال بولغىنىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇنداق، ئۇ خۇشال بولماي يەنە كىم خۇشال بولسۇن؟ ئۆلمىگۈر غالدان ئۇنىڭغا ئاز باش قېتىنچىلىق تېپىپ بەردىمۇ؟ قاچانكى غالدان جۇڭغارىيە تەختىگە چىقتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خاقانىي چىننىڭ چېگرا ـ ھودۇتلۇقىدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى زادىلا توختاپ باقمىدى. «جۇڭغارىيە بۆرىسى» دەپ ئاتالغان غالدان ھەر يىلى دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئاتلىق قوشۇنى بىلەن خاقانىي چىننىڭ غەربىي شىمالدىكى زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ، پۇقرالارنى پاراكەندە قىلىپ، زادىلا ئارام بەرمىدى. نائىلاج، كاڭشىنىڭ 29 ـ يىلىدىن[1] باشلاپ، غالدان بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى ساقلىنىسى سۆرەپ قوۋۇقتىن ئەسكەر باشلاپ چىقىپ چۆل ـ جەزىرىلەردە ئاچ ـ توق

① مىلادى 1690 ـ يىلى.

www.bilnur.com

قىلىپ قانچىلىغان رىيازەتلەرنى چەكمىدى؟! گەرچە، يېقىندا يۈز بەرگەن زۇنمودۇن[1] ئۇرۇشىدا غالداننى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ ئەمما ياردار بولغان بۆرىنىڭ تېخىمۇ غالجىرلىشىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. «... ئەمما، — دەپ ئىچىدە ئويلايتتى كاڭشى، — بۆرىنى ئۆلتۈرمەك ئوڭاي بولغىنى بىلەن، ئۇنى تۇتماق ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. چۈنكى، بۆرىنى پەقەت پەم بىلەنلا تۇتۇش مۇمكىن!...» ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇغاندەك بولدى — دە، دەرھال ھۆدەيچىگە ئىشارەت قىلدى. ھۆدەيچىمۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى بولغاي، دەرھال:

— پەرمان! — دەپ جاكارلىدى، — چەنتۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ مانجۇ سەلتەنىتىگە سەممىي - سادىق بولۇپ، ئاسىي قاراقچىلارنى يوقىتىشتا قولىمىزغا قول، پۇتىمىزغا پۇت، غېمىمىزگە غەمگۇزار بولدىلەر، شۇ ۋەجىدىن، ئۇنىڭ بۇ ساداقىتىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەجدىھا سۈرىتى كەشتە قىلىنغان كىمخاب تون بىر ياقا، قاما تەلپەك بىر باش ۋە ئالتۇن توقىلىق كەمەردىن بىر تال ئىنئام قىلىنسۇن! سەلتەنىتىمىزنىڭ تۆتىنچى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مۇلكىي ئەمەلدارلىرى ئۇل ئەئيانىمىزنىڭ قەسرى ئالدىدىن ئۆتكەندە تەختىراۋاندىن چۈشۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆتكەي؛ بەشىنچى دەرىجىدىن تۆۋەن ھەربىي ئەمەلدارلارمۇ ئۇنىڭ قەسرى ئالدىدىن ئۆتكەندە، جىددىي ئىشى بولمىسا، ئاتتىن چۈشۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆتكەي! بۇ پەرمانغا كىمكى خىلاپلىق قىلسا، گۇناھى سۈرۈشتە قىلىنىپ، تېگىشلىك جازا - سوراققا تارتىلسۇن!...[2]

---

① موڭغۇلچە «توپىتال» دېگەنلىك بولىدۇ.

② «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى شېڭزۇ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 178- جىلد، كاڭشىنىڭ 36 - يىلى.

www.bilnur.com

بوغدا خاننىڭ بۇ پەرمانى جاكارلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەبەيدۇللا تارخانبەگدىن مانجۇ خاقانىنىڭ ئوردىسىغا مەلۇمات كەلدى. بۇ مەلۇماتتا: «غالدان باركۆل ئەتراپىغا قېچىپ كېلىپ قوش تىكتى» دېيىلگەنىدى. . .

*　　*　　*

ئەسلىدە، مىلادى 1679 يىلى بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لاما غالدانغا رەسمىي تۇردە بوشۇكتۇلۇق ئۇتىغاتىنى بەرگەندىن كېيىن بوغدا خانمۇ ئۇنى «جۇڭغارلارنىڭ بوشۇكتۇ خانى» دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلغانىدى.

غالدان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قارانىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «قوشنىلىرىنى كوچىلاش ھىيلىسى» نى يولغا قويدى. زېمىن كېڭەيمىچىلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا: «ئاۋۋال قوشنا ئەللەرنى، ئاندىن يىراقتىكى ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش؛ ئاۋۋال ئاجىز ئەللەرنى، ئاندىن كۈچلۈك ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش» — غالداننىڭ «قوشنىلارنى كوچىلاش ھىيلىسى» نىڭ مېغىزى ئىدى.

غالدان بۇ پىلان بويىچە، ھەممىدىن ئاۋۋال ھەرقايسى ئويرات قەبىلىلىرىنى ئۆزىنىڭ بەش جالالىق ئاق توغى ئاستىغا توپلىغاندىن كېيىن ئاندىن بىرقەدەر ئاجىز دەپ ئاتالغان سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى باي ئۆلكىلىرى بولغان چالىش، تۇرپان ۋە قۇمۇللارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. بۇ چاغدا، سەئىدىيە دۆلىتى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سۇلۇك تەپرىقاتچىلىقى ئارقىسىدا، «ئاقتاغلىق، قارا تاغلىق» بولۇشۇپ پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. مۇلكىي قەشقەرىيە تەۋەسىدە غەليانلار ئۆي توشقىنىدەك كۆپەيگەن، بالا ئاتىغا، ئاتا بالىغا، قېرىنداش قېرىنداشقا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈش بۇ ئەلدە ئادەتكە ئايلانغان.

www.bilnur.com

چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردە، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلاردا بەگلەر، ھاكىملار، نايىپ شاھزادىلەر ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت بولۇشىۋالغانىدى. ئۇلار مەركىزىي ھاكىمىيەتكە بويسۇنۇشمايتتى. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى قالايمىقانلاشقان، ئىرادىسى گاللاشقان، ئەقلى خىرەلەشكەن، توغرا بىلەن ناتوغرىنى، ھالال بىلەن ھارامنى، راست بىلەن يالغاننى، ساپ نىيەت بىلەن رەزىللىكنى ئايرىيالمايدىغان بىغەم ھالغا چۈشۈپ قېلىشقانىدى. تېجمەل ئىشان، ماكانسىز خوجىلارنىڭ دەپئى ـ دۇنياغا، شانۇ ـ شەۋكەتكە، ھاكىمىيەت ـ سەلتەنەتكە، مەملىكەتدارچىلىق ـ يۇرتدارچىلىققا بولغان ئىشتەيلىرى قىزىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، غالدان بېشەۋكەتى خاننىڭ كۆڭلى مۇلكىي قەشقەرىيىدە پەيدا بولغان بۇ تەپرىقاتچىلىقلارنىڭ، قانلىق غوۋغالارنىڭ ۋە ئۇر ـ يىقىتلارنىڭ ئۇزاق داۋام قىلىپ، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ بىرلىك يىلتىزىغا پالتا چاپىدىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غالدان ئۇچۇن بايلىقى مول، ئاھالىسى كۆپ، باياشات، گۈزەل مەملىكەت بولغان مۇلكىي قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇش ئۇچۇن بۇنداق ئەپلىك پۇرسەت داۋاملىق چىقىۋەرمەيتتى. شۇڭا، مۇلكىي قەشقەرىيە تەختىدە ئولتۇرغان سەئىدىيە پادىشاھلىرىنى غۇلىتىپ، بۇ ئەلگە ئۆزى تەنھا ھۆكۈمران بولۇش ياكى ھېچبولمىغاندا، غالچىدىن بىرنى مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ تەختىگە قارانچۇق قىلىپ قويۇپ، ئۈستىگە قالماقلاردىن شاھنە ـ قاراخاننى باسقاق قىلىپ، مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ ھاكىمىيەت تىزگىنىنى ئۆزىنىڭ قولىدا تۇتۇش — ئۇنىڭ ئۇچۇن شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرگەندەكلا ئاسان ئىش سانىلاتتى. ئەمما، بۇ ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ئوڭاي روياپقا چىقتى! غالدان ئاپاق خوجىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىنى ھېچقانداق بەدەل تۆلىمەستىنلا ئىستېلا قىلىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ مۇلكىي تۇركىستاننىڭ

www.bilnur.com

ماۋرائۇننەھر، پەرغانە قاتارلىق ئەڭ مۇنبەت ئۆلكىلەرگە ئارقىمۇ ـ ئارقا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. مىلادى 1681 ـــ 1683 ـ يىللىرى، غالدان قازاقلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، قازاق خانى توكخان (بەزى مەنبەلەردە «توپچە خان» دېيىلگەن) «ئالداپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ قاپقانغا دەسسىتىش ھىيلىسى» نى ئىشقا سېلىپ غالداننى تۇزاققا دەسسەتتى. قاتتىق قار يېغىپ كەتكەن بىر كېچىسى، توپچە خان غالداننىڭ قارار ـ گاھىغا شەبخۇن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. بۇ ئۇرۇشتا غالدان لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تالاپەت بېرىپ، كۆك يايىق دالاسىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ ئەمما بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قىلچىمۇ تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئۇ قازاقلارنىڭ توپچە خانىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «دەرھال كېلىپ تەسلىم بولساڭ بولدۇڭ، بولمىسا، ھەر يىلى چارۋىلىرىڭ تۆللەيدىغان چاغدا، ئاتلىق قوشۇنۇمنى ئەۋەتىپ، ئاۋۋال قىشلاقلىرىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، قوتانلىرىڭغا ئوت قويۇپ، مال ـ چارۋىلىرىڭنى بۇلاپ، يايلاقلىرىڭنى ئاتلىرىمنىڭ پولات تۇياقلىرى بىلەن تىلغاپ تاشلايمەن. سېنى زادىلا ئارام تاپقۇزمايمەن. بۇ يىل مەن قىرىق ياشقا كىردىم، تاكى چېچىم ئاقىرىپ، چىشلىرىم سارغايغانغا قەدەر بۇ ئىرادەمدىن زادىلا قايتمايمەن!»① دەپ ئاگاھلاندۇردى. كېيىنكى يىلى غالدان يەنە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، تاشكەنت، ئىسسىقكۆل قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. توپچە خاننىڭ ئوغلىنى تۇتۇۋېلىپ، «دالاي لامادىن ئەدەب ـ ئەردەم ئۆگەنسۇن» دەپ تىبەتكە يالاپ كەتتى.② شۇ قېتىم غالدان

① لياڭ فېن: «چېگرا ـ ھودۇتلۇقلارنىڭ مۇداپىئەسى ھەققىدىكى خاتىرىلەردىن قىسقارتىلما»، 422 ـ بەت.
② «بۇيۈك چىڭ سۇلالىسى شېڭزۇ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 111ـ جىلد. كاڭشىنىڭ 27 ـ يىلى.

www.bilnur.com

ئاتلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ تاكى ئەزھەر دېڭىزى[1] بويلىرىدىكى نوغايىستانغا قەدەر باستۇرۇپ كەلدى.

مىلادى 1683 — 1685 ـ يىللىرى، غالدان پەرغانىدىكى قىپچاق، ئۆزبېك ئۇلۇسلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. غالدان تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىدىكى قىرغىز ئۇلۇسلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئۇنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى پامىردىكى مۇرغاب دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق بولغان سارىقكۆل بويلىرىغىچە بېسىپ كېلىپ، «تۈركىستان جاڭگىللىنىڭ شىرى» دەپ ئاتالغان قىرغىزلارنى بويسۇندۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، غالداننىڭ قوشۇنلىرى پەرغانىنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، قىسقىغىنا بەش يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا، غالدان پۈتۈن سەئىدىيە دۆلىتىنى ئىستېلا قىلىش مەقسىتىگە يەتكەندىن سىرت، پۈتۈن كۆك يايىق دالاسىنى، پۈتۈن مۇلكىي تۈركىستاننى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ چىڭگىزخاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئەسلىدىكى پۈتۈن زېمىنىنى ۋە جوجى ئۇلۇسىنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنى بولغان پۈتۈن قىپچاق دالاسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان يەنە بىر قۇدرەتلىك موڭغۇل ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. بۇ چاغقا كەلگەندە، ئۇ جوڭغارلارنىڭ سىياسىي مەركىزىنى ئىلىبالىقتىكى ئېرەن قابىرغىدىن كۆك يايىق دالاسىنىڭ شىمالىدىكى خالخە موڭغۇللىرىنىڭ زېمىنى بولغان قوبدۇغا يۆتكىدى.

خالخە موڭغۇللىرى موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى تاشقى موڭغۇلىيە زېمىنىدا ياشايدىغان ھەرقايسى موڭغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن، تۇشتۇخان

---

[1] قارا دېڭىزنىڭ تارىختىكى نامى.

www.bilnur.com

ئۇلۇسى، چېچېن خان ئۇلۇسى ۋە زاساكتو خان ئۇلۇسى قاتارلىق ئۈچ موڭغۇل قەبىلىسىنى كۆرسىتەتتى.
خالخە موڭغۇللىرىنىڭ زېمىنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدىكى ئېرغۇنا دەرياسى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ خولۇنبىر يايلىقىدىن تارتىپ غەربتىكى ئالتاي تاغلىرىغىچە تۇتىشاتتى. جەنۇبتا گوبى چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېۋۈرى (ئىچكى) موڭغۇللىرىنىڭ زېمىنىغىچە تۇتىشاتتى. شىمالدا بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىدىكى ھۇدۇتلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

غالدان ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولغان «قوشنىلىرىنى كوچىلاش ھىيلىسى» نى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن ئىككىنچى قەدەمدە «شەرققە ئىلگىرىلەش پىلانى» نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ «شەرققە ئىلگىرىلەش پىلانى» نىڭ مېغىزى شەرقتىكى كۈچلۈك قوشنىسى بولغان خاقانىي چىننىڭ قولىدىن كۆكنۇردىكى خوشۇت قەبىلىلىرى بىلەن موڭغۇل دالاسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېۋۈرى موڭغۇللىرى ۋە خالخە موڭغۇللىرىغا بولغان كونتروللۇق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، پۈتۈن موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاندىن بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇش ئىدى. ھالبۇكى، بۇ سىياسىي ئىستراتېگىيە موڭغۇللار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزغا ۋە ناھايىتى ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە ئىدى.
مىلادى 1279 ـ يىلى قۇرۇلغان يۈەن سۇلالىسى مىلادى 1368 ـ يىلى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن قانچىلىغان موڭغۇل سىياسىئونلىرى ۋە سەركەردىلىرى مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلغان بولسىمۇ ئەمما مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، ئاخىر ھەسرەتتە ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئىچىدە غالدان سىياسىي جەھەتتە غايىگە ئىگە،

www.bilnur.com

مۇھاربىيە ئىشلىرىدا ئىنتايىن ئىقتىدارلىق بىر سىياسىئون ۋە سەركەردە بولۇش سۈپىتى بىلەن موڭغۇللارنىڭ شانلىق ئەجدادى چىڭگىزدەك ھېچكىمگە بېقىنمايدىغان، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن قۇدرەتلىك بىر موڭغۇل ئىمپىراتورلۇقىنى قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىغانىدى.

بىراق، غالدان شەرقتە ئېلىشماقچى بولغان خاقانى چىن-بوغدا خان ھەرگىزمۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ناتىۋان پادىشاھ ئەمەس، بەلكى تۆت مىڭ يىللىق شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمكى چوڭ ئۇلۇس - خەنزۇلارنى ئىستېلا قىلغان، سەلتەنىتى كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىۋاتقان، زېمىن - ھۇدۇتلۇقىنى ئەتراپقا ھەدەپ كېڭەيتىۋاتقان قۇدرەتلىك بۈيۈك مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قابىل ئىمپېراتورى كاڭشى ئىدى. . .

* * *

خاقانى چىن كاڭشىمۇ كۈچلۈك رەقىبى غالداننى يېڭىش ئۈچۈن «پولات ئىسكەنجىگە ئېلىش ئەمما ھۇجۇم قىلماي چولىنى يوغان ئېچىپ قويۇش ھىيلىسى» نى قوللاندى. بۇ ھىيلە ئاساسەن، سىياسىي ھۇجۇمنى ئاساس قىلىش، بارلىق ئاماللار بىلەن غالداننى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قوللاۋاتقانلارنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش، بولۇپمۇ غالداننىڭ تىبەت ھۆكۈمرانى دىبا ئىنانجىجاسۇ بىلەن بولغان ئىتتىپاق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە غالداننى ئەل بولۇشقا داۋاملىق قىزىقتۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

خاقانى چىن كاڭشى غالدان ۋە رۇسىيە تەرەپتىن تەڭلا زەربىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خاقانى چىننىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان جىددىي مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە

www.bilnur.com

سىلىش قارارىغا كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى نېۋچىنسكنى خاقانىي چىن بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا پاسىلى قىلىش تەلىپىدىن ۋاز كېچىپ، 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىننى رۇسىيىگە بىكارغا تاشلاپ بېرىپ، ئېرغۇنا دەرياسىنى ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا پاسىلى قىلىشقا قوشۇلدى ھەمدە 1689 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى[1] رۇسىيە بىلەن نېۋچىنىسك شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتور كاڭشى زېمىنغا خاتىرجەملىكنى تېگىشىپ قولىنى بوشاتتى — دە، پۇتۇنلەي غالدان بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

مىلادى 1690 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، خاقانىي چىن كاڭشى قارا چېرىكلىرىنى ئىككى تارامغا بۆلۈپ، بىر تارامغا شاھزادە، خوشۇت چىنۋاڭى فۇچۇەننى يىراقنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى سەركەردە، ۋەلىئەھد يۈنشىنى ئورۇنباسار سەركەردە قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنى سەددىچىننىڭ گۇبېيكۇ قوۋۇقىدىن ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى؛ يەنە بىر تارامغا شاھزادە، خوشۇت گۇڭچىنۋاڭى چاڭنىڭنى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سەركەردە، شاھزادە خوشۇت جەنچىنۋاڭى يابۇ بىلەن دولشۇن ئىنالچىسى ئېزالارنى ئورۇنباسار سەركەردە قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنى سەددىچىننىڭ شىفىڭكۇ قوۋۇقىدىن ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. خاقانىي چىننىڭ ھەرقايسى تارامлардىكى زور قوشۇنغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن، 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خاقانىي چىن كاڭشىمۇ ئاستانە بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بولخوتۇن[2] دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ بارگاھ قۇرغۇزدى. بۇ خاقانىي چىن كاڭشىنىڭ تۇنجى قېتىم لەشكەر باشلاپ قوۋۇقتىن چىقىشى ئىدى.

① كاڭشىنىڭ 28 - يىلى قەمەرىيە 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.
② خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېڭدې ۋىلايىتىدىكى لۇڭخۇا ناھىيىسى.

www.bilnur.com

بەش كۈندىن كېيىن يەنى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئۇلانبۇتۇن دېگەن يەردە، كاڭشىنىڭ تۇرشاۋۇلى فۇچۇەن باشچىلىقىدىكى خاقانىي چىن قوشۇنلىرى غالدان بوشۇكتۇ خاننىڭ 20 مىڭ ئاتلىق لەشكىرى بىلەن تۇنجى قېتىم تۇتۇشتى. بۇ تارىختا مەشھۇر بولغان «ئۇلانبۇتۇن جېڭى» ئىدى.

غالدان بوشۇكتۇ خان خاقانىي چىن كاڭشى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن، 30 مىڭ تۆگىنى چۆكتۈرۈپ، ئەتراپىغا شاخ - شۇمبىلارنى دۆۋىلەپ، ئۈستىگە ھۆل كىگىزنى ئارتىپ ئىستىھكام ياسىدى. ھەربىر تۆگىنىڭ ئارىلىقىغابىردىن تۈفەڭچىنى①، ئىككىدىن ئۇقرۇقچىنى② ئورۇنلاشتۇردى؛ خاقانىي چىن كاڭشىنىڭ لەشكەرلىرى شارمۆرىن دەرياسىنىڭ بۇ قېتىدا تۇرۇپ، غالداننىڭ تۆگە ئىستىھكامىنى يىراقتىن شىددەت بىلەن توپقا تۇتتى. غالداننىڭ ئۇيغۇر توپچىلىرىمۇ بوش كەلمەستىن كاڭشى قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىھكامىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتتى. ئىككى تەرەپ ئەتىگەندىن تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە توختىماستىن بىر - بىرىنىڭ ئىستىھكاملىرىنى توپقا تۇتۇشتى. ئاندىن قوچاقلاشما جەڭ باشلاندى. ئاخىر غالداننىڭ «تۆگە ئىستىھكامى» خاقانىي چىن قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن بىتچىت قىلىپ تاشلاندى. غالدان لەشكەرلىرىنى باشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار گۇگۇم چۈشۈپ كۆز باغلانغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، شارمۆرىن دەرياسىنى كېچىپ ئۆتتى ۋە خاقانىي چىن قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يايلاقا ئوت قويۇپ بېرىپ، شىمالغا قېچىپ كەتتى. ئۇ قوبدۇغا يېتىپ كەلگەندە ئاران بىرقانچە مىڭلا ئادەمى قالغانىدى...

---

① تۈفەڭ — ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىق.
② ئوقرۇق — ئىلمەكلىك نەيزە.

www.bilnur.com

مىلادى 1691 ـ يىلى قەمەرىيە 4 ـ ئايدا، دالىنۇر① دېگەن يەردە كاڭشى بىلەن خالخە موڭغۇللىرى ۋە ئېۋۇرى موڭغۇللىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاق تۈزۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا كاڭشى مۇنۇلارنى جاكارلىدى: بىرىنچى، خالخە موڭغۇللىرىنىڭ جاساق تۈزۈمىدىمۇ ئېۋۇرى موڭغۇللىرىنىڭكىدەك تۈمەنبېشى مەسئۇللۇقىدىكى 49 خوشۇنلۇق جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ؛ ئىككىنچى، خالخە موڭغۇللىرىنىڭ ھەرقايسى ئولۇسلىرىدا خانلىق نامىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويۇلىدۇ. خاندىن تۆۋەنكى مەرتىۋە ناملىرىدا خاقانى چىننىڭ ئارىستوكراتىيە نامى قوللىنىلىدۇ ۋە شاھزادە، ئىنالچى، بېلى، بەيسى، باسقاقبەگ، تايىنغۇر تۆرە قاتارلىق ئالتە دەرىجىلىك بەگلىك ئوتغاتى بېرىلىدۇ. ئالتە دەرىجىلىك ئوتغان ئاستىدىكى تەيجىلەر تۆت دەرىجە بويىچە ئايرىلىدۇ، ۋەھاكازالار. شۇنىڭ بىلەن ئويراتلاردىن باشقا موڭغۇل ئولۇسلىرىدا غالدان بوشۇكتۇ خاندىن يۈز ئۆرۈپ، خاقانى چىنغا بېقىنىش خاھىشى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، غالداننىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن قۇدرەتلىك موڭغۇل ئىمپېراتورلۇق قۇرۇش پىلانى سۇغا چىلىشىشقا باشلىدى. غالدان بوشۇكتۇ خان بۇنداق ئاقىۋەتنى كۆرۈشنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتى، ئەلۋەتتە! . . .

* * *

غالدان بوشكتۇخاننىڭ سېرىق خان چېدىرى باركۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەنىدى. خان چېدىرىنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا ئىككى تورغاۋۇت تاياقتەك قېتىپ تىك تۇراتتى.

---

① خىببي ئۆلكىسىنىڭ چېڭدې شەھىرى بىلەن جاڭجياكۇ شەھىرى ئارىسىدىكى بىر جاي.

www.bilnur.com

مىلادى 1692 ـ يىلى قەمەرىيە 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئىمپېراتور كاڭشىنىڭ ئەلچىسى، چۆپدارلىق مەرتىۋىسىدىكى مادې خان چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ھېلىقى ئىككى تۇرغاۋۇت قوللىرىدىكى كالتە نەيزىلىرىنى شارتتىدە بىر ـ بىرىگە قايچىلاشتۇرۇپ تۇتتى. بوغدا خاننىڭ ئەلچىسى بۇ نەيزىلەرنىڭ ئاستىدىن بېشىنى ئېگىپ ئۆتۈپ، موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە خان چېدىرىنىڭ ئىشىكىنى ساداق ئوقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆتۈرۈپ ئاچتى ــ دە، تاپىنىنى دەسسىمەستىن، بەلكى ئاتلاپ ئۆتتى. ھېلىقى ئىككى تورغاۋۇت ئۇنىڭ ئادەت بويىچە ئىشىكتىن ئاتلاپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇشۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇشتى.

ــ داڭقىڭ تاغلاردىن ئېشىپ، كۆكتە ياڭرىسۇن، بەخت ـ سائادىتىڭ زىيادە، دۈشمەنلىرىڭ يەر بىلەن يەكسان بولسۇن! كۆك تەڭرى ساڭا مەڭگۈ نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، غالدان بوشۇكتۇ خان ياشىغايسەن، تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايسەن! ــ دېدى ئەلچى مادې يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىلچىمۇ ھېسسىياتسىز ھالدا.

ــ ئالدىغىراق كەل! ــ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئەلچى مادې تىزى بىلەن مېڭىپ تەخت ئالدىغا كەلدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. خان چېدىرىنىڭ تۆرىگە قويۇلغان ئالتۇن تەختتە يېشى ئەمدىلەتىن ئەللىكلەردىن ئاشقان، سەل قورساق سالغان، ئۇستىخانلىق بىر ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىغا موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە كۆك قوتان ئۇكىسى قادالغانىدى. بۇ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئالاھىدە ئەنئەنىۋى بەلگىسى ئىدى. ئۇ خىتاي يىپېكىدىن تىكىلگەن يان ئىزمىلىق زەرباب تون ئۈستىدىن ئالتۇن رەڭلىك زىرىھ ـ قۇياق كىيگەن، پۇتىدا ئورۇس يۇرتىدىن كەلتۈرۈلگەن ئېگىز قونچلۇق قىزىل بولغارى ئۆتۈك بار ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى سەل ياپىلاق بولۇپ، ئىككى ياڭاق سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان، ھېلىگەرلىك چىقىپ

www.bilnur.com

تۇرغان كۆزلىرى ئادەتتىكى موڭغۇللارنىڭكىدەك قىيسىق، يۇمۇق بولماستىن، بەلكى چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس قوڭۇر رەڭدە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يالقۇنلۇق ئوت يوشۇرۇنغان، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان بىر خىل زىددىيەتلىك سۈرلۈك ھالەت يوشۇرۇنغانىدى. ئۇنىڭ بۇ بىر جۈپ كۆزىدىن ئۇنىڭ دادىل، قەيسەر ۋە ئىرادىلىك ئىكەنلىكى ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋۇزلۇق، شەپقەتسىزلىك ۋە قاتتىق قوللۇقلۇقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېڭىكىنى ئات تاقىسىدەك يېرىم چەمبەر شەكلىدە قاپلىغان يىرىك قارا ساقاللىرىغا ئانچە - مۇنچە ئاق سانجىغانىدى.

— كېلىشىڭ نېمە ۋەجىدىندۇر؟ — دەپ سورىدى غالدان كاڭشىنىڭ ئەلچىسى مادىغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بوغدا خان شۇنداق پەرمان چۈشۈردىكى، — دېدى مادى قولىدىكى يارلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — «غالدان بوشۇكتۇ خان مۇبادا سەلتەنىتىمىزگە بەيئەت قىلسا، ئىلتىپاتىمىزغا نائىل بولۇپ، بەخت - سائادەت، راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشايدۇ. بىراق، ئۇ ئەمدى كۆك يايىق دالاسىدا تۇرسا بولمايدۇ. ئۇ جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىنى بىزگە بوشىتىپ بېرىشى كېرەك. قاچانكى، غالدان بوشۇكتۇ خان بۇ زېمىنلارنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئاستانىمىزگە يېقىن ھۇدۇتلۇقتىن سۈيۈرغال ئېلىپ شۇ يەردە تۇرسا، بىز ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلۇرمىز. شۇ چاغدا، ئۇ بىزدىن كۆپ ئىنئاملارغا ئېرىشەلەيدۇ. مۇبادا، ئۇ تەسلىم بولۇشنى خالىسا، ئۆمۈرۋايەت غەم - ئەندىشىسىز ياشىسا بولىدۇ!»...①

ئەلچى خاقانىي چىن كاڭشىنىڭ يارلىقىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى:

① «گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئاسىيالارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 9 - جىلد، 10 -، 11- بەت.

www.bilnur.com

— بوغدا خان ئالىيلىرى سىنى قىينىلىپ قالدى، دەپ ساڭا ئالاھىدە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، 10 مىڭ سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا، خىزمەتچىلىرىگە شەرەت قىلىۋىدى، ئىككى خىزمەتچىسى كۈمۈش سېلىنغان بىر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، تەخت ئالدىغا قويدى.

— سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى غالدان ئەلچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن قاپىقىنىمۇ ئاچماستىن.

— يەنە بوغدا خان ئالىيلىرى «غالدان بوشۇكتۇ خان ئالىيلىرى دالىنئۇرغا كەلسە، توشتۇخان بىلەن ياراشتۇرۇپ قويياتتىم» دەيدۇ!

— ياخشى گەپكەنغۇ بۇ، بولىدۇ، بىراق، بوغدا خان توشتۇخان جابزۇن دەنبا خوتۇكتۇنى ئۆز قولى بىلەن ماڭا تاپشۇرۇپ بەرسۇن ئەمىسە! — دېدى غالدان كۆرەڭلەپ تۇرۇپ، — مەن ئۇلاردىن بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن دالاي لامانىڭ ئەلچىسىنى مەسخىرە قىلغانلىقىنى سوراپ باقماقچىمەن!...

— ...

ئەلچى مادې جاۋاب بېرەلمىدى.

ئەسلىدە، مىلادى 1686 ـ يىلى يازدا خالخە موڭغۇللىرى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ دۆلىن بېچىر دېگەن يېرىدە قۇرۇلتاي ئېچىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تۈزگەنىدى. بۇ قۇرۇلتايدا جابزۇن دەنبا خوتۇكتۇ دالاي لامانىڭ ئەلچىسىنى خورلاپ، ئاغزىغا تېزەك چىشلەتكۈزگەنىدى. مىلادى 1688 ـ يىلى يازدا، غالدان بوشۇكتۇ خان خالخە موڭغۇللىرىنىڭ خانى جابزۇن دەنبا خوتۇكتۇنى جازالاش نامى بىلەن 30 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ تاشقى موڭغۇلىيىگە باستۇرۇپ كىردى...

www.bilnur.com

* * *

— بايا سەن ئەلچى جانابلىرى بوغدا خاننىڭ يارلىقىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ مېنىڭ كۆك يايىقنى بوشتىپ بېرىشىمنى، ھەتتا خوتۇنىستاندىنمۇ چىقىپ كېتىشىمنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتۈڭ ئەمما سەن بۇنىڭ سەۋەبىنى ماڭا چۈشەندۈرمىدىڭغۇ دەيمەن؟!

— چۈنكى بۇ زېمىنلار بوغدا خانغا كېرەك! شۇڭا، چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش بىھاجەت!

— كۆك يايىق، خوتۇنىستان ۋە پۈتۈن مۇلكىي تۇركىستان مېنىڭ ئاتامىراس زېمىنىمدۇر! ھەتتا ھازىر سەن بوغدا خان دەۋاتقان ئاشۇ زېمىن باسقۇنچىسى بېسىۋالغان سېرىق دەريا بىلەن كۆك دەريا[①] ئارىلىقىدىكى بىپايان زېمىنلارمۇ بۇنىڭدىن 300 نەچچە يىل ئىلگىرى مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋىلىرىم بولغان قۇبلاي خاندىن قالغان ئاتا مىراسىمدۇر! خاسىيەتلىك ئەجدادىم چىڭگىز بىلەن قۇبلاي ئۆزلىرى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان بۇ يەرلەرگە ئەمدى مەن ئۆزۈم ھۆكۈمرانلىق قىلىشىم كېرەك! — غالدان ھاياجانلانغىنىدىن تەخت ئۈستىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىمپېراتور كاڭشىنىڭ ئەلچىسىگە قول شىلتىپ مۇنداق دېدى:

— بوغدا خان قانچىلىك نەرسە ئىدى؟! ئۇ مېنىڭ خاسىيەتلىك ئەجدادىم چىڭگىزنىڭ مىراخورىنىڭ پۇشتىغۇ؟! ئۇنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ، ئۆزى يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇرسىمۇ، يەنە تېخى ئۆزىگە: «مەن دېگەن بوغدا خان» دەپ تەمەننا قويۇپ، قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ، ھەيۋە كۆرسەتمەكچىمىكەن؟! قېنى بۇ زېمىنلارنى ماڭا قايتۇرماي باقسۇنچۇ؟ مۇبادا، ئۇنى تۇتۇپ

① تارىخىي جۇغراپىيىۋى يەر نامى. دۆلىتىمىزدىكى خۇاڭخې بىلەن چاڭجياڭ دەريالىرىنى كۆرسىتىدۇ.

www.bilnur.com

كېلىپ، قارا تاپان قول قىلىپ كۆزىدىن چۈشۈن قايناتمايدىغان بولسام، ئاشۇ خاسىيەتلىك چىڭگىزنىڭ ئەۋلادى بولماي كېتەي!

ئۇ خان چېدىرنىڭ ئىچىدە تىنماستىن ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ خاقانى چىنىنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. غالدان ئاخىر تەخت ئالدىغا قايتىپ كېلىپ ئورنىدا ئولتۇردى.

— كۆك تەڭرى ئۇلۇغ ئەجدادىم چىڭگىزنىڭ ئورۇندىيالماي كەتكەن ئارزۇلىرىنى ئورۇنداشنى مېنىڭ زىممەمگە يۈكلىگەن، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەپ، بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى خېلىلا بېسىۋالغانىدى، — خاسىيەتلىك ئەجدادىم چىڭگىز: «موڭغۇللار يەر يۈزىدىكى ئەڭ باتۇر، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ئەقىللىق خەلق، ئۇلارغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ!» دېگەنىدى. شۇنداق بولغان ئىكەن، موڭغۇللار خاقانى چىنىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ! پەلەكنىڭ چەرخى ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە چۆگىلەيدۇ! بۇ كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى! دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار مەيلى ئۇلار بوغدا خاننىڭ پۇقرالىرى بولسۇن، ياكى ئورۇس خاقانىنىڭ پۇقراسى بولسۇن، بىز موڭغۇللارغا قول بولۇپ ئىشلىشى كېرەك! مانا بۇ تەقدىر! بۇ تەقدىرگە بويسۇنماي قارشى چىققانلار تېزەك چىشلىشى لازىم! بولدى، گېپىم تۈگىدى. ئارابدان باھادىر مۇنۇنى ياساققا يەتكۈزۈپ قوي!

غالداننىڭ خاس قورۇقچىسى ئارابدان باھادىر پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن تورغاۋۇتلارغا قول ئىشارىتى قىلىۋىدى، ئۇلار دەرھال ئەلچى مادېنى قولىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە تاشقىرىغا ئېلىپ ماڭدى.

— ھەي غالدان بوشۇكتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئەلچى مادې

www.bilnur.com

يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ، — مېنى ئۆلتۈرسەڭ بولمايدۇ! ئەزەلدىن ئىككى دۈشمەن ئۇرۇشسا، ئوتتۇردىكى ئەلچىنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ مېنى ئۆلتۈرسەڭ، بوغدا خانغا قانداق جاۋاب بېرىسەن؟!

غالدان ئاڭلىمىغانغا سېلىپ تەتۈر قاراپ ئولتۇردى. مادى بولسا تاكى تورغاۋۇتلار قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى كەسكەنگە قەدەر غالداننى ئاغزى بېسىقماي تىللاپ تۇردى...①

مىلادى 1695 ـ يىلى قەمەرىيە 6 ـ ئاي، تۇتاش كەتكەن تۆپىلىك كۆك ئاسمان ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ دالىدا نە تاغ، نە چوققىلار كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپ خۇددى شامالمۇ، دولقۇنمۇ يوق كۆلدىكى بارىسكۆلنىڭ يۈزىدەك جىمجىت ئىدى. بۇ تۆپىلىكتىكى يېشىل ئوت ـ چۆپلەر شۇنچىلىك تەكشى ئىدىكى، گويا تەڭرى بۇ ئوت ـ چۆپلەرنى قىرقىپ تەپتەكشى قىلىپ تاختىلاپ چىققاندەك ئىدى.

تەڭگە چىپار شوخ ئارغىماققا مىنگەن غالدان ئۇچتىن ئۇچ قاتار تىزىلىپ ئاتلىق كېلىۋاتقان تورغاۋۇتلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە، ئېتىنى قاترىتىپ تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئوتتۇردىكى تورغاۋۇتنىڭ قولىدا ئۈستىگە ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن بىر قاغىنى قاماللاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قارچىغىنىڭ② سۈرىتى كەشتىلەنگەن بەش جالالىق يىپەك ئاق تۇغ مەيىن شامالدا

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى شېڭزۇ خان دەۋرىدە يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى» 116 ـ جىلد: «كاڭشىنىڭ 31 ـ يىلى قەمەرىيە 9 ـ ئاي» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «گەنسۇ ياساۋۇل بېگى سۇن سىكېنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، چۆپدار مادى يارلىققا بىنائەن، باقاۋۇل گاۋتيەنخۇ، مىڭبېگى ماۋپېخۇەن ۋە ئوتتۇزدەك چېرىكنىڭ ھەمراھلىقىدا سىۋان ئارابدانىنىڭ ھودۇتلۇقىغا كېتىۋاتقاندى. ئۇلار قۇمۇل دېگەن شەھەرگە بەش ئالتە چاقىرىم قالغاندا چۈشكۈن قىلدى. بۇ چاغدا غالداننىڭ ئادەملىرىدىن 500 دەك باسمىچى ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، مادى بىلەن دەپتەردار باشقۇنى ئۆلتۈردى. ئات، تۆگە ۋە باشقا سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى بۇلاپ كەتتى. باقاۋۇل گاۋتيەنخۇ، مىڭبېگى ماۋپېخۇەن ۋە قارا چېرىكلەردىن جەمئىي 24 كىشى يارىلاندى. قالغانلىرى قۇمۇل شەھىرىگە قېچىپ كېلىۋالدى...»

② قارچىغا ئەسلىدە چىڭگىز قوۋمىنىڭ توتېمى ئىدى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ بادۇنشار دېگەن بوۋىسى قارچىغا سېلىپ ئوۋ ئوۋلايدىكەنمىش.

www.bilnur.com

يەلپۇنۇپ تۇراتتى. قەدىمكى زاماندا موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرى ئاق رەڭنى ئىزگۈلۈكنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ قەدىمكى ئادەت بويىچە غالداننىڭ تۇغىمۇ ئاق يىپەكتىن تەييارلانغانىدى.

غالدان بېنىغا ئۇزۇنلۇقى ئۈچ گەز كېلىدىغان بىر ئەگرى قىلىچنى ئېسىۋالغانىدى. بۇ ئېسىل پولاتتىن تۇجۇپلەپ ناھايىتى كۆركەم سوقۇلغان قىلىچ ئىدى. چېكىپ قويسا، جىرىڭلىغان ئاۋازى ئۇزاققىچە يوقالمايتتى. قىلىچنىڭ سۆڭەك دەستىگە يەتتە تال قارا ياقۇتتىن يەتتە تىكەن يۇلتۇزدەك جايلاشتۇرۇلۇپ كۆز قويۇلغانىدى. قورال ـ ياراغ بىلەن كۆپ ھەپىلەشكەن ئادەم بىر قاراپلا بۇ قىلىچنىڭ ئادەتتىكى قىلىچلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلىۋالاتتى. غالداننىڭ دۇبۇلغىسىغا قادالغان بىر تۇتام كۆك قوتان ئۇكىسى مەيىن شامالدا تىترەپ جىم تۇرمايتتى. ئۇنىڭ چىرايى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بولۇپ، قوڭۇر رەڭلىك كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. ئۇ چاپچىپ ئويناقشىپ بىر ئىزدا جىم تۇرمايۋاتقان تەڭگە چىپار ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا، يىراق كۆك يايىق دالاسىغا قاراپ تۇراتتى.

يىراقتا — كۆك يايىق دالاسىنىڭ چېتىدىكى ئاسمان ـ زېمىن تۇتاشقان يېرىدە ھەيۋەتلىك ئېرەن قابىرغا تاغلىرى خۇددى ياتپاشلاپ ياتقان ئەرنىڭ گەۋدىسىدەك يىراقلارغا سوزۇلغانىدى. قار بىلەن قاپلانغان تاغ يوتىلىرى كىشىگە خۇددى ھېلىقى ياتقان ئەرنىڭ توققۇز قوۋۇرغىسىنى ئەسلىتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرىتاغلىرى قەدىمدە «ئېرەن قابىرغا تاغلىرى» دەپمۇ ئاتالغانىدى. ئۇ «ئەرنىڭ قوۋۇرغىسى» دېگەنلىك بولاتتى.

لەشكەرلەر غالدان بوشۇكتۇ خان تۇرغان تۆپىلىكنىڭ ئاستىدا ئۆز مىڭلىقلىرى بويىچە توپلىنىپ، سەپراس ـ چەپراس بولۇپ سەپ تۈزۈشۈۋاتاتتى.

www.bilnur.com

— لەشكەرلىرىم، تەييارلاندىڭلارمۇ؟! سىلەر بۈيۈك ئۆتۈكىن بويلىرىنى، چوغاي باغرىنى ئايغىرىڭلارنىڭ پولات تۇياقلىرى بىلەن تىلغاشنى ئۆزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتامتىڭلار؟ مانا بۈگۈن مەن سىلەرنى كۈنچىقىشتىكى ئاشۇ مۇقەددەس ئانا زېمىنغا باشلاپ بارماقچىمەن! — دېدى غالدان.

لەشكەرلەر ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىشتى.

— مەن تەييار بولدۇم، سىلەرچۇ؟ — دېدى غالدان يېنىدىكى باھادىر نويانلىرىغا كۈنچىقىش تەرەپنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئارابدان باھادىر، دانجىر باھادىر، نويان گېلىڭ باھادىر قاتارلىق سەركەردە - سەردارلىرى تەنتەنە بىلەن جاۋاب بېرىشتى:

— سىزنىڭ بىزنى كۈنچىقىشتىكى ئاشۇ باي، مۇنبەت زېمىنلارغا باشلاپ بېرىشنى كۈتۈپ، كۆزلىرىمىز تېشىلگۈدەك بولدى! بىز ئاللىقاچان تەييار بولغان! ھازىر ئاتلانساق بولىدۇ! بۇ لەشكەرلەر بىلەن جاھاننى بويسۇندۇرالايمەن!

— بىز موغۇلىستاننى بويسۇندۇردۇق. خوتۇنىستانمۇ بىزنىڭ ئوچۇممىزدىكى بىر چاڭگال تۇپراققا ئايلاندى. مەن كۈنچىقىشتىكى بوغداخاننىڭ قولىدىن ئاشۇ ئاتا مىراس زېمىنلىرىمىزنى تارتىۋالغاندىن كېيىن بۇرۇنمۇ بولمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدىغان، ئۈستىدە قۇياش مەڭگۈ ئولتۇرمايدىغان غايەت زور بىر مەملىكەت قۇرىمەن! ئالغا! — دېدى غالدان بوشۇكتۇخان ۋە تەڭگە چىپار ئارغىمقىنى چاپتۇرغىنىچە تۆپىلىكتىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى...

غالدان بۇ يەردە تىلغا ئالغان ئۆتۈكىن تاغلىرى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان خانگاي تاغلىرىنىڭ

www.bilnur.com

بىر بۆلۈكىنىڭ نامى بولۇپ، قەدىمكى زاماندا ئۇرقۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولغان، كېيىن موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، موڭغۇللارمۇ بۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزى قىلغانىدى. چوغاي تاغلىرى — ئىچكى موڭغۇلنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، غەربتىن شىمالغا نەچچە مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان تاغ تىزمىسىنىڭ نامى ئىدى. قەدىمكى زاماندا بۇ يەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت مەركىزى بولغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا، چوغاي تاغلىرى موڭغۇل قاتارلىق شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا بېسىپ كىرىشىنى توسىدىغان تەبىئىي توساق بولۇپ قالغانىدى؛ موغۇلىستان بولسا كۆك يايىق دالاسىنىڭ شۇ چاغلاردىكى يەنە بىر خىل نامى ئىدى.

* * *

مىلادى 1696 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرى، ئىمپېراتور كاڭشى غالداننىڭ «مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە، تاكتىكىدا جانلىق، پايدىنى كۆزلەيدىغان، ئۆزىگە پايدىلىق بولغاندا ھۇجۇم قىلىدىغان، پايدىسىز بولغاندا چېكىنىدىغان، يا ئۇرۇشقىنىنى، يا چېكىنگىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان» ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، دۈشمەننى ئالداپ تۇزاققا دەسسىتىپ، قورشاپ يوقىتىشتەك ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ غالدان بوشۇكتۇ خاننىڭ كورچىن موغۇللىرىنى خاقاني چىنغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، شاھزادە، كورچىن چىنۋاڭى ساچىن بىلەن «يالغانلەتىن تىل بىرىكتۈرگەن بولۇۋېلىپ، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كېلىپ تۇزاققا دەسسىتىش ھىيلىسى» نى تۈزۈپ چىقىشتى. دېگەندەك، غالدان بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق

www.bilnur.com

قوشۇن بىلەن كورچېن دالاسىغا باستۇرۇپ كىردى.

شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، خاقانىي چىن كاڭشى خاقانىي چىننىڭ قوۋۇقتىن چىققان 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنىنىڭ ئوردۇ قىسمىنى باشلاپ، خوت يولى[①] ئارقىلىق غالدانغا قىستاپ كەلدى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، خاقانىي چىننىڭ غەربىي ئارامدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ زۇن مودۇن دېگەن يېرىدە غالداننىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن سوقۇش پارتلىدى. بۇ تارىختا مەشھۇر بولغان «زۇن مودۇن ئۇرۇشى» ئىدى.

غالدان ئۆزىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قارا چېرىكلەرنىڭ ئىستىھكامىغا باتۇرلارچە ھۇجۇم قىلدى. سەركەردىنىڭ سەپنىڭ ئالدىدا دۈشمەننىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقىغا پىسەنت قىلماي چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جۇڭغار ئاتلىقلىرىنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى، جاسارىتى ھەسسىلەپ ئۇرغۇدى. كەسكىن جەڭ بىر كۈن داۋام قىلغان بولسىمۇ ئەمما ھەر ئىككىلا تەرەپ تىركىشىپ قېلىپ، يېڭىش — يېڭىلىش ھەل بولمىدى.

جەڭ سوزۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن كاڭشى خاقانىي چىن قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى، نىڭشىيا قوشۇنىنىڭ باش بۇغى يىڭ خۇاڭشېڭنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، بىر تەرەپتىن دەريا ياقىسىدا بۆك ئۆسكەن چاتقاللىقنىڭ دالدىسىدىن پايدىلىنىپ، غالداننىڭ سول قانىتىغا يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىللانغان بىر بۆلۈك ئاتلىق لەشكەرنى غالداننىڭ ئارقا سېپىگە شەبخۇن ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. نەتىجىدە، غالدان خاقانىي چىننىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدى ۋە كەينى تەرەپتىن تەڭلا قىلىنغان

---

① ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئەرلەنخوت دېگەن يېرىدە.

www.bilnur.com

تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ تېرىپېرەن بولۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. غالدانغا ئوق تېگىپ يارىلاندى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ كۈن داۋام قىلغان زۇن مودۇن ئۇرۇشىدا غالداننىڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئاساسەن تارمار كەلتۇرۇلدى. خاقانىي چىننىڭ ئارمىيىسى ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۇردى.

زۇن مودۇندىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن غالدان بوشۇكتۇ خان ئىككىنچىلەپ قايتا باش كۆتۈرەلمىدى.

ئۇ ھەر يىلى سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ۋە باسقۇنچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغاۋەرگەنلىكتىن، ھەممىنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالدى. ئىچكى - تاشقى جەھەتتە قاتمۇ قات قىيىنچىلىققا بوغۇلۇپ، ماڭارغا يول تاپالماي قالدى. شۇ چاغدا، ئۇ مۇنداق بەش جەھەتتىكى مۇشكۈللۈككە دۇچ كەلگەنىدى:

بىرىنچىدىن، غالدان ئۆزىنىڭ كونا ئۇۋىسى بولغان كۆك يايىق دالاسىغا — ئىرەن قابۇرغىغا ئەمدى قايتالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى بۇ چاغدا، ئۇنىڭ جىيەنى سېۋان ئارابدان كۆك يايىق دالاسىنى بېسىۋالغانىدى. مىلادى 1688 - يىلى يازدا، سېۋان ئارابدان غالدان بوشۇكتۇخاننىڭ خالخە موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن زور قوشۇن باشلاپ ئىرەن قابۇرغىدىن ئايرىلغان پەيتتىن پايدىلىنىپ بەش مىڭدەك دۆربۈتنى باشلاپ بورتالاغا كۆچۈپ كەتتى. مىلادى 1690 - يىلى قەمەرىيە 7 - ئايدا، ئۇ يەنە غالداننىڭ ئۆتۈكىن بويىدىكى يېڭى تايانچ بازىسى بولغان قوبدۇغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، «غالداننىڭ خوتۇن - بالىۋاقىلىرىنى ۋە نۇرغۇن ئادەملىرىنى تۇتقۇن قىلدى.»[1] مىلادى 1691 - يىلى، غالداننىڭ ئېرتىش دەرياسى بويىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان قىرىق مىڭدەك ئادىمى سېۋان

[1] «گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئاسىيالارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 47 - جىلد، كاڭشىنىڭ 35 - يىلى.

www.bilnur.com

ئارابدانغا ئەل بولۇپ كەتتى. خاقانىي چىن قوشۇنلىرىنىڭ غالدانغا ئارقىمۇ ئارقا زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە، غالداننىڭ ئۆز قوۋمى بولغان جۇراس قەبىلىسىمۇ سېۋان ئارابدانغا مايىل بولۇپ كەتتى[1].

دېمەك، غالداننىڭ ئەسكىرىي مەنبەسى بولغان جۇڭغار ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش سىياسىتىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، سېۋان ئارابدان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ غالدان بىلەن مۈرە قويۇشالايدىغان يەنە بىر كۈچكە ئايلاندى. مىلادى 1693 ـ يىلى قەمەرىيە 1 ـ ئايدا «ئويراتلارنىڭ تەگدىن تولىسى سېۋان ئارابدانغا بەيئەت قىلىپ كەتتى.»[2] بۇ چاغقا كەلگەندە، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى غالداننى پۈتۈنلەي بېسىپ چۈشتى.

ئىككىنچىدىن، /مۇلكىي قەشقەرىيىدە غالدان يۆلەپ تەختكە چىقارغان ئاپاق خوجا خاندانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسيان يالقۇنىدا كۆيۈپ كۈل بولدى. غالداننىڭ سادىق غالچىلىرى بولغان ئاپاق خوجا، يەھيا خوجا، ئىشان پادىشاھ ۋە خېنىم پادىشاھلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلتۈرۈلدى ياكى قوغلاپ چىقىرىلدى. ئاپاق خوجا خاندانلىقىنىڭ يوقىتىلىشى غالداننىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى توپ ئىقتىسادىي مەنبەدىن مەھرۇم قىلدى./

ئۈچىنچىدىن، موڭغۇللارنىڭ تورغات قەبىلىسى بۇ چاغدا كۆك ئېدىل ۋادىسىدا ئىدى. غالدان ئايۇش خاندىن ئۈمىد كۈتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇ «يىراقتىكى تۇغقان» بولغاچقا، غالدان خانغا ئەسقاتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايۇش خاننىڭ قىزى سېۋان ئارابداننىڭ خوتۇنى ئىدى. شۇڭا، سېۋان ئارابدان ئايۇش خان

---

① ۋ. بارتولد: «رۇسىيە، موڭغۇلىيە، جۇڭگو»، خەنزۇچە نەشرى، 91 ـ بەت.

② «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى شېڭزۇ خان دەۋرىدە يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 158 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 32 ـ يىلى.

www.bilnur.com

بىلەن غالدانغا قارشى پىلان تۈزدى.

تۆتىنچىدىن، غالداننى خاقانىي چىن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قۇتراتقان، يەل بەرگەن سابىق ئىتتىپاقچىسى، قۇدرەتلىك جاھانگىر ئەل — چارروسىيىمۇ غالداندىن يۈز ئۆرۈدى. غالدان ئەسلىدە «شىمالدا روسىيىگە بېقىنماقچى بولغان بولسىمۇ ئەمما روسىيە ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.»①

بەشىنچىدىن، غالدان كۆكنۇر ياكى مۇلكىي قەشقەرىيىگە قاچماقچى بولغان بولسىمۇ ئەمما بۇ چاغدا «چەنتۇ، كۆكنۇر، قازاق قاتارلىق ئەللەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.»②

تىبەتتىكى دالاي لاماغا بېقىنىش — غالدان ئۈچۈن بىردىنبىر چىقىش يولى ئىدى. ئەپسۇسكى، خاقانىي چىن كاڭشى ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ ئاغزىدىن غالداننىڭ پاناھلىق تىلەپ تىبەتكە قاچماقچى بولغانلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال مىلادى 1696 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ھۆدەيچى بورانى لخاسادىكى دىباسانجىجاسۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ: «مۇبادا غالدان بوشۇكتۇ خانغا پاناھلىق بېرىدىغان بولساڭ، يۈننەن، سىچۈەن، شەنشىلەردىن ئۇستۇڭگە لەشكەر تارتىپ بارىمەن!» دەپ تەھدىت سالدى. دىباسانجىجاسۇ كاڭشىنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ، غالدانغا ياردەم قولىنى سۇنۇشقا پېتىنالمىدى. شۇنداق قىلىپ، غالداننىڭ بۇ يولىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئېتىلگەن بولدى!

دېمەك، غالدان ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە خارجى ئىشلار جەھەتلىرىدىكى مۇشۇنداق بىر قاتار ئوڭۇشسىزلىقلار تۈپەيلىدىن ئۇزۇل - كېسىل يېتىم قالدى...

① ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»، 3 - جىلد، «كاڭشى خاننىڭ جۇڭغارلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلىرى».

② «گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئاسىيلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 27 - جىلد، 8 — 11 - بەتلەر.

www.bilnur.com

*　　　*　　　*

ئەزىم دەريا — كۆك ئىرتىشنىڭ سۈيى قىنىغا پاتماي، خۇددى مۆڭگۈپ بىر ئىزدا توختىمايۋاتقان توسۇن ئايغىردەك شىددەت بىلەن تاشتىن - تاشقا ئۇخچۇپ ئاقاتتى. بىر - بىرىنى كەينى - كەينىدىن قوغلىشىپ كېلىۋاتقان سۇ دولقۇنلىرى يارغا دەھشەتلىك ئۇرۇلۇپ، ئەتراپقا شالاقشىتىپ ئاپئاق بۇژغۇنلار چاچرىتاتتى. ئوت - چۆپلەر، ئۇششاق شېغىللار ۋە دەرەخ شاخلىرى سۇ دولقۇنىدا شالىلىنىپ قىرغاققا چىقىپ قالاتتى. تۇيۇقسىزدىنلا تۇكلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بىر جۇڭغارىيە بۆرىسى قۇرام تاشلار ئارىسىدىن ئاسقاقلىغىنىچە دەلدەڭشىپ ئاران مېڭىپ چىقتى. بۇ ئورۇقلاپ مۇردىدەك بولۇپ قالغان بىر ئاچ بۆرە ئىدى. ئۇنىڭ يىرتقۇچ چىشلىرى ئۇپراپ قالمىغان، ئۆتكۈر ۋەھشىي تىرناقلىرى گاللىشىپ كوتمەك بولۇپ قالغانىدى. بۆرە سەندىرەكلەپ كېتىۋېتىپ، ئامالسىزلىقتىن ئاجىز ھۇۋلاپ قوياتتى. ئۇ كۆك ئىرتىش بويىدىكى بوك ئۆسكەن قارىغايزارلىقنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، بېشىنى يەرگە قويغىنىچە سونايلىنىپ ياتتى، ئۇ ئۆلۈمگە تەييارلانماقتا ئىدى. توساتتىن نەدىندۇر بىرنەرسىنىڭ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولۇۋىدى، بۇ ھوشيار ئەمما نىمجان جۇڭغارىيە بۆرىسى بېشىنى تولىمۇ مۇشەققەت ئىچىدە كۆتۈردى - يۇ، ئەمما ئۇنىڭ بېشى يەنە يەرگە شىللىقىدە چۈشۈپ كەتتى. بۆرىنىڭ كۆزىدىكى ياۋۇز يېشىل ئۇچقۇن لاپپىدە يانغاندەك بولدى — دە، مەڭگۈگە ئۆچتى. . .

*　　　*　　　*

غالدان زۇن مودۇن ئۇرۇشىدا خاقانىي چىن قوشۇنلىرىدىن

www.bilnur.com

يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن مىلادى 1697 ـ يىلى ئەتىيازدا كۆك ئىرتىش بويىغا يېتىپ كەلدى.

غالداننىڭ ئاستىدىكى تەڭگە چىپار ئارغىماق ئۇزاق مۇساپىدىن كېيىن هاردۇق يەتكەنمۇ ـ قانداق، بۇرۇنقىدەك چاپچىپ تۇرماستىن شۈكلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىنى پۈتۈنلەي چاڭ بېسىپ كەتكەچكە، قوڭۇر رەڭدە كۆرۈنەتتى، غالدان بوشۇكتۇ خاننىڭ قۇياق ـ ساۋۇتىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىۋالغان يېپىنچىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرىدىكى بىر تال ئىزمىسىلا ئېتىلگەنىدى. ئۇ ئىرتىش بويىدىكى يارنىڭ ئۈستىدە يىراقتىكى ئېرەن ـ قابۇرغا تاغلىرىغا نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. دەريادىن سوققان سوغۇق شامالدا ئۇنىڭ يېپىنچىسى خۇددى ئۇلۇغ ئەجدادى چىڭگىزنىڭ ئۇرۇش تۇغىدەك لەپىلدەيتتى.

غالداننىڭ تۇزۇك ئادىمى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئالار باي، بۇيان گېلىڭ دېگەن ئىككى باهادىرى ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇراتتى. غالداننىڭ ئارابدان باهادىر بىلەن گېرىسگويىن باهادىر دېگەن ئىككى سەركەردىسى يېقىندا خاقانىي چىنغا قاچقانىدى. ئۇنىڭ ئوغلى سەپتىڭ بالجۇردىن باشقا يەنە «ئىككى ـ ئۈچ قۇر بېشى، 100 دەك نەۋكىرى قالغانىدى. ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنىڭ بىردىن ئېتى، بىردىن تۆگىسى، كۆپىنچىسىنىڭ بىردىن ئېتى قالغان، ئوتتۇز دەك ئادەمنىڭ هېچقانداق ئات ـ ئۇلىقى قالمىغان، كالا ـ قويلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەنىدى. ئۇلار ئوۋ ئوۋلاپ جېنىنى جان ئېتەر ئىدى. ئوۋلايدىغان ئوۋ تاپالمىغاندا، ئامالسىز ئات ـ تۆگىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشەتتى...»①

① «كاڭشى زامانىسىدا غالدان هەققىدە يېزىلغان خەت ـ چەكلەر»، ئويرات تاش ئاغزاكى ئېيتىپ بەرگەن. «هۆججەتلەر مەجمۇئەسى» 6 ـ توپلام.

www.bilnur.com

*　　　*　　　*

3 ـ ئاينىڭ باشلىرى، غالدان ئىرتىش بويىدىن باركۆل ئەتراپلىرىغا قايتىپ كەلدى.

بىر كۈنى، ئۇ خان چېدىرىدا ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىزدىن تالادا بىرسىنىڭ غودۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېلىقى كىشى: «يا ئۇرۇشۇپ غەلبە قىلالمىساق، يا تەسلىم بولمىساق، نېمە كۈن بۇ؟!»① دەپ قايناپ سۆزلەۋاتاتتى. يارىسىغا دورا چاپتۇرۇۋاتقان غالدان دەرھال ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرتتى. تورغاۋۇتلار ھېلىقى كىشىنى غالداننىڭ ئالدىغا توغرا قىلدى. غالدان قارىۋىدى، ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ ئىبرىنجاپ دېگەن بىر سەردارى ئىكەن. ئۇ غالداننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قورققىنىدىن ئۆزىنى دەرھال يەرگە تاشلاپ غالدان بوشۇكتۇ خاننىڭ ئايىغىنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى.

— قورقما، سېنى ئۆلتۈرمەيمەن. قېنى ماۋۇ ماڭغالنىڭ② يېنىغا ئولتۇر، — دېدى غالدان، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىبرىنجاپ دېگەن سەردارنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. چۈنكى موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە ماڭغال ئالدىغا ئولتۇرغانلىق شۇ ئۆينىڭ ئادىمى بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى.③

غالدان بۈگۈن بۆلەكچىلا ئىغىر - بېسىق بولۇپ مۇلايىملىشىپ كەتكەنىدى:

— ئەسلىدە كورۇلۇنغا④ كەلمەيدىغانمۇ ئىش ئىكەنتۇق. ئەتتەكەي، مەن دالاي لامانىڭ سۆزىگە بەك ئىشىنىپ كېتىپ،

---

① «گوبىنىڭ شىمالدىكى ئاسىيالارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 39 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 36 ـ يىلى.

② ماڭغال — ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئوچاق، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، چىڭگىزخان موڭغۇللارنىڭ ئامىنى موشۇ ئوچاقنىڭ نامى بىلەن قويغان ئىكەن.

③ موڭغۇل تىلىدا ماڭغال: «مانەغال — بىزنىڭ تۇتۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.

④ كورۇلۇن — تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ پايتەختى ئولانباتورنىڭ قەدىمكى نامى، «قارا قورۇم» دەپمۇ ئاتالغان.

www.bilnur.com

ئۆزۈمنىمۇ، سىلەرنىمۇ مۇشۇنداق مۇشكۇلچىلىككە دۇچار قىلدىم[1]. بىراق، ئەرنىڭ بېشىغا نېمە كۈن كەلمەيدۇ دەيسەن؟!

يەردە ياتقان ئېرىنجاپ غالداننىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ ھەدەپ يەر سۆيەتتى.

— شۇڭا، بۇ دۇنيادا بالا ـ قازا دېگەندىن ئانچە قورقۇپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى غالدان يارىسىغا قاراپ قويۇپ، — نەيزىنىڭ ئىككى ئۇچى بولغىنىدەك، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى ئايدىڭ بولىدۇ. بۈگۈن نۇسرەت قۇشى بوغدا خاننىڭ بېشى ئۈستىدە پەرۋاز قىلغان بولسا، ئەتە مېنىڭ ئاسمىنىمدا پەرۋاز قىلماسلىقىغا ھۆددە قىلالامسەن؟! سەن مېنىڭ يېڭىلىپ قالغىنىمغا قارىما، بۈگۈن يېڭىلگەن بولسام، ئەتە يېڭىمەن! جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، چوقۇم مەقسىتىمگە يېتىمەن! بۈگۈن بوغدا خان ماڭا زۇلۇم تىغىنى ئۇرغان بولسا، كىم بىلىدۇ، ئەتە ئۇمۇ باشقىلار تەرىپىدىن خارلىق گۈرزىسىنى يەمدۇ ـ تېخى؟!...

شۇ ئەسنادا خان چېدىرىغا بىر تورغاۋۇتنىڭ بىمەھەل كىرىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، غالداننىڭ سۆزىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى غالدان تەرىنى تۈرۈشتۈرگىنىچە.

— تالادا ئىككى ئادەم: «بوغدا خاننىڭ ئالدىدىن كەلدۇق. بوشۇكتۇ خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشەتتۇق» دەپ تۇرىدۇ، كىرسۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى تورغاۋۇت.

غالدان ئىجازەت، دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

خان چېدىرىغا كىرگەن بۇ ئىككى ئادەم جۇڭغارلاردىن بولۇپ، زۇن مودۇن ئۇرۇشىدا خاقانىي چىن قوشۇنلىرىغا

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى كاڭشى خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 173 ـ جىلد، 27 ـ بەت.

www.bilnur.com

ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىدى.

— ھە نېمىشقا كەلدىڭلار، بوغدا خان سىلەرگە قانچىلىك شاپائەت كۆرسەتتى؟! — دەپ سورىدى غالدان تەرىنىمۇ ئاچماستىن.

— بوغدا خان ھەقىقەتەن دانا، مېھرىبان، مۇلايىم رەھىمدىل، مۇرۇۋۋەتلىك خاقان ئىكەن. بىزلەر ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن: «سىلەر ئەسلىدىمۇ مېنىڭ پۇقرالىرىم ئىدىڭلار. ئىلگىرى ئېزىپ قېلىپ خاتا يولغا كىرىپ قاپسىلەر، مەن سىلەرنى كەچۈردۈم. بۇنىڭدىن كېيىن ياۋاش، مۆمىن پۇقرا بولۇپ، ئۆز تىرىكچىلىكىڭلار بىلەن شۇغۇللىنىشىڭلارغا رۇخسەت قىلدىم!» دەپ بىزنى ئۆلتۈرمىدى.

— يەنە نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى غالدان نەشتەردەك كۆزلىرى بىلەن قادىلىپ تۇرۇپ.

— بوشۇكتۇ خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى ئۇلار تىترەپ تۇرۇشۇپ، — بوغدا خان سىلىنى «تەسلىم بولسىلا، كېيىنكى ئۆمرىنى راھەت - پاراغەت ۋە شېرىن - لەززەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ» دەيدۇ...

— سەنلەر بوغدا خانغا مېنى شۇنداق دېدى دەپ ئېيتىشقىن! — دېدى غالدان قولىنى جۇنۇپ تۇرۇپ، — دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقتىنمۇ قىممەتلىك راھەت - پاراغەت، ئۇنىڭدىنمۇ شېرىن - لەززەتلىك نەرسە يوق! ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ھېچ گەپ ئەمەس! بەزىدە ئادەمنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە ئەمدى يېتەي دېگەنىدە، كۈتۈلمىگەن يەردىن بىر بەختسىزلىككە ئۇچراپ، ئارماندا كېتىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. مەن غالدان تاغنى يۇلۇپ ئالغۇدەك غەيرەت - شىجائەتكە ئىگە بىر سەركەردىدۇر مەن! بۇ مەغلۇبىيەت مەن ئۈچۈن ھېچقانچىلىك ئىش، ھېچقانچىلىك ئوڭۇشسىزلىق ھېسابلانمايدۇ! ئەمدى سىلەرگە رۇخسەت، سىلەر

www.bilnur.com

كەتسەڭلار بولىدۇ.
غالدان سۆزىنى تۈگىتىپلا تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى...[1]

*　　　*　　　*

مىلادى 1697 ـ يىلى قەمەرىيە كەبىسە 3 ـ ئاينىڭ ئىلىرى[2]. پايانسىز كەڭ ئاقتاش يايلىقى كۆپ — كۆك كۆكەرگەن، گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ، كەڭرى دالا گۈزەل مەنزىرىگە كىرگەنىدى. يىراقتا ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرىنىڭ قار ـ مۇز قاپلانغان ئاقباش چوققىلىرى قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ پارقىراپ كۆزنى چاقنىناتتى. يايلاقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا — ئوت ـ چۆپ بولۇق ئۆسكەن يەردە ئىككى پارچە ئاق تاش بىر ـ بىرىگە چاپلاشقان ھالدا يەككە ـ يېگانە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. خان چېدىرىدىن ھاۋا يېگىلى تالاغا چىققان غالدان كۆك تەڭرىنىڭ بۇ كارامىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدى. ئۇ تۇخۇم قويسا كۆرۈنىدىغان ئاقتاش يايلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ ئىككى پارچە ئاق تاشنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولۇپ، قېرى شامان باخشىنى كىچىك لۈۋۈڭنى چاقىرتتى.

— باخشى[3]— دەپ سورىدى غالدان شاماننى كۆرۈپ، — بۇ نېمە كارامەتتۇر؟

كىچىك لۈۋۈڭ ئاڭلىغىنى كۆپ، ئوقۇمۇشلۇق، تولىمۇ سۆزمەن بىر ئادەم ئىدى.

— بۇ ئىككى ئاق تاش ئەسلىدە ئىككى ئادەم ئىكەندۇق، — دېدى شامان غالدانغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

— قانداق بولۇپ تاشقا ئايلىنىپ قالغان ئىكەن؟ — دەپ

---

① «موڭغۇل تارىخى»، 1 ـ توم، خەنزۇچە، 638 ـ بەتكە قارالسۇن.
② قەمەرىيە كالېندارى بويىچە بىر يىل ئىچىدىكى كەبىسە ئاي ئارقىمۇ ئارقا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ.
③ باخشى — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇستاز، قامان» دېگەنلىك بولىدۇ.

www.bilnur.com

سورىدى غالدان ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.

— بۇرۇنقى چاغلاردا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى شامان، — مۇشۇ ئەتراپتا تېرگىن[1] دەپ ئاتىلىدىغان بىر چارۋىچى كۆچمەن ئۇلۇس ياشىغان ئىكەن. بۇ ئۇلۇسنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئايچېچەك ئىسىملىك گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ شەمشاد شېخىدىن توقۇلغان گۈلتاجنى كىيىپ يۈرىدىكەن. تېرگىن ئۇلۇسىدا باي تەمۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر مالچى يىگىت بار ئىكەن. ئۇ نەيگە ئۇستا ئىكەن. ھەر كۈنى، ئۇ مېلىنى ھەيدەپ تاغدىن چۈشكەندە، شەمشاد چىۋىقلىرىدىن گۈلتاج توقۇپ ئايچېچەك قىزغا ئالغاچ كېلىدىكەن. ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە نەيىنى چالسا، ئايچېچەك قىز دەرھال ھازىر بولىدىكەن. باي تەمۇر قولىدىكى گۈلتاجنى قىزنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ: «ئەمدى ئايچېچەك ئالتۇن بېكەگە ئوخشىدىڭىز!» دەپ قىزنى كۈلدۈرۈۋېتىدىكەن.

بىر يىلى، بۇ يەردە قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، پۈتۈن يايلاق، پۈتۈن تاغ، پۈتۈن دەل ـ دەرەخ قۇرۇپ كېتىپتۇ. باي تەمۇر ئەمدى ئايچېچەك قىزغا گۈلتاج توقۇپ ئېلىپ كېلەلمەيدىغان بوپقاپتۇ. قىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، چېھرىدىن كۈلكە غايىب بولۇپتۇ. باي تەمۇر تىت ـ تىت بولغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. يىگىت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلاپتىكەن، كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەپتۇ — دە، تاغدىكى شەمشادلارنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قاتتىق ئىرغىتىشقا باشلاپتۇ، شۇ شەمشادلارنى ئىرغىتا ـ ئىرغىتا، قارا تەرگە چۈمۈپتۇ. يىگىتنىڭ بەدىنىدىن تامغان تەر تامچىلىرى تاما ـ تاما ئاخىر زېمىننى نەمدەپتۇ. ئاخىر، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تەرمۇ قۇرۇپ تۈگەپتۇ.

---

[1] تېرگىن — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ھارۋا» دېگەنلىك بولىدۇ. تېرگىنلار «قاڭقىللار» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن بىرى ئىدى.

www.bilnur.com

تەرنىڭ ئۇرنىغا تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قېنى تامچىلىشقا باشلاپتۇ. يىگىتنىڭ قان - تەرلىرى سۇسىزلىقتىن چاڭقاپ قۇرۇپ كەتكەن شەمشادلارنىڭ يىلتىزىغا سىڭىپ ياشارتىپتۇ — دە، شەمشادلار قايتىدىن كۆكىرىپ. ئوت - چۆپلەرمۇ قايتىدىن كۆكىرىشكە باشلاپ، زېمىن يېڭىۋاشتىن ياپيېشىللىققا ئايلىنىپتۇ. ئەمما، باي تەمۇر ھالسىزلىنىپ، زېمىننىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپتۇ — دە، كۆزىنى مەڭگۈ يۇمۇپتۇ. يىگىتنىڭ نېمىنى ئاڭلىمىغان ئاي چېچەك قىز كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، يىگىت قىزغا ئاتاپ توقۇغان گۇلتاجىنى قۇچاقلىغىنىچە، جان ئۈزۈپ كەتكەنىكەن. قىز زار - زار يىغلاپ، يىگىتنىڭ قولىدىكى گۇلتاجىنى ئېلىپ بېشىغا كىيىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىدىن چەشمە - بۇلاقلار ھاسىل بولۇپتۇ، بۇلاقلاردىن ئېقىپ چىققان تارام - تارام سۇلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئېقىپ ئەزىم دەريا — ئېرتىش دەرياسىنى ھاسىل قىلىپتۇ. دەريادىكى سۇلاردىن كەڭ كۆك يايلاق دالاسى سۇ ئىچىپ، زېمىن يېڭىۋاشتىن چىمەنزارلىققا ئايلىنىپتۇ. ئاي چېچەك قىز تولا يىغلاپ ئاخىر ھالىدىن كېتىپ قاپتۇ — دە، بېشىنى يىگىت باي تەمۇرنىڭ قۇچىقىغا قويغان پېتى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تىرىكىنلار ئۇ ئىككىسىنى مۇشۇ چىمەنلىككە بىللە دەپنە قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ قەبرىسى بىر - بىرىگە چاپلاشقان ئىككى ئاق تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. كىشىلەر بۇ يايلاقنى شۇ ئاق تاشنىڭ نامى بىلەن «ئاق تاش يايلىقى» دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ...

شامالنىڭ ئاق تاش ھەققىدىكى بۇ گۈزەل رىۋايىتىنى ئاڭلاپ، غالداننىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن يۈرىكى ئازراق يۇمشىغاندەك بولدى...

www.bilnur.com

*　　　*　　　*

مىلادى 1697 ـ يىلى قەمەرىيە كەبىسە 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، دالىدا بىر توپ ئاتلىقلار ئالاقان بولغان بىر سېمىز مارالنى قوغلاپ يۈرەتتى. مارالنىڭ يانپىشىغا بىر تال ئوق سانجىلغان بولۇپ، يارا ئىزىدىن ئېقىپ چىققان قان مارالنىڭ ساغرىسىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنىدى. ئەمما، يارىلانغان بۇ مارال ھازىرچە تۈتۈق بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر خىلدا تۆۋەنگە قاراپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى. ھېلىقى ئاتلىقلارمۇ مارالنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلىغىنىچە تاپ باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ھەقىقى بەيگە بولۇپ، قايسى تەرەپ ئۇتۇپ چىقسا، شۇ تەرەپ ھايات قالىدىغان ھايات ـ ماماتلىق بەيگىسى ئىدى.

ئاقساق مارالنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلار غالدان بوشۇكتۇ خاننىڭ ئوغلى سەپتىڭ بالجۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىدى. تۈنۈگۈن كېچە ئۇلار ئاراتۇرك تاغلىرىدا ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ ئاقتاش يايلىقىنىڭ چېتىدە بۇ مارالنى ئۇچراتقاندىن كېيىن ئۇنى ئېتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ ئەمما ئوق مارالنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ قورشاۋىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ ئاقساق مارال تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قالماق جىلغىسى دېگەن يەرگە كەلگەندە، ھالسىزلىنىپ ئاخىر يىقىلدى. ئارقىدىن يېتىشىپ كەلگەن سەپتىڭ بالجۇر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا يەردە ھالسىزلىنىپ سۇنايلىنىپ ياتقان مارالنىڭ تۆت پۇتىنى چېتىپ باغلاپ تاشلىغاندىن كېيىن ئۇنى قالماقچە سويماقچى بولۇپ يېنىدىن خەنجىرىنى ئالدى — دە، مارالنىڭ يۈرىكىگە تىقىۋەتتى. مارال ئېچىنىشلىق بىر مۆرىدى ـ دە، بىر ـ ئىككى تىركاشىپ قويۇپلا جىمىدى. . .

ۋادەرىخا، تۆلكە توشقان ئوۋلاۋېتىپ، ئوۋچىنىڭ ئۆزىنىڭ

www.bilnur.com

پىيىغا چۈشكەنلىكىنى سەزمەيدۇ. ھالبۇكى، ئوۋچىمۇ ئۆزىنىڭ كەينىدە شىپقاپ كېلىپ ئۇنى باسماقچى بولۇپ تەمشىلىۋاتقان قاپلاننى سەزمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ بۇرۇن ئۆلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ. قاپلانمۇ، ئوۋچىمۇ، تۈلكىمۇ ۋە ياكى توشقانمۇ؟...

قازارا، سەپتىڭ بالجۇرلارنى بۇيەرگە — قالماق جىلغىسىدىكى ئەجەل مۇئەككەللىرىنىڭ ئالدىغا ھېلىقى ئاقساق مارال باشلاپ كەلدى!

ئەسلىدە، غالدان بوشۇكتۇ خان باركۆل ئەتراپلىرىغا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن ئوزۇق - تۈلۈكى پۈتۈنلەي ئۆكسىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ يارىسى ئەدەپ كەتكەنلىكتىن، ئوغلى سەپنىڭ بالجۇرنى بىرنەچچە ئادەم بىلەن ئاقتاش يايلىقىنىڭ چېتىدىكى ئاراتۇرك تاغلىرىغا ئوۋ ئوۋلاشقا ئەۋەتتى.

ئاقتاش يايلىقىدا مال باقىدىغان پولداڭ قالماق دەيدىغان بىر چارۋىچى غالداننىڭ بۇ ئەتراپقا كېلىپ قوش تىككەنلىكىنى دەرھال قۇمۇلنىڭ جاسىقى ئەبەيدۇللا تارخانبەگكە خەۋەر قىلدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چوڭ ئوغلى گوپ بەگ بىلەن سۇلتان پالۋاننى 300 چېرىكنى ئېلىپ غالداننى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

گوپ بەگلەر يەمچۈك قىلىش ئۈچۈن باغدا بېقىۋاتقان بىرمارالنى موزىيىدىن ئايرىپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىۋالغانىدى. ئۇلار ئاقتاش يايلىقىنىڭ چېتىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھېلىقى مارالنى قويۇپ بەردى — دە، ئۆزلىرى مارال قېچىپ ماڭغاندا جەزمەن ئۆتىدىغان قالماق جىلغىسى دىگەن جىلغا ئىچىگە مۆكۈۋالدى. دىگەندەك، ئۈچ كۈندىن كېيىن مارال قېچىپ مۇشۇ قالماق جىلغىسىغا كەلگەندە، ھالسىزلىنىپ يىقىلدى...

مارالنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا گوپ بەگ

www.bilnur.com

ھەمراھلىرىغا: «سىلەر تاشنىڭ ئارقىسىدا ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇڭلار، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا مارالنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاۋۇ قالماقنى ئۆتكۈزۈۋېتىڭلار — دە، كەينىدىكى قالماقلارنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇڭلار، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئېتىنى چەنلەپ ئېتىڭلار! مەن مۇشۇ يەردە پايلاپ يېتىپ ئاۋۇ ئاتلىق قالماقنى تىرىك تۇتاي، بەلكىم ئۇ غالدان دېگەن قالماق بولسا كېرەك!» دەپ، مارال يىقىلغان يەرنىڭ كەينىدىكى قۇرام تاشلىق ئىچىگە ئۆمىلەپ كىرىپ كەتتى.

گۇپ بەگ قۇرام تاشنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ھېلىقى چېپىپ كېلىۋاتقان جۇڭغارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ياتتى. بىر كەملەردە ھېلىقى ئاتلىق جۇڭغار جىلغا ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. گۇپ بەگ خەنجىرىنى ئاغزىدا چىشلىگەن پېتى تاشنى دالدا قىلىپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ: «ئودا سەن بولجە!»① دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى — دە، ئۆزىنى سەزدۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشىپ، تېخىمۇ تېز ئۆمىلەشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇ ئاۋاز چىققان يەرگە يېتىپ كېلىپ، قۇرام تاشنىڭ ئۇستىگە يامىشىپ چىقىۋالغاندىن كېيىن تاش ئۇستىدە تۆۋەندە يۈز بېرىۋاتقان ئىشنى بىمالال كۆرۈپ ياتتى. يىراقتا بىر ئات تۇراتتى، ئۇ پۇتلىرى بىلەن يەردىكى ئوتلارنى تاتىلاپ يېمەكتە ئىدى. ھېلىقى جۇڭغار ئاۋۋال ياردار مارالنى قالماقچە سويۇش ئۇچۇن يېنىدىن خەنجىرىنى چىقارغان پېتى مارالنىڭ يۈرىكىگە تىقتى. مارال ئىچىنىشلىق بىر مۆرەپلا جىم بولدى. ھېلىقى جۇڭغار بەك ھېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، مارالنى تېخى سويۇپ بولماي تۇرۇپلا ئۆزىنى تاشنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويغىنىچە ئوڭدا ياتتى.

دەل مۇشۇنداق بولۇشنى كۇتۇپ ياتقان گۇپ بەگ تاشنىڭ

---

① موڭغۇلچە: «ھە، ئەمدى ئىش پۈتتى!» دېگەن مەنىدە.

www.bilnur.com

ئۇستىدىن ھېلىقى جوڭغارنىڭ تۇپىسىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئەسلىدە: «ھېرىپ ماجالى قالمىغان ئەبگا قالماقنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىماق قانچىلىك ئىش ئىدى؟» دەپ ئويلاپ قالغان گۇپ بەگ ھېلىقى جوڭغارنىڭ ئۇستىگە مىنىۋېلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ يېنىدىكى تاسمىسى بىلەن باغلىماقچى بولۇۋىدى ھېلىقى جوڭغار ئۇ ئويلىغاندەك ئەبگا بولماي چىقتى. ئۇ قاۋاندەك باشتۇق، بوقىدەك كۈچتىڭگىر بولۇپ، گۇپ بەگكە زادىلا بوزەك بولمىدى. جوڭغار ئېلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر قولىنى بوشىتىۋالدى — دە، يەردە تۇرغان بىر تال تاش بىلەن گۇپ بەگنىڭ كۆزىگە قاتتىق بىرنى ئۇردى. گۇپ بەگنىڭ كۆزىدىنى شۇ ئەسنادا ۋاللىدە ئوت يېنىپ، بېشى يەر - جاھان پىرقىراپ ئايلانغاندەك بولۇپ قايغىلى تۇردى. ئەمما ئاستىدا ياتقان جوڭغار ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىۋالسىلا ئۆزىنىڭ ھايات قالمايدىغانلىقىنى بىلگەن گۇپ بەگ كۆزىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن، جوڭغار بىلەن ئېلىشىۋەردى. بىراق، جوڭغار گۇپ بەگنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ بوشىنىۋالدى — دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، جان - جەھلى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى تېپىۋالدى. گۇپ بەگ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىگە ھېلىقى جوڭغار گۇپ بەگنىڭ يەردە ياتقان خەنجىرىنى قولىغا ئالدى — دە، ئۇنىڭغا قاراپ ئۆچ ئالغۇچى قاۋاندەك ئېتىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئېلىشىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن سۇلتان پالۋان قولىدىكى چوقمىقى بىلەن ھېلىقى جوڭغارنىڭ خەنجەر تۇتقان قولىغا قاتتىق بىرنى ئۇردى. غىرىسلاپ سۇنغان سۆڭەكنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجەرمۇ يىراققا ئۇچۇپ چۈشتى. سۆڭىكى سۇنغان قولىنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالمىغان جوڭغار پو تىرەكتەك يېنىغا پولاڭلاپ يىقىلدى. سۇلتان پالۋان ئۇنى دەرھال چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ

www.bilnur.com

تاشلىدى.

گۇپ بەگ ئۆزى بىلەن جان تىكىشىپ ئېلىشقان بۇ جۇڭغارنىڭ غالدان بوشۇكتۇ خاننىڭ ئوغلى سەپتىڭ بالجۇر ئىكەنلىكىنى ئەسىرگە چۈشكەن جۇڭغارلاردىن سوراپ بىلدى...

*　　　*　　　*

ئىمپېراتور كاڭشى غالداننىڭ ئوغلىنىڭ تىرىك تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بۇ چاغدا نىڭشىيا ئالدىنقى سەپىدە ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا ئاتلانغانىدى.

— بارىكاللا، بارىكاللا! — دەپ كەتتى ئۇ مەمنۇن بولغىنىدىن ئارقىمۇ ئارقا، — تېخى ئۆتكەندىلا غالداننىڭ خوتۇنى ئاناخاتۇننىڭ كاللىسىنى كەسكەنىدۇق. ئەلھال، ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ تىرىك قولغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق! ئاسىيلارنىڭ ئۇرۇق - يىلتىزى كېسىپ تاشلىنىدىغان بولدى. بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بولماي نېمە؟ گەرچە ئاسىيلارنىڭ كاتتىۋېشى غالدان قېچىپ يۈرگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇ قېرىپ، مۈكچىيىپ كەتتى. ئۇ يەنە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەلەر؟ ئۇنى تۇتۇش پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا بولۇپ قالدى. ھەربىي ئىشلاردا پۇرسەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ۋەللەھەمكى، غالدان ئەمدى نەگىمۇ قاچالايدۇ؟ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال قوۋۇقتىن ئەسكەر باشلاپ چىقىپ ئاسىيلارغا تېز قوغلاپ زەربە بېرىشىمىز كېرەك، بۇمۇ بىر پۇرسەت. غەربىي يۇرتقا ئەمدى ئەسكەر چىقارمىساق قاچان چىقىرىمىز؟ بىز نىڭشىيادىكى جەڭگاھقا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، جاۋانمەرد سەركەردە - لەشكەرلەرنى باشلاپ ئاسىي - قاراقچىلارنى سۈرۈپ - توقاي قىلدۇق. ئاسىي - قاراقچىلار نۇسرەت سۈپەت

www.bilnur.com

تەڭرى قوشۇنلىرىمىزنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىنى ئاڭلاپ تىرىپىرەن بولۇپ، قوشاقچىنىڭ چاڭگىسىدەك توزۇپ كېتىشتى، چەنتۇ ـ موڭغۇل ئۇلۇسلىرى بىزنىڭ نىڭشيادىكى جەڭگاھتا ئىكەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۆھپە ـ خىزمەت كۆرسىتىشكە ئالدىرىماقتا. ئۇلار ئاسىي غالداننى تىرىك تۇتۇپ، بېشىغا ئىنسان بالىسى كۆرمىگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى سېلىش ئۈچۈن، «يەردە قاپقان، ئاسماندا تور قۇرۇپ» قويۇشتى. ئاسىي غالدان چوقۇم قولغا چۈشىدۇ! بىز سەلتەنىتىمىزنىڭ چېگرا ھۇدۇتلۇقىنى موغۇلىستان بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىگە كېڭەيتىش ۋە ئۇ يەرلەرنى ئۆزىمىزگە قوشۇۋېلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىشنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمىز! . . .[1]

— ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۇمەن مىڭ يىل ياشىغايلا! بارگاھنىڭ ئىچى ئەمرۇل ـ ئۆمەرا، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ تەنتەنىلىك ئالقىش سادالىرى ئىچىدە تىترەپ زىلزىلىگە كەلدى.

* * *

مىلادى 1697 ـ يىلى قەمەرىيە كەبىسە 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، 53 ياشلىق غالداننىڭ يارىسى ياخشى بولالماي، ئاخىر ئاقتاش يايلىقىدىكى قارارگاھىدا ئۆلۈپ كەتتى[2]. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن مۇلكىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي سەھنىسىدە بىر مەھەل جاھاننى تىترەتكەن بۇ داڭلىق سەركەردە ئۆزىنىڭ ھايات

---

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى شېڭزۇ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 180 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 38 ـ يىلى.

② غالداننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر ئۇنى «زەھەر ئىچىپ ئۆلگەن» دەيدۇ. مەن بۇ يەردە «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى» دىكىسىنى ئاساس قىلدىم.

www.bilnur.com

سەپىرىنىڭ ئاخىرىنى مۇشۇنداق مېڭىپ تۈگەتتى.

غالدان قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ مالىمانچىلىقى ئىلگىرى - ئاخىر يىگىرمە يىلدەك داۋام قىلدى. ئۇ مىلادى 1678 - يىلى سەئىدىيە خاندانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن ئاپاق خوجىنى قورچاق قىلىپ يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنى مىللىي خورلۇق دېڭىزىغا ئىتتىردى. كەڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئۆزلىرى يۆلەپ تۇرغۇزغان قورچاقلار ئۈستىدىن باسقاق قىلىپ موڭغۇل شاھنە - قاراخانلىرى تۇرغۇزدى. ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە بىۋاسىتە قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان - تەرلىرىنى شورىدى؛ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئەلمىساقتىن تارتىپ زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزدى. غالدان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت ئېكىنى تۈپ - نېگىزىدىن يوق قىلىش ئۈچۈن، ئاپاق خوجىغا ئوخشاش بىر ئوچۇم ئەشەددىي سادىق غالچىلار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى نادانلىقتا قالدۇرىدىغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى يولغا قويدى؛ غالداننىڭ ئۇرۇشخۇمار سىياسىتى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى، جۇملىدىن جۇڭغارلارنىڭ ئۆزلىرىنىمۇ چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى. خەلق ئۇنىڭدىن ئىنتايىن نەپرەتلەندى ۋە بەزدى. مەزلۇم خەلقنىڭ ئاھۇ - زارلىرى ئۇنى ھالاكەتلىك ھاڭغا سۆرەپ، ئاخىر ئۆلۈمگە دۇچار قىلدى...

قازارا، غالدان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەئىيانلىرىدىن دانجىر باھادىر، نويان گېلىڭ باھادىر ۋە دانجىر باھادىرنىڭ كۈيئوغلى سىلون، غالداننىڭ قىزى چوڭ ساغان قاتارلىقلار غالداننىڭ ئۆلۈكىنى كىگىزگە يۆگەپ شىرغىغا ئارتىپ، 300

www.bilnur.com

تۇتۇندەك ئادەمنى باشلاپ، خاقانىي چىنغا تەسلىم بولدى. . .

نەزمە

ئەي زالىم، يېتەر خەلققە ئازارىڭ،
قاچانغىچە قاينار بۇ بازارىڭ؟
سەلتەنەت سۈرمەك نە كېرەك ساڭا؟
خەلقنى ئەزگىنىڭدىن ئۆلگىنىڭ ئەلا!

— شەيخ سەئىدى

www.bilnur.com

## خاتىمە

# دانىيال خوجا

«ئۆيۈڭگە ئوت كەتسە، ئۆزۈڭنىڭ
چىرىغىدىن كۆر.»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

**مىلادى** 1698 - يىلى (يولۋاس يىلى) ماھى سەرتاننىڭ 12 - كۈنى، جۈمە.

ئاقسارايىنىڭ ئالدىغا بىر توپ سىگال دىۋانە، ئۇششۇق سوپى، قاشاڭ دەرۋىشلەر توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلار ھاسىلىرى بىلەن ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسىنى غەزەپ بىلەن ئۇرۇشۇپ ۋارقىرىشاتتى:

— دەرۋازىنى ئېچىڭلار! — دەپ ھەدەپ چۇقان كۆتۈرۈشەتتى ئۇلار، — ئاقباش ئىشان نېمىشقا ئالدىمىزغا چىقمايدىكەن؟ دەرۋازىنى ئېچىش، ئېچىشمىساڭ، ھېلى باكا دەرۋازىغا ئوت قويىمىز! ياخشىلىقچە ئېچىڭلار!

بۇ چاغدا ئاقساراي ئىچىدىكىلەر ئۇيۇر - تۇيۇر بولۇشۇپ، ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى. يەكەن ئەمىرى مىرزا ئەلىشاھ

www.bilnur.com

ساقچىلارغا دەرۋازىنى چىڭ تاقاش ھەققىدە قىسقا ـ قىسقا بۇيرۇقلارنى چۈشۈرەتتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدىكى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاقباش خاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ھەزرىتىم، ناھايىتى كۆپ سوپى ـ دەرۋىشلەر ئاقسارايىنىڭ ئالدىغا توپلىنىشىۋالدى. ئۇلار: «ئاقباش ئىشان ئالدىمىزغا چىقسۇن، بولمىسا دەرۋازىغا ئوت قويىمىز!» دەپ غوۋغا كۆتۈرۈشۈۋاتىدۇ. ھەزرىتىم، قانداق پەرمانلىرى باركىن؟ — دېدى.

ئاقباش خان تەشۋىش ئىچىدە خىيالغا چۆمدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ رىياكار سوپىلارنى قانداق يىغىشتۇرسامكىن؟» دېدى — دە، مىرزا ئەلىمشاھقا قاراپ:

— ئەسلىدە سىلىنىڭ گەپلىرىگە كىرىپ، بۇ ئاقتاغلىق سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئۇرۇق ـ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تاشلاش كېرەك ئىكەن، ئەتتەڭەي! — دېدى ئۇ ئۆكۈنۈپ تۇرۇپ.

— ھەزرىتىم، تەدبىر تىزگىنىنى قولىمىزغا ئېلىپ، تەدبىر ئېتىنى ئىلاج باياۋىنىدا چاپتۇرساق، ھېلىمۇ مەقسەت مەنزىلىگە يېتەلەيمىز! باشلىرىنى قاتۇرمىسىلا، — دېدى ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ.

— ئەمىرىم، بۇ ئىشقا قانداق مەسلىھەت بېرەركىن؟ — دەپ سورىدى ئاقباش خان ئۇنىڭدىن.

— ھەممىدىن ئاۋۋال مۇنۇ تۇغيانچى سوپىلارنى تىنچلاندۇرماق لازىم، — دېدى ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ تەمكىنلىك بىلەن، — بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال سىلى ئاغرىپ قالغان بولۇپ باشلىرىنى ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغايلا ۋە بىز بىلەن سېپىلگە چىقىپ ئۆگەكتىن باشلىرىنى چىقىرىپ ئۇلارغا كۆرۈنۈپ قويغايلا، ئاندىن: «ئەئىيانلىرىم، كېچىدىن بېرى قىزىتمام ئۆرلەپ، قاتتىق بىتاپ بولۇپ قاپتىمەن. ئوردىغا چىقىپ

www.bilnur.com

سىلەرنى قوبۇل قىلاي دەپ ھەرنە قىلساممۇ، ئامال بولمىدى. بىرەر كۈن سەۋر قىلغايسىلەر، خۇدا خالىسا، ئەتە ئەتىگەندە ئوردىغا چىقىپ سوپىلىرىمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، دەرد ـ ھالىڭلارغا يەتكەيمەن، ھازىرچە دەرۋازا ئالدىدىن قايتىپ تۇرغايسىلەر!» دېگەيلا! شۇنىڭ بىلەن سوپىلارنىڭ غەزىپىنى بېسىپ، بۇگۈنچە قايتىپ تۇرۇشقاندىن كېيىن ئەتە ئوردا ئەتراپىغا لەشكەر مۆكتۈرۈپ، سوپىلار ساراي ئالدىغا كېلىشىگىلا ئۇلارنى قىلچىمۇ ئاياپ ئولتۇرماستىن ناكەس بېشىنى نىجىس تېنىدىن جۇدا قىلغۇزغايلا، چۈنكى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇلارنى ئالداش، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش لازىمدۇر. ئۇلارنى تۈزەيدىغىنى قىلىچ! مانا مۇشۇنداق قىلغاندا، بۇ ئىسياننى بېسىقتۇرغىلى بولىدۇ. پۇقرالارنى قوزغىتىۋاتقان تۇغيانچى سوپىلارنى يوقاتساقلا، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر تىترەپ باش ئېگىشىدۇ. پۇقرا دېگەن قويغا ئوخشاش، قايسى تەرەپكە ھەيدىسە، شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېرىشىدۇ.

ئاقباش خان:

— بۇ مەسلىھەتلىرى ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېگىنىچە بېشىنى ياغلىق بىلەن تاڭدى — دە، مىرزا ئەلىمشاھ قاتارلىق ئەئيانلىرىنى ئېلىپ، دەرھال ئاقسارايىنىڭ سېپىلى ئۈستىگە چىقتى ۋە بېشىنى ئۆگەكتىن چىقىرىپ كۆرۈنۈش قىلغاندىن كېيىن جاكارچى ئارقىلىق مۇنداق جاكارلاتقۇزدى:

— ئى پۇقرالىرىم، دەپ ئەيتىدۇرلەر، جانابىي ئالىي ئاقباش خان ھەزرەتلىرى، — دەپ جاكارلىدى جاكارچى ۋارقىراپ سۆزلەپ، — سىلەر بىلەن خويمۇ ھەمنەشىن بولغۇم بار ئىدى. بىراق، ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۈگۈن كېچە ماڭا تۇيۇقسىز كېسەل تېگىپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قاپتۇرمەن، «ئەل مەئمۇرىن ئەل مەئزۇرىن!». شۇڭا بۈگۈن قايتىپ تۇرۇشقايلا!»

www.bilnur.com

جاكارچىنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاقباش خان سىپىل ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتتى.

سوپىلارنىڭ بەزىلىرى:

— ياق، ئاقباش ئىشان سەن ھازىر ئالدىمىزغا چىقىسەن! — دەپ ۋارقىراشتى. ئەمما، ئاقباش خاننىڭ بېشىنى ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغىنىنى كۆرگەن كۆپ قىسىم سوپىلار ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىغا ھەقىقەتەن ئىشەندى — دە، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قايتىشقا باشلىدى...

ئاقباش خان ھىيلە بىلەن سوپىلارنى دەرۋازا ئالدىدىن قايتۇرغاندىن كېيىن دەرھال ئەمىر مىرزا ئەلەمشاھقا ئوردا لەشكەرلىرىدىن تېنى ساغلام، قامەتلىك، كۈچتىنگىر 10 ئادەمنى جاللاتلىققا تاللاپ، ئالدىغا چاقىرىشنى بۇيرۇدى.

— سىلەر ماڭا ئىشەنچلىك باھادىرلار، — دېدى ئاقباش خان ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، — سىلەرگە تاپشۇرىدىغان مۇھىم بىر خىزمەت بار. بىراق شەرت شۇكى، بىرىنچىدىن پەرمانىمنى قەتئىي ئورۇندايسىلەر، نېمە دېسەم قەتئىي باش تارتمايسىلەر؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى باشقىلاردىن قەتئىي مەخپىي تۇتىسىلەر، خوش، قېنى بۇ خىزمەتنى ئورۇنداشقا ئىرادەڭلار چىڭمۇ؟

— ئى پۇشتىپاناھ، — دېيىشتى ئۇلار، — خۇدا بىلەن قەسەمكى، ھەرقانداق ئەمىر - پەرمانلىرىڭىزنى ئورۇنداشقا تەيياردۇرمىز!

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئاقباش خان يېنىدا تۇرغان ئەمىر مىرزا ئەلەمشاھقا مەنىلىك بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، — سىلەر ئورۇنداپ مەندىن مۇكاپات ئالىدىغان بۇ خىزمەت مۇنداق: سىلەر كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىر توپ سىگال، توغيانچى قەلەندەر- سوپىلار سەلتەنەتكە خىرىس قىلىپ، تەختىمىزنى تارتىۋالماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ. شۇڭا، سەلتەنەت ئۇدۇمى بويىچە،

www.bilnur.com

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم يامانلىرىنى تۇتۇپ ياساقتا يەتكۈزمىگىچە، بۇ تۇغيانچى مەلئۇن سوپىلار شۇم نىيىتىدىن يانمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەتە مەن ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنى قوبۇل قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى تۇتقۇن قىلماقچىمەن. سىلەر ئۇلارنى تۇگمەن بېشىدا بوغۇزلايسىلەر، قېنى، سەئىدىيلەر قېنىدا چۆگىلىگەن تۇگمەن ئۇلارنىڭ قېنىدىمۇ چۆگىلەمدىكەن-يوق، كۆرۈپ باقاي! بۇ ئىشنى ئورۇندىيالامسىلەر؟

— جان - دىل بىلەن ئورۇندايمىز، ئۇلۇغ خان ئالىيلىرى، — دەپ ۋەدە بېرىشتى ئۇلار.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ تولىمۇ مەمنۇن بولغان ئاقباش خان ئىلتىپات چىراي بىلەن: «ياخشى، پالۋانلىرىم!» دەپ ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە كۆپ ئىنئاملارنى بېرىپ يېنىدىن چىقاردى...

* * *

يەكەن رەستىسىدە كوچىغا ئادەم لىق تولۇپ كەتكەنىدى، قولى كەينىگە قايرىپ باغلانغان بىر توپ ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى سوپى - ئىشان، دەرۋىش - قەلەندەرلەر قورالLIق نۆكەرلەرنىڭ قورشاۋىدا ئاستا مېڭىپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار ماغدۇرى قالمىغان پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ مېڭىشاتتى، چىرايىنىڭ ئۆڭسۇلى ئۆچۈپ تامدەك تاتىرىپ، بۇرۇنقى كۆرەڭ ئەلپازىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ئاقباش خان ئەمرۇل - ئۆمەرالارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. خالايىق خانغا يول بېرىپ چەتلەندى. تۇتقۇنلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقانلار توختىدى. ئاقباش خان تۇتقۇنلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى — دە:

— مەن سىلەرنى ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاشنى

www.bilnur.com

بۇيرۇيمەن!— دېدى سوپىلارغا تەنبىھ بېرىپ تۇرۇپ، — قېنى سىلەر ئازما ئېتىقادىڭلارنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام تەرىقىتىگە قايتامسىلەر ياكى بۇرۇنقىدەك داستار مۇرتەدلىكىڭلاردا جاھىللارچە قېلىۋېرەمسىلەر؟ قېنى تېزرەك بىر قارارغا كېلىڭلار! مېنىڭ تاقىتىم چەكلىكتۇر!

— تەرىقەتى ئىشقىيە قەلبىمىزگە مۆھۈردەك بېسىلدى. بېشىمىزغا كەلگەن ھەرقانداق بالا - قازا، ھەتتا ئۆلۈمۇ بىزلەرنىڭ بۇ تەرىقەتكە بولغان چىن ئېتىقادىمىزنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيدۇ! — دەپ ۋارقىراشتى سوپىلار.

— سەنلەر گەرچە ئىنتايىن تەقۋادار مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋېلىشقان بولساڭمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام تەرىقىتىگە جان - جەھلىڭ بىلەن ئاسىيلىق قىلىشتىڭ! كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانمىز، دېيىشسەڭمۇ، ئەمەلىيەتتە قالماقلار بىلەن قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشتۇڭ! شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ تېخى ئۆزۈڭنى: «ئەھلى مۆمىنلەر» دەپ ئاتىشىۋالغىنىڭ قىزىق! راستىنى ئېيتقاندا، سەنلەر ئۆتۈپ كەتكەن ئالدامچى، پەسكەش، گۇناھكار - ئاسىي، توخۇ يۈرەك كاززاپلار، سەنلەر سادىق مۆمىنلەرنى كۆرۈشسەڭ: «بىزمۇ سادىق مۆمىنلەر» دېيىشسەن؛ قالماق خوجاڭنى كۆرۈشسەڭ، «بىز سەن بىلەن بىر سەپتە!» دېيىشسەن! سەنلەر ئۆز خەلقىڭنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بىرمۇ ياخشى ئىش قىلىشمىدىڭ! بەلكى، خائىن، ئاسىي ۋە غالچا - قۇللاردىن قوشۇن ئۇيۇشتۇردۇڭ! سەنلەر خۇددى پىرىڭلار ھىدايىتۇللا خوجىدەكلا تىلىڭ تۈزۈك، دىلىڭ بۇزۇق بولغان مۇناپىقلار! ھالبۇكى، سەن مۇناپىقلار بىز ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىگە قادالغان تىكەن، بەدىنىگە سانجىلغان يىڭنە، يۈرىكىگە چاپلاشقان مەرەزدۇرسەن!

ئاقباش خان سۆزىنى تۈگىتىپلا نۆۋكەرلەرگە ئېلىپ مېڭىڭلار، دەپ قولىنى شىلتىدى، تۇتقۇن سوپىلار تۈگمەن

www.bilnur.com

بېشىغا ئېلىپ كېلىندى، جاللاتلار تۈگمەن بېشىغا چىقىپ ئېرىقتا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇدا تاھارەت ئېلىشتى — دە، يەڭلىرىنى شىمايلىشىپ، پەشلىرىنى پوتىلىرىغا قىستۇرۇشۇپ قاتار ئۆرە تۇرۇشتى.

ئۆڭكەرلەر ھەر قېتىم ئۇندىن سوپىنى تۈگمەن بېشىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقاتتى. جاللاتلار قوللىرىدىكى چويۇن چوقماقلىرى بىلەن سوپىلارنىڭ تىزلىرىغا ئۇرۇپ، پۇتىنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ يىقىتقاندىن كېيىن ئىنتايىن ساداقەتمەنلىك بىلەن «قالۇ ئىنناللاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئۇن» دېگەن ئايەتنى ئوقۇشتى ـ دە، قولىدىكى پىچاقنى ئالدىدا قويىدەك يېتىشقان سوپىلارنىڭ كېكىردىكىگە سۇرۇشتى. سوپىلارنىڭ كېكىردىكىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان قانلار شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېرىقتىكى سۇغا ئارىلىشىپ، سۇنىڭ رەڭگىنى قىپقىزىل بوياپ تاشلىدى، قان ئارىلاش ئېقىۋاتقان سۇ بىردىنلا ئۇلغىيىپ، تۈگمەننىڭ نورىغا پاتماي قالدى. قان بىلەن بويالغان سۇدا تۈگمەننىڭ چاقپېلىكى تېخىمۇ تېز ئايلىنىشقا باشلىدى. تۈگمەن تېشى ئۇگۇت تەلەپ قىلىپ تېخىمۇ تېز چۆگىلىگىلى تۇردى، سۇكەندىكى بۇغدايمۇ تېز ئايلىنىۋاتقان تاشنىڭ تۆشۈكىگە تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ كۆپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. خامپىغا بىردەمدە ئۇن تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى...

بۇنىڭدىن ساقمۇ ـ ساق يىگىرمە يىل ئىلگىرى، يەكەنگە غالداننىڭ نەيزىسىگە مىنىپ كىرگەن ئاپاق خوجىمۇ دەل مۇشۇ تۈگمەن بېشىدا ئىسمايىل خاننىڭ بەگ ـ بېگاتلىرىدىن سەكسەن بىر ئادەمنى خۇددى مۇشۇنداق بوغۇزلاپ قېنىدا تۈگمەن چۆرۈگەنىدى!

«تارىخى نادىرىيە» دېگەن كىتابتا ئاقباش خاننىڭ ئاقتاغلىق داستارلارنىڭ قېنىدا تۈگمەن چۆرۈتكەنلىكى ھەققىدە: «ئاقباش خان سوپىلارنىڭ چوڭلىرىدىن مىڭ ئادەمنى تۇتقۇن

www.bilnur.com

قىلىپ ئۇلارنى بىرىنى بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ قويدەك بوغۇزلاپ سويدىلەر. ئۇلارنىڭ قېنىدا تۇگمەن چۆرىتىپ، ئۇن تارتىپ يېدىلەر» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى!...

*　　　　*　　　　*

ئەسلىدە، ئالدىنقى يىلى ئاقتاغلىق داستارلار ئىسيانىدا خىنىم پادىشاھ مەكتىلىك خوجىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۈچ نايىبى — ئاقسۇدىكى ئىسيانچىلارنىڭ سەردارى، خىنىم پادىشاھنىڭ ئاكىسى ئاقباش خان سىڭلىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن، رەسمىي يوسۇندا سەئىدىيە خاندانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە ئاقسۇدىن تارتىپ قەشقەر، يەكەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردا ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىگە نارازى بولغان ئاممىنى ئۆزىنىڭ تۇغى ئاستىغا يىغىپ، ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلدى.

مىلادى 1696 ـ يىلى، غالدان بوشۇكتۇ خان خاقانىي چىن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن زۇن مودۇن ئۇرۇشىدا قاتتىق مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن جۇڭغارلارنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى مىترپولىيىلىك ئورنى تۇپ يىلتىزىدىن تەۋرەپ قالدى. كەڭ ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئاقتاغلىق خوجىلار ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەنلىكى ئۈچۈن غالدان مۇلكىي قەشقەرىيىدە غالچا ئالماشتۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇڭا، قاراخان چاغانتاش يەكەندە سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ئەسلىدىكى سەئىدىيە خاندانىدىن بولغان بىرەيلەننى مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ تەختىگە يۆلەپ چىقىرىپ، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى بىلەن جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر مىللىي زىددىيەتنى پەسەيتمەكچى بولدى.

مۇشۇنداق پايدىلىق ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتتىن ئۇستىلىق

www.bilnur.com

بىلەن پايدىلانغان ئاقباش خان ئىسيانچى قوشۇننى باشلاپ كېلىپ يەكەننى ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى ۋە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى، ئىشان پادىشاھ — مەھدى خوجا قاتارلىق ئاپاق خوجا جەمەتىدىكى خوجىلارنى كەشمىرگە سۈرگۈن قىلدى.

بىراق، ئاقتاغلىقلار مەركەزدىكى ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ جايلاردىكى تەسىرى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى، ئاقباش خان يەكەندە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغاندا، ئاقتاغلىق خوجىلارمۇ قەشقەردە ئاقباش خان تەرىپىدىن قويۇلغان نايىب موللا شەۋقى خوجىنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ۋە يەھيا خوجىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئەھمەد خوجىنى قەشقەردە خان قىلىپ كۆتۈردى. دېمەك، سىياسىي ۋەزىيەتتىكى مالىمانچىلىقنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى شۇ بولدىكى، مۇلكىي قەشقەرىيە بىر ۋاقىت ئىچىدە يەنە ئىككى خان يەكەن بىلەن قەشقەرنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىدىغان سىياسىي ۋەزىيەت يەنە بىر قېتىم شەكىللەندى.

ئاقباش خان ئۆزىنىڭ يەكەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ قائىدە - يوسۇنى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسىمۇ ئەمما ئاقتاغلىق سوپىلارنىڭ جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن تۇغدۇرغان پاراكەندىچىلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغاندا، يەكەندىكى ئاقتاغلىق سوپى - ئىشانلار ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا غەليان كۆتۈردى...

* * *

مۇشۇ مەزگىلدە، پەرغانىنىڭ خوجەند شەھرىدە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان دانىيال خوجا يەكەن خانى مۇھەممەت مۆمىن ئاقباش خاندىن كەلگەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ مەكتۇپتا

مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«. . . چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالارنىڭ ھەممىسى تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللاغا مەنسۇپ ۋە تېگىشلىكتۇر! قەدىمدىن تارتىپ بىزنىڭ ئابا ۋە ئەجدادىمىز سىزلەرنىڭ ئابا ـ ئەجدادىڭلەرغە ئىرادەت قىلىپ، دۇئالارنىڭ بەركاتىدىن مەملىكەتدارلىق قىلىپ كەلگەنلەر ئىكەن. ئەلھال، قەشقەرىيە ئاھالىسىنى سىز خوجىلارسىز باشقۇرغىلى بولماس ئىكەن. شۇل ۋەجىدىن، بىزنىڭ ۋاقتىمىزدا سىزلەر ئەلۋەتتە بۇ دىيارلارغا كېلىپ، گۇمراھلارنى ھىدايەتكە باشلىغايسىزلەر، نامە تامام، گەپ ۋەسسالام. جۇلۇسى سالىسەمىزنىڭ ئىككىنچى ساناسى مۇتابىقى بىر مىڭ بىر يۈز توققۇزىنچى ھىجرىيە[1] ماھى سۇنبۇلەنىڭ يىگىرمىسى»[2]

شۇئەيب خوجا ئاپاق خوجا تەرىپىدىن بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى تىزناپ دەرياسىنىڭ بويىدا ھەلقۇم تىغ قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن دانىيال خوجا دەھبىدكە قېچىپ كەلگەنىدى ۋە مۇشۇ خوجەندتە پاناقاپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ چاغدا ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىرگەن بولۇپ، خوجەندتە ئالغان خوتۇنىدىن ياقۇپ خوجا ئىسىملىك بىر پەرزەنت كۆرگەنىدى. دانىيال خوجا ئاقباش خانىنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئانچە ھايالشمايلا بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە قاراپ يولغا چىقتى. . .

* * *

بىر كۈنى، ئاقباش خانىنىڭ ھوزۇرىدا ئەمرۇل ـ ئۇمەرا،

---

① مىلادى 1698 ـ يىلى.

② مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى، 84 ـ بەتكە قارالسۇن.

www.bilnur.com

ۋەزىر - ۋۇزرا قاتارلىق خاس خادىملار قاتناشقان بىر يىغىن بولدى. بۇ يىغىندا خان ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى سەئىدىيە خانلىرىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، مەملىكەتنى جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ ئاقتاغلىقلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

بۇ مەرىكىدە ئاقباش خاننىڭ يېقىن ئادىمى بولغان ئەقىللىق، ساھىب تەدبىر ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھمۇ بار ئىدى. ئۇ مۇھەممەت مۆمىن ئاقباش خان يەكەن تەختىنى تارتىۋالغاندا، جان پىدالىق كۆرسەتكەن بولغاچقا، خانمۇ ئۇنى ئاستانە — يەكەن شەھىرىنىڭ ئەمىر لەشكەرلىكىگە تەيىنلىگەنىدى.

— ھەزرىتىم، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قوللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، — سىلى پۈتۈن جاھانغا پادشاھ بولغۇدەك كۈچ - قۇدرەت ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە تەخت ساھىبىدۇر سىلى، ئەلھال، سىلىنىڭ مەملىكەتنى قالماق باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقارماق بولغانلىقلىرى كارامەت ئېزگۈ ئىشتۇر! بۇ ئىش ئورۇندالسا، يۇقىرىدا ئاللا تائالا بىلەن ئەجدادلار روھىنى خوش قىلسا، تۆۋەندە پۇقرائى - پېقىرلەرنىڭ كۆڭلىگىمۇ بەك ياقىدۇ. ۋەللەھەمكى، مەملىكەتنى ئىدارە قىلغۇچىلار ئەزەلدىن دەھرىي سەلتەنىتىنىڭ سۈرى بىلەن ئىش كۆرۈپ كەلگەندۇر! تەرىقەت پەقەت مەسچىت - خانىقادىكى چېغىدىلا سەلتەنەتكە ھەمدەم بولۇر، مۇبادا تەرىقەت سەلتەنەتنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسا، ئۇنداق تەرىقەتنىڭ سەلتەنەتكە يەتكۈزىدىغان زىيىنى تولىمۇ چوڭ بولۇر! خان ھەزرەتلىرى، سىلى بىرنەرسىنى مۇبارەك ئەسلىرىدىن چىقارماسلىقلىرى لازىمكى، روھانىيلار پادشاھنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسا، ئۇنداق پادشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئۆمرى كوتا بولۇر، ئاپاق خوجىنىڭ يولۋاس

www.bilnur.com

خاننىڭ بۇرنىدىن يېتىلىگەنلىكى ۋە مەرھۇم ئاتىلىرى مۇھەممەت ئىمىن خاننى نابۇت قىلغانلىقىنى ئۇنتۇمىغايلا!

— ئەمرىم، مېنى ئاگاھلاندۇرغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت! — دېدى ئاقباش خان، — بىراق، بۇ بېشىمىزغا قازائى ئەملاق كەلسە، دەپئى بولۇر؛ قازائى مۇتلەق كەلسە، ئاڭا ھېچ چارە يوقتۇر! بىز مەخدۇمزادە دانىيال خوجىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلدۇق. ئۇنىڭ تەسىرى كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئاقتاغلىقلارنىڭ قارشىلىقىنى يوق قىلىشنى ئويلاشتۇق. شۇڭا، جانابىڭىزنىڭ ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى مالال قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز... «سودىگەرنىڭ يولى بىر، ئەمما رىزقى بۆلەك» دېگەن سۆز بار. مەرھۇم ئاتىمىز مۇھەممەت ئىمىن خان يۈرگەن يولدا بىز ھەرگىز يۈرمەسمىز!

— ئى كەرەملىك خان ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ، — مېنى ھەرگىز زۇۋانداز ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالمىغايلا، شۇنى كاجلىق بىلەن سىلىنىڭ مۇبارەك سەمىلىرىگە سالغۇم كەلدىكى، خاھى خوجىزادىلەر بولسۇن، خاھى مەخدۇمزادىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھىيلە - مىكىردە شەيتان لەئىنگە دەرس ئۆتكۈدەك دەرىجىدە كامالەتكە يەتكەن. بۇ دىيارىمىزدا ئۇلارنىڭ پىسقى - فوجۇر، مىكىر - نەيرەڭلىرى بىلەن خاراب بولمىغان بىرمۇ خاندان ۋە زۇلمى بىلەن كۆزى ياشقا تولمىغان بىرمۇ جان قالمىدى. ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ناشايان ئىشلىرىدىن ۋە رىياكار بەتبەشىرىسىدىن ھەتتا ئىبلىسمۇ سەسكىنىپ پاناھلىق تىلەپ سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ! چۈنكى، بۇ مەخدۇمزادىلەر بىلەن بۇ خوجىزادىلەر خۇددى باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قىرچاڭغۇ بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلغان دىۋانىگە ئوخشاش قارا قورساق بىرنېمىلەردۇر. قىسسەسىلەردە دېيىلىشىچە، بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم سۇ بويىدا ئۈچىسىنى قاشلاپ ئولتۇرغان بىر دىۋانىگە خېلىلا نۇرغۇن سەدىقە

www.bilnur.com

بېرىپتۇ — دە، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە بىر دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

دىۋانە شۇ ھامان چىن دىلىدىن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئىلاھا پاك پەرۋەردىگارا، ئەھەدا سەمەدا مەلەكا پادىشاھە كىر دىگارا، ئەگەر مېنىڭ ساڭا قىلغان دۇئالىرىمنىڭ سېنىڭ دەرگاھىڭدا قۇربى بولسا، بۇ كىشىنى خۇددى ماڭا ئوخشاش قىرچاڭغۇ قىلغايسەن! — دەپ دۇئا قىپتۇ.

— ھوي، نېمىشقا بۇنداق دۇئا قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى سەدىقە بەرگۈچى ئەجەبلىنىپ.

دىۋانە:

— دۇنيادا قاشلىنىشتىن زىيادە لەززەت بارلىقىنى ئەسلا كۆرمىدىم ۋە بىلمىدىم. شۇڭا، بۇ لەززەتتىن سىزمۇ بەھرىمەن بولسۇن، دەپ شۇنداق دۇئا قىلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— . . .

ئاقباش خان ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋاب بەرمىدى.

ئاقباش خان ھۇزۇرىدىكى مەجلىسمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ ئاقباش خان ھۇزۇرىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ: «پادىشاھ ـ سۇلتانلار ئوتقا ئوخشايدۇ. ئوتقا بەك يېقىنلىشىپ كەتسە كۆيدۈرىدۇ. شۇڭا، پادىشاھقا بەك يېقىنلىشىپ كەتكەن كىشىگە ئاخىر كۆيۈپ نابۇت بولماقتىن ئۆزگە پايدا يوق. مەن ئەمدى ئاقباش خاننىڭ سۆھبىتىدىن قانچىكى ئۆزۈمنى تارتىپ يىراق تۇرسام، ئۇنىڭ زەرەرىمۇ شۇنچىكى ئاز يېتىدۇ!» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

www.bilnur.com

*　　　　*　　　　*

مىلادى 1698 ـ يىلى ماھى شەئبانىنىڭ ئون توققۇزىنچى كۈنى. سانجۇدىن ئالدىنقى كۈنى يولغا چىققان بىر كارۋان قاغىلىق تەرەپكە قاراپ كېتىپ باراتتى. بۇ دانىيال خوجىلار بار كارۋان ئىدى. ئەمما، ئۇلار سانجۇدىن يولغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇرۇن زادى كۆرۈپ باقمىغان چوڭ بىر قۇملۇققا ـ چولاقنىڭ سېيىغا① ئېزىپ كىرىپ قالدى.

بۇ چىڭقى چۈش ۋاقتى بولۇپ، ئاسمان چوغ، يەر قوغ بولغاندەك، ئىسسىقنىڭ قىيامىغا چىققان ۋاقتى ئىدى. ئات ـ قېچىرلار ئىسسىقتا چىديالماي قېلىۋاتقانىدى. كارۋانبېشى ئادەم ئەۋەتىپ، يولنى تېپىپ سالقىن چۈشكەندە ئاندىن ماڭساق، دەپ تۇرۇۋاتقانچە، ئۇلار چېدىر ـ سايىۋەنلىرىنى چۆلگىلا تىكىشتى. دانىيال خوجا يول ئىزدەپ، غەم تۇمانى باسقان ھارغىن كۆزلىرى چۆل ـ جەزىرىنىڭ يىراق چەت ياقلىرىغا قارىغاچ خىيال سۈرۈپ ئاتلىق كېتىپ باراتتى. تۇساتتىن يىراق بىر جايدا قاغا ـ قۇزغۇن، سار ـ ماداغا ئوخشاش قاناتلىقلار بىر يەرنى ئەگىشىپ يۈرۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. شۇئان ئۇنىڭ يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەنسىز دۈپۈلدۈپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ھېلىقى يەرگە قاراپ ئىتتىك ماڭدى. ئۇ خېلى مېڭىپ بىر قۇم بارخىنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قارىسا، بىر جەسەتنىڭ ياتقىنىنى كۆردى. قاغا ـ قۇزغۇنلار، سار ـ مادالار ھېلىقى جەسەتنىڭ كۆزىنى چوقۇپ يەپ، ئەت ـ گۆشلىرىنى غاجاپ تۈگىتىپ، ئۇستىخانلىرىنىلا قالدۇرۇپ قويۇشقانىدى. ئۇستىخانىنىڭ تېخى قۇرۇپ كەتمىگەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە بىر ـ ئىككى كۈن بولغاندەك قىلاتتى.

---

① چولاقنىڭ سېيى — گۇما بىلەن قاغىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر چۆلنىڭ نامى.

www.bilnur.com

جەسەتنى كۆرۈپ دانىيال خوجىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ خۇددى مۇشۇ نامەلۇم جەسەتتەك چۆل ـ جەزىرىلەردە نام ـ نىشانسىز قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى. «خوجەندتىن كەلمىسەم بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان ئىلكىدە قولىنى چىشلەشكە باشلىدى . . .

يىراقتىن بىر قارا كۆرۈندى. ئۇ بارغانسېرى چوڭىيىپ كەلمەكتە ئىدى. بىركەملەردە ئۇنىڭ ئېشەك مىنگەن بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاران ئىلغا قىلالىغان دانىيال خوجا ئېتىنىڭ بېشىنى شۇ قارا تەرەپكە بۇرىدى — دە، ئېتىنى دېۋىتكىنىچە ئىتتىك ماڭدى. ئۇ جەرەنگە قورۇلغان تۇزاقلىرىنى يوقلاپ چىققان بىر ئوۋچى ئىدى.

بۇ ئوۋچى دانىيال خوجىلارنى چولاقنىڭ سېيىدىن ئېلىپ چىقىپ قاغىلىق يولىغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن دانىيال خوجا ھېلىقى پۇشايمانلىق ئىزتىراپ ئىلكىدىن ئاندىن قۇتۇلدى ۋە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۇمىد ئۇچقۇنى باشقىلەتتىن مەقسەت يالقۇنىغا ئايلىنىپ لاۋۇلداشقا باشلىدى . . .

ماھى شەئبانىنىڭ يىگىرمە بەشى، دانىيال خوجىلار يەكەنگە يېتىپ كەلدى ۋەيەكەندىكى ئەركانى دۆلەت ۋە ئەكابىر ـ ئەشرەب، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق مۇرىت ـ مۇخلىسلار تەرىپىدىن داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىندى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاقباش خان ئاقسارايدا دانىيال خوجىنى قوبۇل قىلدى. قوبۇلغا خاننىڭ ئەمرۇل ـ ئۈمەرا، ۋەزىر ـ ۋۇزرا خاسلىرى قاتناشتى.

— مەن ئۆزلىرىنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى ئاڭلاپ، جانابىي ئالىيلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ھەۋىسى پېقىرنىڭ قەلبىدە غالىب كەلدى. شۇڭا، سەپەر مۇشەققىتىنى چېكىپ، بۇ ۋىلايەتكە مۇساپىر قەدىمىنى قويدۇم. ئول ئاستانىدە بۈگۈن مۇشۇ ياخشى سائەتتە ئۆزلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ تۇرۇپتىمەنكى،

www.bilnur.com

خۇدايىتائالاغا يۈزمىڭ شۈكرى، ھەقىقەتەن جانابىي ئالىيلىرى دانا ھۆكۈمران ئىكەنلا، — دېدى دانىيال خوجا تەۋەززۇلۇق بىلەن.

ئاقباش خان دانىيال خوجىنىڭ چىرايىغا، كۆزىگە تازا سەپسېلىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭغا دانىيال خوجىنىڭ تەقى ـ تۇرقى، چىرايى ياسالمىدەكلا كۆرۈندى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ كۆزى قانداقتۇر بىر شۈملۈكنى يوشۇرۇپ تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى.

دانىيال خوجا خۇددى ئۇنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغاندەكلا قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئەي يەككە ـ يېگانە، ھېچنەرسىگە ئېھتىياجى بولمىغان، ھاجەتمەنلەرنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلغۇچى قۇدرەتلىك ئاللا، ئەي سەۋەب قىلغۇچى بەندىلەرنىڭ سەۋەب قىلغۇچىسى، سەندىن بۆلەك پەريادىمىزغا يەتكۈچى يوق ئاللا! ئەي ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىدە ئېسىللارنىڭ سەرخىلى پادىشاھى ئالەم، مەن سىلىنىڭ ئىككى ئالەملىك ھەققىلىرىگە دۇئا قىلاي، مەرھۇم ئىسمايىل خاندەك رەھىمدىل بولۇپ، مەندەك يېتىمگە باشپاناھ بولغايلا! — دەپ ئۆزىنىڭچە ھاجەت تىلەپ ئاغزى بېسىقمىدى.

ئاقباش خاننىڭ ھوزۇرىدىكى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە باشقا ئەكابىر ـ ئەشرەبلەرنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئاقباش خاننىڭ ئۆزىمۇ ئىخلاسمەن ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى ئىدى. كىشىلەر شاھىنشىندا ئىسھاق ۋەلىيۇللا قۇتىبىل ئەقتابىنىڭ خىسلەت ـ خۇلقلىرىنىڭ ياخشى سۈپەت بىلەن يادلىنىپ ـ تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي بايان قىلىشتى. ئاپاق خوجىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا سالغان سان ـ ساناقسىز دىشۋارچىلىقلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتى. مەجلىس ئەھلىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى قىزغىن ئىدى. شاھىنشىن ئىچىدە گوياكى تەخت ساھىبى ئاقباش خان بولماستىن، بەلكى دانىيال خوجا تەخت ساھىبىدەك ھالەت شەكىللەندى.

— ئۇلۇغ تەڭرىتائالا، — دېدى دانىيال خوجا، — ئۆزىنىڭ

www.bilnur.com

تەجەللىيات قۇدرىتى بىلەن ئۇل لەنىتى ئاپاقنى ھەر خىل رەزىل قىلمىشقا دۇچار قىلىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىدا قېيناپ، جاپا - مۇشەققەتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىگە توغرا قىلدى. ئاھۇ - نادامەتنىڭ لايلىرىغا دومىلىتىپ، پۇشايمان ئوچاقلىرىدا كۆيدۈردى. خارلىق ۋە ئېتىبارسىزلىق كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇپ سازايى ئەتتى. ئاخىردا ئۇنى بۇتپەرەس براخماننىڭ نىجىس پۇتىغا كۈچۈكلىنىپ باش قويغان، دىنىي ئىسلامغا ئاسىيلىق قىلغان، ئەبەدىي تۇزكور، لەنىتى ئىنسان، دەۋزىخى مۇسۇلماننىڭ دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئىككى ئالەمنىڭ شەرمەندە قىلدى.

— شۇنداق، ھەر كىمنىڭ ئەسلى زاتىدا كۈپىرلىقنىڭ كىرى بولسا، — دېدى باياتىن مەجلىس ئەھلىنىڭ سۆزىگە ئارىلاشماستىن جىم ئولتۇرغان ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ، — ئۇنىڭ دىلىنى ھەر خىل ئىلىملەر سوپۇنى بىلەن يۇغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى پىسقى - فۇجۇر كىرىدىن خالاس قىلغىلى بولماس. خۇددى بۇ قارا تاشنى قىزىل رەڭدە ھەرقانچە بويىسا قىزارغىنى بىلەن بەدەخشان ياقۇتى بولالمىغاندەك ۋە خۇددى تۇتى قۇش سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالغىنى بىلەن ئىنسان بولالمىغىنىدەك بىر ئىش. خۇددى ئېگىز بويلۇق ئۇزۇنتۇرا شىجائەتلىك مەن دەپ دەۋا قىلالمىغاندەك بىر ئىش. چۈنكى، ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىلا سەرۋى دەرىخى ئەمەس!

دانىيال خوجا نەچچە خىل پىرقە، نەچچە خىل قوۋملارنىڭ تىلىنى شۇقەدەر پىششىق ئۆزلەشتۈرگەنكى، ھەرقانداق قوۋم، ھەرقانداق پىرقە بىلەن سۆزلەشسە، ئۇلارنى ساراسىمىگە سېلىپ قوياتتى؛ ئۇ شۇنداق ئۇستا ناتىق، پاساھەتلىك سۆز ئۇستىسى بولۇپ يېتىلگەنكى، ھەرقانداق سۆزمەننى بەس - مۇنازىرىلەردە ئۆزىنىڭ ئۇچ ئىلىك ئۇپرىماس تىلى بىلەن سۆزلەپ ئېغىز

www.bilnur.com

ئاچۇرماس قىلىپ تاشلىيالايتتى؛ ئۇ ئەيىيارلىق پىنى بىلەن مەككارلىق ئىلمىنىڭ ئەللامەسى ئىدىكى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە شەيتان ئىبلىسقىمۇ ھاجىتى چۈشمەس ئىدى! ئۇ مەجلىس ئەھلى ئىچىدە پەقەت يەكەن ئەمرى مىرزا ئەلىمشاھنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىۋالالىسا، ئاقىباش خانىمۇ، باشقا ئەكابىر ـ ئەشرەبلەرنىمۇ قولىدا ئويۇنچۇق قىلىپ ئوينىتىش ھېچ قىيىنغا چۈشمەيدىغانلىقىنى سەزدى — دە، دەرھال ئىشانلىق لىباسىنى كىيىپ، زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئى مۇخلىسلىرىم، ئاللا ئېيتىدۇلەركى، ئەلۋەتتە «ئامىن» مىڭغا يەتسە، تىلىكى ئىجابەت بولۇر. شۇڭا، ھەممىڭلار: «ئامىن!» دەڭلار، مەن ئاللادىن مەدەت تىلىگۈچى قۇتبىل ئەقتابى كەلىمەھۇللاھدۇرمەن[1]. «ۋەمائەرسەلناكەئىللا رەھمەتەن لىلئالەمىن»[2]. مەن «لەۋلاكەلەما خەلەقەتۇل ئەفلاك»[3] تەرىپىگە ئېرىشكۈچىمەن! شاھىددۇركى، ئاللا ـ تائالانىڭ ئىجابىتى بىلەن نۇسرەت شامىلى مېنىڭ چىمەنزارلىقىمدا ئەسسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

ئۇ بېشىغا ئالتۇن كۇلاھ، ئۇچىسىغا زەرباب جەندە كىيىپ، مەجلىس ئەھلى بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئاللادىن مەدەت تىلەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

قادىر ئاللا ئىگەمسەن!
كەلىمە ھۇللا مەدەتسەن!
سەندىن باشقا يوق ئاللا،
كەلىمە ھۇللا مەدەتسەن!

---

① «ئاللا بىلەن سۆزلەشكۈچى پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى.»
② «سېنى بىز پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.»
③ «ئەگەر سېنى دېمىسەم، پەلەكىياتنى ياراتمىغان بولاتتىم.»

www.bilnur.com

ئىككى ئالەم ئىگەمسەن!
ئۆلتۈرۈرسەن تىرىكنى،
تىرىلدۈرۈپ ئۆلۈكنى،
كەلىمەھۇللا مەدەتسەن!
. . . . . . . . . . . . . .

كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىش ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھقا خۇددى قىزىق ئويۇنلىۋاتقان مايمۇن ئويۇنىدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەمما، بۇ ئويۇننىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلاش ــ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى! «سەۋر ــ تاقەت قىلىشنى ئۆگىنىش كېرەك، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە ھاي بېرىپ، — چۈنكى، كونىلار: ‹سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن› دەپ بىكارغا ئېيتىشمىغان! دەرەخ سەۋرچان بولغاچقا كېسىۋەتسىمۇ يەنە كۆكلەپ چىقىدۇ. چىدامىلىقى بىلەن شېخىدا تاتلىق مېۋە پىشۇرىدۇ. بىراق، بۇ كاززاپ خوجا ئۆزىنىڭ ياغلىما سۆزلىرى بىلەن خان ھەزرەتلىرىنى ئۆزىگە رام ــ ئەسىر قىلىۋالدى، ھەتتا، قىلچىمۇ تەپ تارتماستىن ئۆزىنى قۇتبىل ئەقتابى كەلىمەھۇللا، دەپ ئاتاپ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىپ چىقتى. ئاللاغا، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە شېرىك كەلتۈردى! ... توغرا، مەن ئۇنىڭ مۇشۇ كۆكۈلىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئېچىپ تاشلىشىم كېرەك!»

— ئى دانىيال خوجا، — دېدى ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ ئاخىر چىداپ تۇرالماستىن، — بۈگۈن سىز خۇددى ئوغرى كىشىدەك قاپىقىڭىزنى ئۈچۈرۈپ بىھۇدە سۆزلەرنى قىلدىڭىز. سىز قانداقسىگە كەلىمەھۇللادۇرسىز؟! سىز ھېلىتىن تەپتارتماستىن ئاللانىڭ ئەلچىسىگە شېرىك كەلتۈرسىڭىز، سىزگە ئوخشاش ھەددىدىن ئاشقان كاززاپ خوجىنىڭ قولىدىن كېيىنكى كۈنلەردە

www.bilnur.com

نى بالالار كەلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ بۇ گۈزەل ئانا دىيارىمىز سىزلەردەك ئالدامچى، رىياكار، مۇغەمبەر، دەستەكسىز دۇئا قىلىدىغان تېجىمەل خوجىلارنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمۇ؟ ھاياتنىڭ شامىلى توختىماستىن يەلپۈۋېرىدۇ. تەقدىر زېمىن ئۈستىگە ئۆزىنىڭ پەسىل ئەلچىلىرى ئارقىلىق قانچە قېتىم يېشىل تون، رەڭمۇ ـ رەڭ گۈل ـ چېچەك تاقىمىدى؟ ھاياتنىڭ دەرياسىغا قانچىلىغان يېڭى ئېقىنلار كېلىپ قوشۇلمىدى؟! قانچىلىغان پەمسىز، ئەقلى كوتا خوجىلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ چىرايىغا بېقىپ، بىر پۇل، بىر نان ئۈچۈن غەم يەپ، تامباللىرىنى سۆزمە قىلىشمىدى؟!

ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ ئاقباش خاننىڭ «بولدى، سۆزلىمە! » دېگەن ئىشارىتىغىمۇ قارىماستىن ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى. مۇشۇ تاپتا باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ خىيالىغا كىرمەيتتى. ئۇ ئىشقىيەچى خوجىلار بولسۇن ۋە ياكى ئىسھاقىيچى خوجىلار بولسۇن، ئۆز تائىپىسىگە كۆيۈنمەيدىغان ياۋۇز ئادەم سىياقىدىكى مۇشۇنداق مەخلۇق خوجىلارنى ئۆز باغرىدا بېقىپ ئۆستۈرگەن بۇ دۇنيادىن خۇددى قېرى تۇرۇپتىن بىزار بولغاندەك بەزگەندى! ئەمما، ئۇنىڭ بۇ سەمىمىي نەسىھىتىنى مۇشۇ تاپتا نە ئاقباش خان، نە سورۇن ئەھلى بولغان مۇنۇ ئەكابىر ـ ئەشرەپلەر ئاڭلىغايمۇ؟!...

ئاقباش خان ھۇزۇرىدا بولۇنغان بۇ مۇنازىرىدە دانىيال خوجا ئاخىر يېڭىپ چىقىپ «قۇتبىل ئەقتابى كەلىمەھۇللا» دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىندى ۋە خاننىڭ پەرمانى بويىچە مەسچىت خانىقالاردا ئۇنىڭ نامىغا: «زۇبدەئى ئەۋلاد، ھەزرىتى سەييىد ئالەم ۋە سىراجە سەبىت مەخدۇم ئەزەم قۇتبىل ئەقتابى كەلىمە ھۇللا دانىيال ئامان خوجا!» دەپ خۇتبىلەر ئوقۇلدى. شۇنداق قىلىپ، دانىيال خوجا قارا تاغلىق ئىسھاقىيچىلەرنىڭ پىرى بولغان ئىسھاق ۋەلىيۇللا خوجىدىن كېيىن مۇلكىي قەشقەرىيىدە

www.bilnur.com

ئوتتۇرىغا چىققان قارا تاغلىقلارنىڭ يەنە بىر پىرى بولۇپ قالدى. هالبۇكى، ئاپاق خوجا خاندانلىقى ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغاندىن كېيىن قىسقا مۇددەت بولسىمۇ بېسىققان ئاقتاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي مەزھەپلەر ئاداۋىتى يەنە دۆت ئېلىپ، باشقىلەتىن لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى.

*　　　*　　　*

مىلادى 1698 ـ يىلى كۈزدە، قەشقەر خانى ئەھمەد خوجا يەكەندىكى ئاقباش خانغا قارشى ئۇرۇش ئۇچۇن ئاقتۇ بارىنلىق ئارزۇ مەتبېيى دېگەن قىپچاق سەردارى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. شۇ يىلى قەۋس ئېيىنىڭ ئون يەتتىسى، يەنى رامزاننىڭ ئون يەتتىسى ئەھمەد خوجا بىلەن ئاقباش خان ئوتتۇرىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ رامزان ئېيىدا ئۇرۇش قىلماسلىق ئەنئەنىسىگە خىلاپ هالدا ئۇرۇش پارتلىدى.

بۇنىڭدىن تۆت كۈن ئىلگىرى قەشقەر خانى ئەھمەد خوجا قىپچاقلاردىن چۇمۇلە ـ چېكەتكىدەك بىھېساب لەشكەر توپلاپ يەكەن خانى ئاقباش خان بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن يەكەنگە قاراپ لەشكەر تارتىپ چىققانىدى؛ بۇ تەرەپتىكى ئاقباش خانمۇ بىر تەرەپتىن ئاقسۇغا — قازاقلارنىڭ هاشىم سۇلتان دېگەن خانىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن لاۋ ـ لەشكەرلەرنى جەڭگە تەييارلاپ قەشقەر تامان لەشكەر تارتىپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ رامزاننىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى يېڭىسارنىڭ ساغان دېگەن يېرىدە ئۇچراشتى ۋە مۇشۇ يەرنى جەڭ مەيدانى قىلىپ تاللاشتى! رامزاننىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئىككى تەرەپتىن چېلىنىۋاتقان دەھۇل ـ دۇمباق سادالىرى ئىچىدە ئىككى دەريايى لەشكەر بىر ـ بىرىگە قارىمۇ-

www.bilnur.com

قارشى تۇرۇشقاندا، تاغ تەرەپتىن ئەسكەن شامال لەشكەرلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانىنى سۇپۇرۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا بىر پارچە بۇلۇت جەڭگاھ ئاسمىنىدا پەيدا بولۇپ، زېمىنغا تەكشى سۇ سېپىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن جەڭ مەيدانى دوستلارنىڭ كۆڭلىدەك روشەن ۋە تاپتازا بولدى. دۇمباق چېلىنىش بىلەن ئىككى تەرەپتىن پالۋانلار مەيدانغا ئات سېلىشىپ كىرىپ جەۋلانبازلىق كۆرسىتىشتى.

يەكەنلىكلەرنىڭ لەشكىرىگە ئاقباش خان ئەمىرۇل ـ ئۆمەرا ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ، جەفەر بەگ باشلىق رۇستەمى داستاندەك يەتتە پالۋانى ھەمله قىلىپ تۇراتتى؛ قەشقەرلىقلەرنىڭ لەشكىرىگە قىپچاق ئارزۇمەتبىيى ئەمىرۇل ـ ئۆمەرا ئىدى. ئۇنىڭمۇ ئىككى تەرىپىدە «تۈركىستان جاڭگىلىنىڭ شىرلىرى» دەپ نام ئالغان جارۇپ مىرزا، باي كۆجەك ياساۋۇل قاتارلىق يەتتە پالۋىنى ھەمله قىلىپ تۇراتتى.

يەكەنلىكلەر سېپىدىن ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ قولىدىكى بۆرە چىشلىق ئومۇتىنى ئوينىتىپ مەيدانغا چۈشتى. قىپچاقلاردىن باي ـ كۆجەك ياساۋۇل دېگەن پالۋان قولىغا دەررىسىنى ئېلىپ نەرە تارتقىنىچە زور قىلىپ كەلدى — دە، يەكەن ئەمرى مىرزا ئەلىمشاھنىڭ بېشىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى، قاپلاندەك مىرزا ئەلىمشاھ ئۇنىڭ زەربىسىنى بۆرە چىشلىق ئومۇتى بىلەن رەت قىلدى ۋە ئېتىنى چاققانلىق بىلەن يانغا سەكرەتتى. بىراق، بۇ چاغدا، ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، دۇبۇلغىسى بېشىدىن چۈشۈپ كەتتى. قىپچاق پالۋىنى باي كۆجەك ياساۋۇل پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، دەررىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھنىڭ كۆزىگە جاھان قاراڭغۇ كۆرۈندى. نائىلاج ئۇ قىپچاقنىڭ دەررىسىنى شەمشەر بىلەن رەت قىلىپ شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ سۆپەرى ئىككى نىمتە بولۇپ يەرگە تاراڭلاپ چۈشتى. شەمشەر ئۇنىڭ قولىقىنى قوشۇپ

www.bilnur.com

كەسكىنچە يەلكىسىگە تېگىپ، ساۋۇتىنىمۇ كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇڭ قولىنى ئۇزۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ تېنىدىن ئاجرىغان قول ئون قەدەم نېرىغا بېرىپ چۈشتى ۋە جېنى بەدەر دوزاخقا كەتتى.

بۇ ھالەتنى كۆرگەن قىپچاق سەردارى مىرزا جارۇپ بەگ قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ ئەمىرۇل ـ ئۆمەراسى قىپچاق ئارزۇ مەتبېيىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۈگۈن يەكەنلىكلەر قاتتىق زالىملىق قىلدى. بۇنداق باتۇرنى مەن كۆپ ئۇچراتمىغان ئىكەنمەن. ئىجازەت بەرسىڭىز، مەن ئۆزۈم مەيدانغا چۈشۈپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەيكىم، «قىپچاقلار ـ ھەقىقەتەن تۈركىستان جاڭگىللىنىڭ شىرلىرى دېگەن نامغا مۇناسىپ ئىكەن!» دەپ قالسۇن. ئۇنى گەدىنىدىن باغلاپ ئالدىڭىزغا ئېلىپ كېلىمەن. بەلكىم پۈتۈن يەكەنلىكلەرنى ئايىغىڭىز ئاستىدا ئۆمىلەتكەيمەن! — دېدى — دە، مەيدانغا ئات سالدى. بۇ چاغدا، يەكەن لەشكەرلىرىنىڭ سېپىدىن جەفەر بەگ ئۇنىڭغا قارشى ئات سېلىپ ھەملە قىلىپ كەلدى. مىرزا جارۇپ بەگ ھېچ دەم چىقارمايلا ئۇدۇل كەلگىنىچە جەفەر بەگكە نەيزە ئۇردى، جەفەر بەگ ئۇنىڭ نەيزىسىنى شەمشىرى بىلەن رەت قىلىپ، بېلىدىن كەمەنباغنى قولىغا ئالدى — دە، بىر چۆرۈپ قولىدىن چىقاردى. كەمەنباغ يىلاندەك تولغىنىپ ئېتىلىپ كەلگىنىچە مىرزا جارۇپ بەگنىڭ بويىنىغا كىيىلىپ ئۇنى ئاتتىن تىك موللاق ئاتقۇزدى. جەفەر بەگ ئۇنى گەدىنىدىن باغلاپ سۆرىگىنىچە ئۆز سېپىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

بۇنىڭدىن قەشقەرلىقلەرنىڭ لەشكەرلىرى لەرزىگە چۈشتى. بىر تۈمەن ئاتلىق قىپچاق بىراقلا ئات سېلىشقىنىچە ھۇيقۇتۇشۇپ، يەكەنلىكلەرنىڭ سېپىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا دۆڭدە جەڭنى كۆزىتىپ تۇرغان ئاقباش خان ئەمىر لەشكەر مىرزا ئەلىشاھ قاتارلىقلارنىڭ توسقىنىغىمۇ ئۇنىماستىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرلىقلەرنىڭ سېپىگە ئېتىلىپ

www.bilnur.com

كەلدى. دەريادەك ئۇلۇغ ئىككى لەشكەرنىڭ قوچاقلاشما جېڭگە ئاسمان - زېمىنمۇ ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدى. قازا قوغۇنچىلىرى تەن پېلەكلىرىدىن كاللا سويمىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاۋەردى، ئۆلۈكلەردىن خامان ياسالدى، قانلار دەريادەك ئاقتى. گوياكى ئاچ ئاشقا، يالىڭاچ ئېگىنگە ئۆزىنى ئۇرغاندەك، پىچانلىقتا ئوت تۇتاشقاندەك، كالا پادىسىغا شىر بىلەن بۆرە شكەندەك قاتتىق جەڭ بولدى. ئىككى دەريايى لەشكەر بىر - بىرىگە تاقابىل تۇرۇشتى.

ئاقباش خان يەڭ شىمايلاپ مەيدانغا كىرىپ:

— مەرد بولساڭ، مەن بىلەن ئارزۇ مەتبىيى قىپچاق ئۆزۈڭ جەڭ قىلىشقا كەل! — دەپ ئوتتۇز ئىككى خىل سىپاھگەرلىك ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ باھادىرلىق ۋە پالۋانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا، قىپچاقلار ئىچىدىن قاراگىر ئات مىنگەن بەستلىك بىر قىپچاق باھادىرى ئۇنىڭغا قارشى ئېتىلىپ چىقتى. بۇ قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ ئەمرۇل - ئۆمەراسى ئارزۇ مەتبىيى ئىدى. ئۇ بىر نەرە تارتىش بىلەن پولات خىشنى ئاقباش خانغا ئاتتى. ئەمما، ئۇ سۇپەرىنى تۇتۇپ ئارزۇ مەتبىيىنىڭ قارا قاغىدەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان پولات خىشنى رەت قىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئارزۇ مەتبىيى قىپچاقنىڭ قانغا تەشنا قىلىچىنىڭ زەربىسىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئارزۇ مەتبىيى قىلىچى بىلەن ئاقباش خاننىڭ بېلىگە بىر قىلىچ ئۇرۇپلا ئۇنى ئاتتىن يىقىتتى ۋە ئۆزى ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋالدى. قىپچاق لەشكەرلىرى يەكەن لەشكەرلىرىنى سۈرۈپ - توقاي قىلدى. بىرمۇنچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە شۇنچىلىكىنى ئەسىر ئېلىپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا، قەشقەر لەشكىرىنىڭ سېپىدىن ئەنسىز چېلىنغان دۇمباق ساداسى بىلەن قەشقەر لەشكەرلىرى ئۆز سېپىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئۆز سېپىگە

www.bilnur.com

قايتىشتى. بارا ـ بارا كۈن كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشتى. ئاسمان دۈم كۆمتۈرۈلگەن قازاننىڭ قارىسىدەك قاپ ـ قاراڭغۇ بولۇپ، ئەتراپنى تۈن زۇلمىتى قاپلىدى. . .

ئەتىسى، قىپچاقلار ئاقباش خاننىڭ كاللىسىنى نەيزە ئۇچىغا سانجىپ، يەكەن لەشكەرلىرىنىڭ دەرگاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۇلھ تەلەپ قىلدى ۋە: «سىلەردىن ئەسىر ئېلىنغان ئۈچ مىڭ ئادىمىڭلارغا ئەمىر لەشكىرىمىز مىرزا جارۇپ بەگنى تېگىشكەيمىز! » دېدى. بۇ چاغدا قىپچاقلارنىڭ ئەمىر لەشكىرى مىرزا جارۇپ بەگ ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى. يەكەنلىكلەر ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى يۇيۇپ تاراپ، ياغاچ بىلەن مەھكەم قىلىپ، ئۈستىدىن لىباسلارنى كىيدۈرۈپ، بىر ئايغىر ئاتنىڭ ئۈستىگە مىندۈردى — دە، ئۆلۈكنىڭ قول ـ ئايغىنى مۇستەھكەم تېڭىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئاتنى قويۇپ بەردى. قىپچاقلارنىڭ كۆزىگە يىراقتىن جارۇب مىرزا باش كۆتۈرەلمەي بىسيار خىجالەت بىلەن كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

— مىرزا بىسيار جۇرئەتلىك ۋە شجائەتلىك كىشى ئىدى، — دېيىشتى قىپچاقلار، — ئۇ سارتلارنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشكىنىگە خىجالەت بولۇپ، باش كۆتۈرەلمەي كېلىۋېتىپتۇ! ①

قازارا، قىپچاقلارمۇ ئۆز لەۋزىدە تۇرۇشۇپ، ئەسىر چۈشكەن ئۈچ مىڭ يەكەنلىكنى قويۇپ بېرىشتى. بۇ ئەسىرلەر تېزلىك بىلەن ئۆز سېپىگە قايتىشتى. ئاتمۇ جارۇپ بەگنى ئېلىپ قىپچاقلارنىڭ سېپىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار قارىۋىدى، مىرزا جارۇپ بەگ ئالللىقاچان ئۆلگەن ئىكەن. قىپچاقلار ئاھ ـ ۋاھ دېيىشىپ، كۆپ پۇشايمانلارنى يېيىشىپ، ئارقىسىغا چېكىنىشتى. . .

---

① بۇ قىبتىمقى جەڭنىڭ تەپسىلاتى ئۇچۇن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن كىتاب بىلەن «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتابقا قارالسۇن.

www.bilnur.com

قىپچاقلارنىڭ تېزلىك بىلەن لەشكەر چېكىندۇرۇشىگە قازاق سۇلتانى ھاشىمخاننىڭ ئاقباش خانغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن ئاقسۇ تەرەپتىن لەشكەر تارتىپ قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى سەۋەبچى بولغانىدى. شۇڭا، يەكەنلىكلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «ئەلفىرارۇمىممالايۇ تاقۇمىن سۇنەنلىمۇرسەلىن»[①]

دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ دەرھال ھاشىم سۇلتاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە يەكەنگە چېكىنىپ كېلىۋالدى ۋە شەھەر قوۋۇقلىرىنى مەھكەم تاقاپ قەلئە ئىچىگە بېكىنىۋېلىشتى.

ئاقباش خان ساغان ئۇرۇشىدا بەختكە قارشى شېھىت بولغاندىن كېيىن، يەكەنلىكلەر: «ئادەم باشسىز بولسا بولمىغىنىدەك، مەملىكەتمۇ پادىشاھسىز قالسا بولمايدۇ!» دېيىشىپ، ھاشىم سۇلتاننى ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىززەت - ئىكراملارنى بەجا كەلتۈرۈشۈپ يەكەن سەلتەنىتىنىڭ تەختىگە چىقىرىشتى.

* * *

قەشقەردىكى ئاقتاغلىقلارنىڭ خانى ئەھمەد خوجىنى تەلتۆكۈس يېڭىپ، ئۆزى مۇلكىي قەشقەرىيىدە تەنھا خان بولغان قارا تاغلىقلار خاندانلىقىنى تىكلەش — دانىيال خوجىنىڭ ئەڭ زور ئارزۇسى بولۇپ قالدى. ئۆزىنى «قۇتبىل ئەقتابى كەلىمەھۇللا دانىيال ئامان خوجا» دەپ ئېلان قىلغۇزغان دانىيال خوجا پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى مۇسۇلمانلار ئالىمىگە تەنھا دىنىي رەھبەر بولۇشقا قەتئىي بەل باغلىغانىدى.

بۇ مەزگىلدە مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى

---

① «تەڭ كەلگىلى بولمىغاندا قېچىش - پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىندۇر.»

www.bilnur.com

داۋالغۇپ زادىلا تىنچىيالماي كېتىۋاتقانىدى. ئاپاق خوجىنىڭ ئەڭ يېقىن شېرىكلىرى بىرلىشىپ قەشقەردە قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارلىرىدىن مەخسۇت ئىشان قاتارلىق ئون نەچچە خوجىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلتۈردى. دانىيال خوجىمۇ يەكەندە روھانىي ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن قازاقلارنىڭ ھاشىم سۇلتان باشچىلىقىدىكى دەھرىي ھاكىمىيەتنى قىلچىمۇ كۆزگە ئىلمىدى. بۇ ھاكىمىيەت يولغا قويۇۋاتقان سابىق سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ قانۇن ـ ياساقلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئىسھاقىيە تەرىقىتىنى «بىردىنبىر، شەكسىز ئەن ـ قائىدە»، خانلىقنىڭ «دىنىي دەستۇرى»، «مۇسۇلمانچىلىقنىڭ مىزانى»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەت قىبلىنامىسى» دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۇنى دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ زورلاش كۈچى بىلەن يولغا قويۇشقا كىرىشتى. دانىيال خوجىدىن تارتىپ تاكى 1745 ـ يىلى جۇڭغار خانى غالدان سېرىن ئۆلگەنگە قەدەر يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە، قارا تاغلىقلار پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەقدىرىنى ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ بېكىنمىچىلىكى ئىچىدە، ئۇيغۇر خەلقىنى بولسا، قارا تاغلىق خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئاسارىتىدە تۇتۇپ، پەقەت بويسۇنۇشنىلا بىلىدىغان ياۋاش مۆمىنلەرگە — خۇدايى قۇللارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى. دانىيال خوجىلار ئۆزلىرى دۈچ كېلىۋاتقان خىرىسنى تۇگىتىپ، «تەرىقەت پاكلىقى» نى قوغداش ئۈچۈن، دائىم دېگۈدەك قارشى پىكىردىكىلەرنى «مۇجەددىت»، «مۇرتەد»، «ئازغۇنلار»، «مۇناپىقلار»، «ئاسىيلار»، «تۈزكورلار»، «لەنەتكەردىلەر»، «دۇئايى بەتلەر» دېگەن نام بىلەن ئەدىپىنى بېرىپ نۇرغۇن كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادى 1698 ـ يىلى دانىيال خوجا يەكەندە «ئامان خوجا» نامى بىلەن قازاق سۇلتانى ھاشىم خاننى چەتكە قېقىپ، ئۇنىڭ قولىدىن دەھرىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن پۈتكۈل

www.bilnur.com

مۇلكىي قەشقەرىيىدە سۇرگۇن قىلىنغان، ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ھەر خىل ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن «كېرەكسىز تەن» قىلىپ تاشلانغان ۋە پىچىپ تاشلانغان ئەر «داستارلار» بىلەن مۇجەددىتلەرنىڭ سانى ئوتتۇز مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن! جۇڭغارلارغا خوتۇنلۇققا سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىلگەن «چاكار چوكان» لارنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا قاتلىنىپ تۇرغان! دانىيال خوجىچىلار ھەر قايسى شەھەرلەردە «داستار سەردار» دېگەن بەتنام بىلەن كىشىلەرنى رەھىمسىز قەتلى قىلدۇردى. مەسچىت ۋە زىيارەتگاھلارنى «داستارى ئىمارەت» دەپ بۇزدۇردى. كىشىلەرنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى «ئاسىيلار مېلى» نامى بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئاقسۇ، كۇچا، بۈگۈر، يېڭىسار، كورلا، قۇمۇل، ئىلىبالىق، تۇرپان ئەسھابۇلكەئف قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى ئاقتاغلىقلار تەرىپىدىن ئەھيا قىلىنغان نۇرغۇن مەسچىت، خانىقا، تۆنەكخانا، قەدەم جاي، مازار ۋە زاراتگاھلار، مەكتەپ - مەدرىسلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «داستارلار ئىمارىتى»، «مۇجەددىتلەر بىناسى» دېيىلىپ، جارۇپكەشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يوق قىلىندى! كورلىنىڭ بوستان دېگەن يېرىدىكى «ئاپاق خوجا» مازىرى مىلادى 1703 - يىلى 4 - ئايدا دانىيال خوجىچىلار تەرىپىدىن چېقىپ تاشلاندى. بۇ مازاردىكى شەيخلەردىن ئون نەچچىسى «داستارلار» دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، كۆزلىرى ئويۇپ تاشلىنىپ، «كور بەندە» لەرگە ئايلاندۇرۇلدى!

دانىيال خوجىچىلار ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى كىشىلەرنى غەيرىي دىندىكىلەردىنمۇ يامان، دەپ قارايتتى. چۈنكى، غەيرىي دىندىكىلەر تېخى مۇسۇلمانچىلىقتىن بىخەۋەر، داستارلار بولسا مەيلى ئۇ ئۇيغۇرلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋۋال مۇسۇلمان بولغان، كېيىن «ئۇلۇغ پىر دانىيال ۋەلىيگە، خوجا ئىسھاق

www.bilnur.com

ۋەلىيۇللا نەسەبلىرىگە قول بېرىشمىگەن ۋە تەرىقەتى ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە ئاسىيلىق قىلغانلاردۇر. شۇڭا، ئۇلار غەيرىي دىندىكىلەردىنمۇ ئوسال بولغان ئەھلى ئۇممەت دەۋزىخىيلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەب ۋە نەسەب ۋەكىلى بولغان بۇ زاتى شەرىفلەرگە بەيئەت قىلمىغان ھەر قانداق كىشى داستار - مۇرتەددۇر! ئۇلارنىڭ ھەرقانداقنىنىڭ يۈزى ئىككىلا ئالەملىكى قارىدۇر! پىرلار — مۇسۇلمان ئۇممەتلىرىنى جەننەت بىلەن دوزاخقا ئايرىغۇچىلاردۇر؛ پىرلار — كەلىمە ھوللاھۇدۇر، يەنى ئاللا بىلەن بىۋاستە سۆزلەشكۈچىلەردۇر؛ پىرلار — ئاللانىڭ تىلى، ئۆزى ۋە جامالىدۇر؛ پىرلار — قىيامەت كۈنى بەندىلەرنى سوئال - سوراق قىلغۇچىلاردۇر! ئىنسان جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن پىرى دانىيالغا، پىرى ئىسھاقىيلەرگە قول بېرىشى شەرتتۇر! مۆمىنلەر پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ھارام دۇنيا، ئازغۇن ئالەم ۋەسۋەسىلىرىدىن خالىي تۇتۇپ، پۈتۈن مېھرىنى پىرى ئۇلۇغلارنىڭ ئىختىيارلىقىغا ئاتاشلىرى، ئۇلارنىڭ مۇبارەك كەلىمە - تەلىملىرىدىن ئايرىلماسلىقلىرى ۋاجىپدۇر...»①

بىراق، ئىلگىرى ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋھامپەرەستلىكىنىڭ دەردىنى تويغۇچە تارتقان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا خوجاپەرەستلىك تەسىرى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا نارازىلىقمۇ، شۈبھىمۇ شۇنچە پەيدا بولدى ۋە كۈچەيدى. يەكەن شەيخۇلئىسلامى موللا فەزلۇللا ئاخۇن بىلەن يەكەن ئەمرى مىرزا ئەلىمشاھ دەل ئەنە شۇنداق كۈچنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى ئىدى.

بىر كۈنى، يەكەن ئەمرى مىرزا ئەلىمشاھنىڭ ئۆيىدە يەكەن مەئمۇرلىرىنىڭ بىر يىغىلىشى بولدى. بۇ مەرىكىگە يەكەن شەيخۇلئىسلامى، ئەللامە موللا فەزلۇللا ئاخۇن دېگەن پازىل

① بۇ ھەقتە قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كاچۇڭ يېزىسىدا ياشىغان جەڭگىرخان خوجا تەرىپىدىن مىلادى 1891 - يىلى يېزىلغان «تەربىيەتنامە» دېگەن كىتابقا قارالسۇن.

www.bilnur.com

ئۆلىما ئادەممۇ ئىشتىراك قىلىغانىدى. سورۇندىكى بىرەيلەن ئۇنىڭدىن «كەلىمەھۇللا» غا قانداق تەبىر بېرىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، موللا فەزلۇللا ئاخۇن سورۇن ئەھلىگە بىر قارىۋېتىپ:

— كەلىمەھۇللا ئىبارىسى، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك سۈپەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. روسۇلۇللا شۇنداق دېگەنىكى: «بارچە ھەمدۇ ـ سانالار ئاللاغىلا خاستۇر. ئاللادىن مەدەت تىلەيمىز، ئاللا ئازدۇرغان ئادەمنى ئازدۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر! ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر! مۇھەممەت ئاللانىڭ بەندىسىدۇر ۋە ئەلچىسىدۇر!...»① دېمەك، مەلۇم بولدىكى، ئۆزىنى «كەلىمەھۇللا» دېگۈچى ئاللانىڭ بىرلىكىگە، روسۇلىللاغا شېرىك كەلتۈرگۈچى مۇرتەددۇر! ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا ئۇلۇغ كىتابلارنى ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا خالىغانچە بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشۈپ، مۆمىنلەرنى يولدىن چىقارماقتا!

— تەقسىر، سۆزلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق بولدى! — دېدى مىرزا ئەلىمشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ تۇرۇپ، — بۇ پوشكالچىلار قانداقمۇ روسۇلىللا بىلەن تەڭ بولالىغاي! چۈنكى، ئاللا تائالا قۇرئانى كەرىمدە: «قۇلھەل يەستەۋىللە زىننەيەئلۇ-مۇنەۋەللەزىنە لايەئلەمۇن»② دەپ بىشارەت بەرگەن! شۇڭا، پوشكالچىلارغا قولىغا قەلەندەرلىك ھاسىسىنى ئېلىپ، بېلىگە قەلەندەرلىك كاشكۇلىنى باغلاپ دىۋانىلىق قىلىشسا يارىشىدۇ! بۇ نائەھلىلەر مۇسۇلمان مۆمىنلەرنى مۇشۇنداق مەنبەسىز ئېتىقادقا

---

① «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 443 ـ بەت.
② بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى: «بىلگەنلەرگە بىلمىگەنلەر قانداقمۇ تەڭ بولالايدۇ؟ دانا بىلەن نادان تەڭ بولالماس!»

www.bilnur.com

دالالەت قىلىپ، نادانلىقتا، جاھالەتكە پاتقان بىر توپ بىچارىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى، شۇڭا ئۇلارنى «پوقىنى كۆمگەن مۇشۇك» كە ئوخشاش ساختىپەزلەر دېيىش كېرەك!

— پوقىنى كۆمگەن مۇشۇك قانداق ساختىپەزلىك قىلغان ئىكەن؟

— بىر مۇشۇك بار ئىكەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ، — ئۇ دائىم چاشقانلارغا: «مەن ھەرقانداق ئېگىز يەرگە يامىشىپ قېچىپ كېتەلەيمەن، سەكرەشتىمۇ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغىنى يوق» دەپ ماختىنىدىكەن. چاشقانلار مۇشۇكنىڭ بۇنداق ماھارىتىگە ھەۋەس قىلىشىدىكەن. بىر كۈنى، چاشقانلار: «بىز مۇشۇكنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن سەكرەشنى، ئېگىزگە يامىشىپ چىقىشنى ئۆگەنسەك بولماسمۇ؟ ئۇنداق بولغاندا، ئېگىز ئاسقۇدىكى گۆشلەرنىمۇ قىينالمايلا يېيەلەيمىز!» دېيىشىپتۇ. ئاخىر چاشقانلار بۇ تەلىپىنى مۇشۇككە ئېيتىپتۇ.

مۇشۇك: «تەلىپىم كەپتۇ» دەپ ئويلاپ بەكمۇ خۇشال بولۇپتۇ ۋە چاشقانلارغا قاراپ ناھايىتى سەمىمىي، مۇلايىم قىياپەتتە:

— بولىدۇ، بولىدۇ! مەن ئۆزۈمدىكى بۇ ماھارەتنى سىلەرگە ئۆگىتىپ قويۇشنى بەكمۇ خالايمەن. بىراق، بىر شەرت بار. مەن ھەر كۈنى بىر قېتىمدىنلا ئۆگىتىمەن، ھەممىڭلا ئۆز ۋاقتىدا كېلىسەڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ. چاشقانلار چوقۇم ۋاقتىدا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇستازنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىردەك ۋەدە بېرىشىپتۇ.

— خۇش، ئۇنداق بولسا بۈگۈن سىلەرگە تىزىلىپ مېنىڭ كەينىمدىن يۈگۈرۈڭلار. مەن ئاستا يۈگۈرسەم سىلەرمۇ ئاستا يۈگۈرسىلەر، تېز يۈگۈرسەم، سىلەرمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالماي تېز يۈگۈرسىلەر. بىر ئورۇندا تۇرۇپ پىرقىرىسام، سىلەرمۇ

www.bilnur.com

پىرقىرايسىلەر. ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق! — دېيىشىپتۇ چاشقانلار.

شۇنىڭ بىلەن يۇگۇرۇش باشلىنىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن مۇشۇك ئۇلارنى توختىتىپ:

— ئەمدى پىرقىراپ يۇگۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدىڭلار. مەن يۇگۇرمەي ئوتتۇردا تۇرىمەن، سىلەر ئەتراپىمنى چۆرىدەپ يۇگۇرۇڭلار. قۇيرۇقىمنى ئاستا شىپاڭلاتسام ئاستا يۇگۇرۇڭلار. تېز شىپاڭلاتسام تېز يۇگۇرۇڭلار، — دەپتۇ. چاشقانلار پىرقىراپ يۇگۇرۇشكە باشلاپتۇ. مۇشۇك قۇيرۇقىنى تېز شىپاڭلىتىپتۇ. چاشقانلار پىرقىراۋېرىپ چارچاپ كېتىپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى يۇگۇرۇۋاتىسىلەر، توختىماي يۇگۇرۇڭلار! — مۇشۇك شۇنداق دەپ ئارقىدا قالغان ئىككى چاشقاننى كاپپىدە تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يەنە چاشقاندىن ئۈچنى يەۋېتىپ:

— بولدى توختاڭلار، ئەتە سىلەرگە يۇقىرىغا يامىشىشنى ئۆگىتىمەن! — دەپتۇ. چاشقانلار قايتىپ كېتىپ ئارام ئاپتۇ. ئەتىسى يەنە كەپتۇ، ئۆگىنىمۇ كەپتۇ. مۇشۇك ھەر كۈنى چاشقاندىن بەش - ئالتىنى يەپ تۇرۇپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن چاشقانلارنىڭ يېرىمى قاپتۇ.

— بۇرادەرلەر، — دەپتۇ بىر قېرى چاشقان ھەمراھلىرىغا قاراپ، — ئۆگىنىشنى باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە بىز ناھايىتى كۆپ ئىدۇق. بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىمىز. بۇ يەردە بىر چاتاق بار جۇمۇ! باياتىن ئۇستازىمىز تەرەت قىلغان يەرگە بېرىپ قاراپ باقسام، ئەھۋال باشقىچە، ئۇنىڭ پوقى ئارىسىدا چاشقانلارنىڭ تۈكى تۇرىدۇ. ئۆگىنىشنى ئاستا يىغىشتۇرۇپ قويساقمىكىن.

مۇشۇك بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ تەرەت قىلىپ بولۇپلا پوقىنى كۆمۈۋېتىدىغان بوپتۇ. چاشقانلارمۇ

www.bilnur.com

ئۆگىنىشكە كەلمەيدىغان بوپتۇ...

— دېمەك، بۇ بەتبەخت سوپى ـ ئىشانلارمۇ، — دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ، — دەل ئاشۇ پوقىنى كۆمگەن ياۋۇز مۇشۇكتەك ئەۋھامچى ئالدامچىلاردۇر، خەلقىمىزنىڭ يىگىرمە يىلدىن بۇيانقى قىسمەتلىرى بىزگە دەل ئاشۇ نادان چاشقانلار دۇچ كەلگەن قىسمەتنى ئەسلەتمەمدۇ؟

— ...

ئادەتتە، كىشىلەر ماختاشنى ئەمەس، غەيۋەت ـ شىكايەتنى تېز يەتكۈزۈشىدۇ. چۈنكى، غەيۋەت ـ شىكايەتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما نىشانغا تېز يېتىپ بېرىپ ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ!

ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھنىڭ ئۆيىدە بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرمۇ دانىيال خوجىنىڭ قۇلىقىغا تېز يېتىپ باردى. ئۇ يەكەن تەختىنى قازاق ھاشىم سۇلتاندىن تارتىۋېلىشتا ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ناھايىتى زور توساق ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدى.

* * *

بىر كۈنى، ھاشىم سۇلتان ئاقسارايدىكى شاھنىشىندا دانىيال خوجا بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىدى. خوجا ـ ئىشانلار ۋە ئەمىر ساھىب، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارمۇ مەجلىس ئەتراپىدا ھەلقە قۇرغان ھالدا ئولتۇرۇشقانىدى. دانىيال خوجا بوۋىسى ئىسھاق ۋەلىيۇللا خوجا ئىشانىنىڭ خۇلق ـ خىسلەتلىرىنى بىر ھازاغىچە تەرىپ ـ تەسنىپ قىلىپ زادىلا ئاغزى بېسىقمىدى. ئۇ سۆز ئارىلىقىدا ھاشىم سۇلتانغا:

— كۆپ كىشىلەر كۆڭلۈم گۆھىرىنى كەمسىتىپ ئەيىبلەشتى — دېدى ئۇ تولىمۇ مەيۇسلۇك بىلەن، —

www.bilnur.com

پاراكەندىچىلىك تىرنىقىدا خاتىرەم باغرىنى زېدە قىلىپ، تىل شورىدىن تەنە تۇزلىرىنى سەپتى. مېنىڭغۇ سەلتەنەتتىن قىلچىمۇ تەمەيىم يوق. شۇنداق بولسىمۇ بەزىلەر مېنى سەلتەنەتكە خىرىس قىلدى، دەپ ئەيىبلىشىپتۇدەك.

قازاق خانى هاشىم سۇلتانمۇ يەكەن سەلتەنىتىنىڭ ئۆزىگە باقىۋەندە ئەمەسلىكىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ سەلتەنەتنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، يەكەن دىيارىدا، ياق پۈتكۈل مۇلكىي قەشقەرىيە هۇدۇتلۇقىدا دەھرىي هاكىمىيەتكە خىرىس قىلىۋاتقان قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ تەسىر كۆچىگە تايانماي بولمايتتى. ئۇ دانىيال خوجىنىڭ مۇشۇ تاپتا كىمگە دارتىملاۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن:

— بۇ دۇنيانىڭ راھىتى چاقماقنىڭ يورۇقىدەك ئۇراقسىزدۇر، — دېدى نەسھەت قىلغان ئاهاڭدا، — دۇنيانىڭ قايغۇ - مۇشەققەتلىرىمۇ ئاسماننى قاپلىغان قارا بۇلۇتتەك ئۇراقسىزدۇر. شۇڭا، بۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغەتلىرىگە بېرىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلپەتلىشىشكە مەپتۇن بولۇپ كېتىشكە بولمايدۇ! ئەركانى دۆلەتلەر — مەملىكەتنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. خوجىلار سەلتەنىتىنىڭ ئاتالىقىدۇر. شۇڭا، ھەممەيلەننىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقلىقى مەملىكەتنىڭ ئاسايىشلىق تاپالىشىنىڭ كاپالىتىدۇر! كېلىڭلار، ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ كۆمەكلىشەيلۇق - تە، دۈشمەنلىرىمىز داغدا قالسۇن!

دانىيال خوجا بۇ چاغدا بويۇن تولغاپ تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئاخىر ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلتانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئى سۇلتان ئالىيلىرى، سىلىنىڭ نىيەت - ئىقباللىرى ياخشى بولسىمۇ ئەمما گۇمان قىلىمەنكى، بۇ ياخشى مۇددىئالىرى

www.bilnur.com

ئۆزلىرىگە رەنجۇ ـ بالادىن باشقا نەرسىنى كەلتۈرۈپ بەرمەس! سەلتەنەت بىلەن تەرىقەت ئوتتۇرىسىدا باغلانغان رىشتە مۇستەھكەم بولماس. چۈنكى، سۇ بىلەن ئوتنىڭ ئۆزئارا ئۈلپەت بولغىنى قاچان ھاسىل بولغان؟!

— . . .

ھاشىم سۇلتان ھۇزۇرىدىكى سۆھبەت مانا مۇشۇنداق نەتىجىسىز ئاياغلاشتى.

* * *

غالدان بوشوكتوخان ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغارلارغا خان بولغان سېۋان ئارابدان خاقانىي چىن قوشۇنلىرىنىڭ جۇڭغارىيىنى ئىستېلا قىلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئۇرۇشلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغانلىقتىن، مۇلكىي قەشقەرىيىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىسى تەگمىدى. يەكەننى مەركەز قىلغان قارا تاغلىقلار بىلەن قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ ماجىرالىرى جۇڭغارلار ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ ھەر ئىككى تەرەپ تىركىشىپ قالغانلىقتىن، يەكەن سەلتەنىتى بىلەن قەشقەر ھاكىمىيىتى مۇلكىي قەشقەرىيىدىن ھەر يىلى جۇڭغارىيىگە تۆلىنىدىغان يۈز مىڭ سەر كۈمۈش، مىڭ تۆگىلىك ھەر خىل ئەتىۋارلىق بۇيۇملار، توققۇز يۈز غالچا چوكان، توققۇز يۈز غالچا يىگىت قاتارلىق زور ئولپان ـ سېلىقنى تۆلەشنى خالىمىدى. بۇ جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزدى.

قەشقەر خانى ئەھمەد خوجا مۇستەقىللىق خاھىشى كۈچلۈك، «سىياسىي ھىيلە ـ مىكىرگە ئۇستا، كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە قارىتىشقا ماھىر بولغاچقا، قەشقەرنىڭ شەرقىگە جايلاشقان

www.bilnur.com

ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردىكى چەنتۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ كېتىشتى. ئەھمەد خوجىدا جۇڭغارلاردىن يۈز ئۆرۈپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش نىيىتى تەدرىجىي كۈچەيدى. جۇڭغارىيە خانىمۇ ئۇنىڭ غەرىزىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى سەزدى.»[①]

مىلادى 1703 - يىلى (قوي يىلى) كۈزدە، دانىيال خوجا قارا تاغلىق مۇرىتلىرىنى باشلاپ قەشقەردىكى ئاقتاغلىق «مۇرتەد» لەر ئۈستىدىن غازات ئۇرۇشى قوزغىدى. بۇ ئۇرۇش گاھ پارتلاپ، گاھ پەسىيىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئالتە يەتتە يىل داۋام قىلدى. مىلادى 1710 - يىلى (يولۋاس يىلى) يۈز بەرگەن هاراب[②] ئۇرۇشىدا دانىيال خوجا مەغلۇپ بولۇپ، ئاقتاغلىقلار تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىندى. ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن قەشقەر خانى ئەھمەد خوجا ئاقتاغلىق مۇرىتلىرىنى باشلاپ يەكەندىكى قارا تاغلىق «مورتەد» لەر ئۈستىدىن قايتۇرما غازات قىلدى. ھاشىم سۇلتان ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، ئاخىر جۇڭغار خانى سېۋان ئارابداندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. مۇلكىي قەشقەرىيىنى يېڭىۋاشتىن ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش شەرت - شارائىتىنىڭ رەسمىي پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن سېۋان ئارابدان دەرھال مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئەسكەر چىقاردى.

مىلادى 1713 - يىلى (چاشقان يىلى) قەمەرىيە 4 - ئايدا، سېۋان ئارابدان ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق جۇڭغارنى باشلاپ مۇزداۋان ئارقىلىق مۇلكىي قەشقەرىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ قەشقەرنى قاتمۇ قات قورشىۋالدى. بىرنەچچە كۈنلۈك كەسكىن سوقۇشۇشتىن كېيىن قەشقەر قەلئەسى جۇڭغارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. جۇڭغارلار ئەھمەد خاننى ئەسىر ئېلىپ،

---

① جۇنيۇەن جىشىيى: «يۇرتتا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم».
② قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر جاينىڭ نامى. ھازىرمۇ هاراب دەپ ئاتىلىدۇ.

www.bilnur.com

قەشقەردىكى ئاقسارايغا نەزەربەند قىلدى ۋە بۇ يەرگە نەزەربەند قىلىنغان دانىيال خوجىنى سولاقتىن بوشاتتى.

سېۋان ئارابدان قەشقەرگە چوخلە قاشقە دېگەن بىر ئادىمىنى «ئېركە خان»[①] قىلىپ، بىر بۆلۈك جۇڭغار لەشكەرلىرىنى قالدۇرغاندىن كېيىن دانىيال خوجىنى ئېلىپ يەكەنگە يۈرۈش قىلدى ۋە يەكەننى ئاقتاغلىقلارنىڭ قورشاۋىدىن بوشاتتى. شۇنداق قىلىپ مۇلكىي قەشقەرىيە جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىككىنچى قېتىم بېسىۋېلىندى.

* * *

جۇڭغارلار مۇلكىي قەشقەرىيىنى تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن قورچاق ئالماشتۇرۇش قارارىغا كېلىپ، ئەھمەد خوجا باشلىق ئاتمىشتەك ئاقتاغلىق خوجىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

بۇ چاغدا، دانىيال خوجا:

— سىلىگە ئول مۇسۇلمان دىيارى كېرەك بولسا، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى، — خوجىلارنى زىنھار ئۆلتۈرمەڭىز. مۇبادا، بۇ خوجىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرسىڭىز، مۇسۇلمانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇرسىز. ئۇلارنىڭ ئەھلى ئايالى، پەرزەنتلىرى سىزلەر بىلەن ئۆچەكىشىپ پىچاقلىشىپ، قوچاقلىشىپ ئۆلۈر![②]

— ئۇنداق بولسا، سىنىڭچە قانداق قىلسام، بۇ خوجىلار ھەم بىزگە ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنىدىغان ھەم بىز ئۈچۈن تېنىم تاپماي ئىشلەيدىغان بولۇر؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن، بۇ سۆزنى ماقۇل تاپقان سېۋان ئارابدان.

---

① ئېركەخان — ۋالى، گوبېرناتور.
② مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى، 69 -، 70 - بەتلەر.

www.bilnur.com

— بۇ خوجىلارنى تۇرغاق قىلىپ ئېرەن قابۇرغىدا ئۆز يېنىڭىزدا تۇتقايسىز! بۇ خۇددى قانجۇقنى تۇتۇۋېلىپ باغلاپ قويسا، كۈچۈكلىرى قېچىپ كېتەلمىگەندەك بىر ئىش. شۇڭا، بۇ خوجىزادىلەرنى غەليان كۆتۈرمىسۇن دېسىڭىز، «ئاتىسىنى تۇتۇۋېلىپ، بالىسىنى باشقۇرۇش» ياكى «بالىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاتىسىنى باشقۇرۇش» چارىسى بىلەن باشقۇرماق لازىمدۇر! — دېدى دانىيال خوجا مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ.

سېۋان ئارابدانمۇ جۇڭغارلارنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىنى باشقۇرۇشتا ئىلگىرىدىن تارتىپ يولغا قويۇپ كەلگەن بىر قاتار ئىستېلاچىلىق چارىلىرىنىڭ ئەمدى كونىراپ كارغا كەلمەس بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ دانىيال خوجا كۆرسەتكەن بۇ چارىنىڭ كارغا كېلىدىغان ئۈنۈملۈك چارە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى — دە، بۇنىڭدىن كېيىن مۇلكىي قەشقەرىيىدە «مەڭگۈ چاتاق چىقماسلىق» قا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەسلىدىكى بىر يۈرۈش باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

مىلادى 1716 ـ يىلى (مايمۇن يىلى) ئەتىيازدا سېۋان ئارابدان پەرمان ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيە ھۆددۈتلۈقىنى مەمۇرىي جەھەتتىن ئالتە چوڭ ئۆلكە (شەھەر)، 12 شەھەر، 16 ئايماق ۋە 16 مىڭ كەنت (يېزا) كە ئايرىدى. بۇ ئالتە ئۆلكە (شەھەرنىڭ) نىڭ ھەربىرىگە ئۆزىنىڭ شاھزادىلىرىدىن بىردىن كىشىنى نايىب ئىركە خان قىلىپ تەيىنلىدى؛ 13 شەھەرگە ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن بولغان 13 جۇڭغارنى خان ئامبال قىلىپ بەلگىلىدى؛ 16 ئايماققا بىردىن جۇڭغار تۆرىسىنى مىڭئان قىلىپ ئەۋەتتى؛ مۇھىم يول ئاغزى بولغان ئاقسۇ بىلەن يەكەندە بىردىن جۇڭغارىيە ئىشغالىيەتچى قوشۇننى باسقاق قىلىپ تۇرغۇزدى. بۇ جۇڭغارلارنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىنى بىۋاستە ئۆز قولىدا تۇتۇپ ئىدارە قىلىشىنىڭ

www.bilnur.com

باشلىنىشى ئىدى.

بۇ ئالتە ئۆلكە (شەھەر) — خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچ (ئۇچتۇرپان)، كۇچا قاتارلىق ئالتە شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مانا بۇ «ئالتە شەھەر» ئاتالغۇسىنىڭ تارىختا تۇنجى قېتىم پەيدا بولۇش جەريانىدۇر؛ بۇ 13 شەھەر ـ كىرىيە، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق، يېڭىسار، پەيزاۋات، مارالبېشى، ئاتۇش، چەرچەن، سايرام، بۇگۇر، كورلا ۋە قارا شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.①

سېۋان ئارابدان جۇڭغارلارنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئىشغالىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مانا مۇشۇنداق ئۆزگەرتىپ چىققاندىن كېيىن جۇڭغارلار ئۇيغۇر خەلقىنى تېخىمۇ بىۋاستە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلالايدىغان بولدى. ئۆكۈز تېخىمۇ ئورۇقلىدى. ياغاچ بويۇنتۇرۇق تۆمۈر بويۇنتۇرۇققا ئالماشتى! كەڭ ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىگىلىكى تېخىمۇ خارابلاشتى، خەلق كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى...

* * *

دانىيال خوجا جۇڭغارلارنىڭ ياردىمىدە مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى روھانىي ھاكىمىيەت بىلەن دەھرىي ھاكىمىيەتنى ئىككىنچى قېتىم تەنھا ئىگىلىگەندىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك «توۋا قىلىش» ھەرىكىتىنى قوزغاپ، داستارلار بىلەن ئۆزىگە قارشى پىكىردىكىلەرنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقاتماقچى بولدى. ئۇ «قۇتبىل ئەقتابى كەلىمەھۇللاغا قول بەرمىگەن، بەيئەت

① «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە بۇ ئالتە شەھەر — «يەكەن، خوتەن، يېڭىسار، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا» دېيىلگەن، 13 شەھەر — «كىرىيە، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق، پەيزاۋات، مارالبېشى، ئاتۇش چەرچەن، باي، بۇگۇر، كورلا ۋە ئۇچ، سايرام» دېيىلگەن.

www.bilnur.com

قىلمىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىككىلا ئالەملىكى قارادۇر!»
دەپ ئېلان قىلدى.

بىر كۈنى دانىيال خوجىنىڭ ئاقسارايدىكى قۇتبىخانىسىدا دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ پىرغا قول بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ مۇراسىمنى دانىيال خوجا باشقۇردى.

— ئاللا تائالا مەملىكەتدارلىق نىزامى ۋە ئادەمىي ئىنتىزامنى ئەدلۇ - ئادالەت قائىدىلىرىگە مۇناسىپ تۇرغۇزۇپ بەرپا قىلغاندۇر، — دېدى ئۇ، — «ئۇرۇنباسار (خەلىپە) يارىتىش» تەقەززاسى بىلەن بىزكىم زۇبدەئىي ئەۋلات، ئىنىنەھۇ سەييىدىل رەشىدىل كامىلەيىل رازىيەيىن ۋە ئىنىنەھۇ ئەزىزان قۇتبىل ئەقتاب قەددىسە سىررەھۇدەك نامدارلار ۋە ئىقتىدارلىق بەختىيارلارنى دارىلخىلاپەت ۋە پادىشاھلىق تەختىگە ئورۇنلاشتۇردى!...

— ھەيھات، ھەيھات! — دەپ تەئەددى قىلدى ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ زادىلا تاقەت قىلالماي، — «ئورۇنباسار خەلىپە» لىق سۆپىتى قۇرئان كەرىمدە نازىل قىلىنىشىچە، مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللەھى ئەلەيھى ۋەسسەللەمگىلا خاس سۆپەتلەرنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن، «سۈرە ئەنئام» دىكى 165 - ئايەت، «سۈرە يۇنۇس» تىكى 14 - ۋە 73 - ئايەتلەردە روسۇلىللانىڭ بۇ سۆپەتلىرى قايتا- قايتا نازىل قىلىنغاندۇر!...

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى تېخى تۈگۈمەي تۇراتتى، دانىيال خوجا دەرغەزەپ بولۇپ:

— تۇتۇڭلار بۇ تەختى ئوغرىسىنى! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. تامىنىڭ كەينىدە ئالدىن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقان سوپى جاللاتلار دەۋرەپ كېلىشىپلا ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھنى تۇتۇپ چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ تاشلىدى.

— ئاسمان - زېمىننى ياراتقان خۇداغا قەسەمكى، — دەپ قەھر قىلدى دانىيال خوجا قول شىلتىپ تۇرۇپ، — مەن بۇ

www.bilnur.com

سەلتەنەتنى قالماق خوجامنىڭ شاپائىتى بىلەن قايتا ئاران قولغا كەلتۈردۇم! ئەلھال، ئۇنى ئەمدى ھەرگىزمۇ قولۇمدىن چىقارماسمەن! گۆرۈمگە ئاپتاپ چۈشكىنى — ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىگە ئاپتاپ چۈشكىنىدىن ياخشىراقتۇر! — دېدى — دە، جاللات سوپىلارغا:

— بۇ تەخت ئوغرىسىنى ئالتۇنلۇق مۇنارىغا ئېلىپ چىقىپ يەرگە تاشلاڭلار. يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە گۆشى پوستىدىن ئايرىلسۇن، ئۇستىخانلىرى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتسۇن! — دەپ پەرمان قىلدى.

ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن پۈتۈن قۇتبىخانا لەرزىگە كېلىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئى مۇرتەد! — دېدى دانىيال خوجا، — بۇرنىڭغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرسىمۇ، يەنە كۈلىسەنغۇ؟ بۇ كۈلۈشىڭ نېمىدىندۇر؟

— ئەي دانىيال خوجا، بىز ئىككىمىزنىڭ مۇشۇ تاپتىكى ھالىمىزنىڭ تايغان بىلەن بۇغىنىڭ ھالىغا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۈلمەكتىمەن! قۇلاق سال! مەن بۇنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي! — دېدى مەردانىلىق بىلەن ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ.

— ئاڭلاپ باقاي قېنى، نېمە دەيدىكەنسەنكىن؟ — دېدى دانىيال خوجا جاللادلارغا قول ئىشارىتى قىلىپ.

— بىر ئوۋچىنىڭ ئىككى تايغىنى بار ئىكەن، — دەپ سۆزنى باشلىدى ئەمىر مىرزا ئەلمشاھ، - ئوۋچى تايغانلىرىنى بۇغىغا سېلىپتۇ. بىراق ئوۋچىنىڭ ئىككى تايغىنى بۇغىلارنى يېرىم كۈنگىچە قوغلاپ زادىلا يېتەلمەپتۇ. بىر چاغدا تايغانلارنىڭ بىرى:

— ھەي بۇغىلار، بىزمۇ ئۆلگۈدەك ھاردۇق، سىلەرنىڭمۇ ماغدۇرۇڭلار قالمىدى. توختاڭلار، سىلەردىن سورايدىغان بىر سۇئالىمىز بار، دەپتۇ. بۇغىلار توختاپ:

www.bilnur.com

— قىنى سورا! - دەپ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشىپتۇ.

— يۈگۈرۈشكە كەلگەندە بىزدىن ئۆتىدىغان يۈگۈرۈك ھايۋان يوق ئىدى. ئەجەب، بۈگۈن سىلەرگە زادىلا يېتەلمىدۇققۇ؟ بۇنىڭ سىرى نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ بايىقى تايغان.

بۆغىلارنىڭ بىرى كۈلۈپ قويۇپ، جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، بىز ئۆز ھاياتىمىزنى، بالىلىرىمىزنى، جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۈگۈردۇق ھەم يۈگۈرىمىز. سىلەر بولساڭلار ئۇۋچىنىڭ بەرگەن ئەسكى تەڭنىسىدىكى يۇندا - چايقاندا ۋە كۈلدە - كۆمەچلىرى ئۈچۈن يۈگۈردىڭلار ھەم يۈگۈرىسىلەر، سىر ئەنە شۇ يەردە!

— . . .

ئىزاچىلىقتىن رەللە بولغان دانىيال خوجا سوپى جاللاتلىرىغا زەردە بىلەن قولىنى شىلتىدى. سوپىلار ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھنى مۇناردىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

قۇتبىخانىدىكىلەرنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى. ئۇلار ۋەھىمە ئىچىدە توۋا قىلىشىپ، ھەممىسى دانىيال خوجىغا قول بېرىشتى. . . -

*   *   *

ئەمىر مىرزا ئەلىمشاھ شىجائەتلىك، ئەركسۆيەر، خەلقپەرۋەر، ساھىبقىران، خۇشخۇي، ھاتەمدەك سېخىي - قولى ئوچۇق باھادىر كىشى ئىدى. ئۇ ئەمىر ھەيدەر دوغلاتنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، خۇددى بوۋىسى ھەيدەر بەگدەكلا مەرد، دىلاۋەر، خۇداگۇي، بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا

www.bilnur.com

هەزرەت شەيخ نىزامىنىڭ، خىسراۋنىڭ خەمسەلىرىنى، شاھنامىلەرنى ۋە ھەر خىل تۈركىي تىلدىكى ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇغان بولغاچقا، ئىلىمگە تولغان كاتتا ئەللامە ئىدى. ئۇ دانىيال خوجا تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندا 56 ياشتا ئىدى.

* * *

كونىلار: «ئىنەكنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن غۇنجىۋىنىڭ بېشىغىمۇ كەپتۇ» دېگەن ئىكەن. قەشقەر خوجىلىرىنى مۈلكىي قەشقەرىيىدە داۋاملىق تەنھا قالدۇرۇپ قويسا ۋەقە تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن سېۋان ئارابدان مىلادى 1716 ـ يىلى قىشتا يەكەندىن دانىيال خان خوجىنى، قەشقەردىن ئەھمەدخان خوجىنى ۋە بۇ ئىككى خان خوجىنىڭ جەددى ـ جەمەتىدىن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق خوجا ـ ئىشاننى تۇتۇپ ئىلىبالىققا تۇرغاقلىققا ھەيدەپ كەتتى. تاكى مىلادى 1727 ـ يىلى ( قوي يىلى) سېۋان ئارابدان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى غالدان سېرىن جۇڭغار خانى بولغانغا قەدەر، بۇ ئەبگا قەشقەر خوجىلىرى ئىلىبالىقتا نەزەربەندلىكتە — مىرزا قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇلدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، مۈلكىي قەشقەرىيىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغارىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىستىبداتىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى پارتلىدى. جۇڭغارىيە ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۈنۈملۈك باستۇرۇش ئۈچۈن دانىيال خوجىنى تۇرغاقلىقتىن ئازاد قىلىپ، مۈلكىي قەشقەرىيىگە «خان» قىلىپ ئەۋەتتى. دانىيال خوجا تاكى مىلادى 1735 ـ يىلى (توشقان يىلى) يەتمىش يېشىدا

www.bilnur.com

يەكەندە ئۆلگەنگە قەدەر، مۇلكىي قەشقەرىيــــدە قورچاق خان بولۇپ، خوجىسى جۇڭغارلارغا كەتمەن چاپتى. . .

نەزمە

ۋاپا لاپىن ئۇرغان دوست دۇشمەن بولدى،
ھەر پاكىز ئىنسان چىرىك - تۆۋەن بولدى.
«كېچە — ھامىلىدار» دېگەن گەپقۇ بار،
ئەجەب، بىر مەرد كۆرمەي ئۇ كىمدىن بولدى؟

— ھافىز شىرازى

مىلادى 1998 - يىل 8 - ئاي قەشقەر.
مىلادى 1999 - يىل 9 - ئاي ئۇرۇمچى.

www.bilnur.com
少数民族语言文学文献信息资料中心
S0018565

图书在版编目(C I P)数据

阿帕克和卓:维吾尔文/阿布都魏力·艾力著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社.2000.4
ISBN 7—228—05691—4

Ⅰ.阿… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代 —维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. 1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000) 第 06481 号

中央民族学院
少数民族语言文学系
资料室

**阿帕克和卓**(1,2)

(长篇小说)

阿布都魏力·艾力 著

*

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行 乌鲁木齐市第十四中学印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 19.375 印张
2000 年 4 月第 1 版 2000 年 4 月第 1 次 印刷
印数:1 —— 5000

ISBN7—228—05691—4/I·2097 (民文)定价:28.00 元(全两册)